# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى ـ 1979

تۈزگۈچى: ئابلىمىت سادىق

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقاتتى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2- باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1979 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1979 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M 10098.301
باھاسى: 0.64 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. ئۇ، ئەسىرلەر داۋامىدا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىپ، تولۇقلىنىپ، خەلقنىڭ پۈتمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان.

چۆچەكلەر ئۆزىنىڭ تېمىسىنىڭ رەڭمۇ-رەڭلىكى، يارىتىلغان تىپلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، رېئال تۇرمۇشتىن ئېلىنغانلىقى، تىلىنىڭ راۋان-ئاممىباپلىقى، گۈزەل ۋە ئاجايىپ پانتازىيەسى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. شۇنداقلا، چۆچەكلەردە ئەمگەكچى خەلقنىڭ يۈكسەك-ئەقىل پاراسىتى، كۈچ-قۇۋۋىتى، گۈزەل غايىسى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىتۋارلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ زالىملىقى، رەزىللىكى، مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئېچىپ تاشلىنىدۇ. مانا بۇ خۇسۇسىيەتلەر چۆچەكلەرنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبىدۇ.

چۆچەكلەرنى توپلاش ۋە رەتلەش زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئىش. ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ تارىخى، ئۆرپ-ئادىتى، تىلىنى ئۆگىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ، ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئۇزاق تارىخقا

ئىگە. 11 ـ ئەسىردىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناسى مەخمۇت قەشقىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۇسۇپ خاس هاجىپلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتاتقۇبىلىك» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىگە خەلق چۆچەكلىرىنى كىرگۈزگەن.

چۆچەكلەرنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشى پەقەت ئازاتلىقتىن كېيىنلا، زور ئېتىۋار بىلەن قولغا ئېلىندى. لېكىن، بۇ خىزمەت كېيىنكى يىللاردا لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىدى، هازىر بۇ خىزمەتنى قايتا قولغا ئېلىشقا ئوبدان ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

قولىمىزدىكى بۇ توپلامغا ئازاتلىقتىن كېيىن ژۇرناللاردا ۋە توپلاملاردا ئېلان قىلىنغان چۆچەكلەردىن بىر قىسمى كىرگۈزۈلدى. توپلامغا كىرمەي قالغان يەنە نۇرغۇن چۆچەكلەر بار. بۇنى داۋاملىق ئىشلەشكە، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

توپلامدا يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ هەقتە كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى كۈتىمەن، شۇنداقلا، بۇ توپلامنى ئىشلەش جەريانىدا يېقىندىن ياردەمدە بولغان يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

1979 ـ يىل ذ ـ ئاي

## مۇندەرىجە

ياغاچ ئات ........................ 1
ئالتۇن كەش ........................ 28
ئۆژمە سايىسى ........................ 57
تەدبىرلىك پادىشا ........................ 68
ياماقچى بىلەن پادىشا ........................ 87
گۇل تاجىغا نىمە قىلدى؟ ........................ 98
دانىشمەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ........................ 113
ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان ........................ 126
توغرا هوكۇم ........................ 138
گوموش شازادە بىلەن چىچەن قىز ........................ 145
گوهەر تۇغىدىغان توخۇ ........................ 149
ياماچچى بىلەن بوياقچى ........................ 162
ئەقىللىق ئادەم ........................ 167
ئەقىللىق قىز ........................ 172
ئۈر توقماق ........................ 175
قاينا چوگۈن ........................ 184
خاسىيەتلىك تاش ........................ 188
ئۈچ ۋەسىيەت ........................ 196
ئۈچ ئوغۇل ........................ 200

باغۋەن بوۋاي ........ 203
پادىشا بىلەن قىزىقچى ........ 205
ئالتۇنچى بوۋاي ........ 208
كارىزدىكى بودۇنە ........ 212
يالتايىغاق بوۋاي ........ 215
باي بىلەن چاكار ........ 218
ئىككى باي ........ 220
زېرەك بىلەن زېرىككەك ........ 224
كاۋ بىلەن جاھىل ........ 231
"بىلىمەن" ........ 234
كاللەك ئالتۇن ........ 237
ئۈچ ئەخمەق ........ 239
"توخۇنى يولدا چىللىتارمەن" ........ 245
ئەينەك ........ 248
شىتىلە بىلەن پىتىلە ........ 256
مىس قازان ........ 261
بارىكاللا ........ 266
سالام ئېيت ........ 269
چېچەن قىز ........ 272
ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ؟ ........ 274
پادىشا بىلەن چۇمۇلە ........ 276
ئۈشتىگەرنىڭ چارىسى ........ 278
"تىرىڭ ـ تىرىڭ" كىم ئۇيغاق؟ ........ 288
ئادەم قالدىمۇ، ھايۋانمۇ؟ ........ 296

قازان تۈۋى ........................................ 301
بوزچى يىگىتنىڭ باتۇر ئاتلىق قىلىشى.............................. 305
ئۇلاي بىلەن قاغا ........................................ 310
باتۇر ئۇشكە ........................................ 315
قورقاق........................................ 324
"تاۋۇس ئەللەيىن" ........................................ 334
كەكلىكلەر ........................................ 340
تۈلكىنىڭ تەقسىماتى........................................ 344
يولۋاس بىلەن توشقان ........................................ 345
پاقا بىلەن چاشقان........................................ 348

# ياغاچ ئات

قەدىمقى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولغان ئىكەن. ئۇلار بىر-بىرسىنى تەگستمەي دائىم بەسلىشىدىكەن. بىر كۈنى ئىككىسى مۇشۇ توغرىلىق تالىشىپ قىزىرىشىپ قاپتۇ. ياغاچچى دەپتۇ:

— مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭكىدىن ئارتۇق.

تۆمۈرچى دەپتۇ:

— مېنىڭ ھۈنىرىمۇ سېنىڭكىدىن ئارتۇق.

زادى كىمنىڭ ئارتۇق؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىسى بىر كۈن تالاش-تارتىش قىلىپ، ئاخىرى پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ھە، نىمىگە كەلدىڭلار؟ نىمە جاڭجال بۇ؟ - دەپ سوراپتۇ پادىشا.

ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچى ئۆزلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن تاكاللىشىپ قالغانلىغىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پادىشا بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

— مەن تېخى سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە سىلەر ماڭا بىرەر ھۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، - دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىگە تۇتۇش قىپتۇ، ئۇلار ھېچقاچان ئىشلىتىپ كۆرمە-

قېلىپ، خوشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، تومۇرچىنى ھەدەپ ماختاپتۇ. تومۇرچى كۆلنى بىر ئايلىنىپ سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشا خوشاللىقىدا تومۇرچىگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ.

ياغاچچىنىڭ ياساپ كەلگىنى قاناتلىق بىر ياغاچ ئات ئىكەن. بۇنىڭ خىسلىتىنى بىلمىگەن پادىشا كۆزگە ئىلمىغاندەك:

—نېمەڭ بۇ؟ خۇددى ئۇششاق باللار ئوينايدىغان ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغۇ، — دەپتۇ.

ياغاچچى:

—بۇ ياغاچ ئات، بۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا دەرھال ئاسمانغا ئۇچىدۇ، سول قۇلىقىنى بۇرىسا دەرھال يەرگە چۈشىدۇ، قانچە تېز بۇرىسا شۇنچە تېز ۋە ئىگىز ئۇچىدۇ، بۇنى مىنگەن ئادەم خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى كېزەلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشا بىلەن ياغاچچى ئات توغرىسىدا سۆزلىشىپ تۇرغاندا، پادىشانىڭ شازادىسىمۇ بۇلارنىڭ يېنىدا بار ئىكەن. ياغاچ ئاتنىڭ ئۇچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ شازادىنى بەك قىزىقتۇرۇپتۇ، كۆڭلىدە ئۇ: "مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇنيانى ئايلىنىپ كۆڭلۈمنى بىر ئېچىپ كەلمەيمۇ"دىگەن ئويغا كەپتۇ-دە، دادىسىغا:

—دادا، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن مۇشۇ ياغاچچىنىڭ ئېتىنى بىر سىناپ باقسام؟ — دەپتۇ.

پادىشا:

—ياق بالام، رۇخسەت قىلالمايمەن. بۇ ئاتنىڭ سىرىنى مەن تېخى بىلمەيمەن. راست ئۇچالامدۇ ياكى ئۇچالمامدۇ؟ قوي، بۇنىڭغا چىقىلما! — دەپتۇ.

گەن ئۇستالىغىنى كورسىتىشكە كىرىشىپتۇ. دەل ئون كۈن توشقاندا، ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ياسىغان نەرسىسىنى ئېلىپ، يەنە پادىشانىڭ ئالدىغان كەپتۇ.

تومۇرچى بىر تومۇر بېلىق ياساپتۇ.

پادىشا بۇنى كورۇپ تومۇرچىدىن:

— نىمەڭ بۇ؟ نىمىگە كېرىگى بار بۇنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش پادىشاھىم، بۇ تومۇر بېلىقنىڭ خىسلىتى ناھايىتى جىق، بۇنىڭغا مىنىپ دەريامۇ - دەريا، دېڭىزمۇ - دېڭىز يۇرۇپ ساياھەت قىلغىلى، ناھايىتى نۇرغۇن يۇرتنى كورگىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ تومۇرچى.

پادىشا تومۇرچىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ھەي ئەخمەق! بۇنىڭ ئوزى تومۇر تۇرسا، ئۇ سۇغا چوكۇپ كەتمەمدۇ؟! تېخى ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىپ، يۇك ئارتىپ سۇدا ئوينىغىدەكمىش، — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۇلۇپتۇ، ئاخىرى، — ئەگەر دىگىنىڭدەك بولمىسا، ئوز گۇناھىڭ ئوزەڭگىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ تومۇرچى.

پادىشا دەرھال يۇزمىڭ تاغار ئاشلىق ئالدۇرۇپ، تومۇرچىگە:

— قېنى، ئەمىسە مۇشۇ ئاشلىقنى بېلىقىڭغا ئارتىپ، كارامىتىڭنى كورسەت! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تومۇرچى تومۇر بېلىققا ئاشلىقلارنى بېسىپتۇ، كېيىن ئۇنى سۇغا سېلىپ، نەدۇر بىر يېرىنى شۇنداق بىر بۇرىغان ئىكەن، ھېلىقى تومۇر بېلىق سۇ ئۇستىدە تىرىك بېلىقتىنمۇ شوخ ۋە تېز ئويناپ يۇرگىدەك. بۇ كارامەتنى كورگەن پادىشا ھەيران

شۇنچە كىچىك ۋە چىرايلىق كورۇنۇپتۇ. شازادە خوشاللىقتا چومۇپتۇ! ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىغىنى بۇراۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىردەمنىڭ ئىچىدە بايىقى تاغلار، سۇلار، دەل-دەرەخلەر ۋە ئادەملەرنىڭ بارلىغى شازادىنىڭ كوزىدىن غايىپ بوپتۇ. ئۇچا-ئۇچا شازادىنىڭ قوسىغى ئېچىشقا باشلاپتۇ، دەررۇ ئاتنىڭ سول قۇلىغىنى ئاستا-ئاستا بۇراپ پەسەيتىپتۇ، بىر يەرگە بېرىپ قارىغىدەك بولسا، باشقا بىر شەھەر كورۇنۇپتۇ. شازادە ئاستا-ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ. يەرگە چۈشكەندىن كېيىن بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ، قوسىغىنى راسا تويغۇزۇپ، كېچىسى شۇ سارايدا يېتىپتۇ. چوڭ بولۇپ باشقا يۇرتقا چىقىپ باقمىغان بۇ شازادە يېڭى شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، خوشاللىغى قىن-قىنىغا پاتماي قاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا كوچىنى كورۇشكە چىقىپتۇ، ئۇياق-بۇياقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كىرمىگەن ئارقا كوچىلىرى قالماپتۇ. بىر چاغدا بىر تار كوچىدىن چوڭ بىر مەيدانغا چىقىپ قاپتۇ. مەيدانغا قارىسا، خۇددى بازار كۈنى ياكى ھېيت كۈنى يىغىلىشقان ئادەملەردەك شۇنداق جىق ئادەم تۇرغان، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى نىمىدۇ، بىر نەرسىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك باشلىرىنى ئېگىز كوتىرىشىپ تۇرغىدەكمىش. بۇنى كورگەن شازادە ھەيران بولۇپ قاپتۇ ۋە ئوزىمۇ شۇ كوپچىلىكنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرگەن بويىچە بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ ئاسمانغا قاراپتۇ. ھىچنەرسىنىڭ دىدارى كورۇنمەپتۇ. بۇنىڭ تېگىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ يېنىدا تۇرغان كىشىلەردىن سوراپتۇ.

— ھەي ئاكىلار، نىمىگە قارىشىپ تۇرىسىلەر؟

ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرسى ئۇنىڭغا قاراپ:

ياغاچچى ئاتنىڭ راست ئۇچالايدىغانلىقىغا پادىشانى ئىشەندۈرۈپتۇ.

— بوغسۇ، پادىشاھى ئالەم! راست ئۇچالايدۇ، خەتىرىمۇ يوق. ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسىلا ئۇچىۋېرىدۇ، — دەپتۇ.

شازادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قىزىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. شازادە پادىشانىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، ئەركە چوڭ قىلغان بىرلا بالىسى ئىكەن، ئادەتتە ئۇ ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرمەي قويمايدىكەن. بۇ نۆۋەت بالىسى بۇنداق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پادىشا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشقا پېتىنالماي، نائىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ.

— بالام، مېنىڭچە بولسىغۇ سەندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغىم كەلمەيدۇ، بىر مىنۇت كۆرمىسەم تۇرالمايمەن. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىلا ئۇچۇپ تېز يېنىپ چۈشكىن، ئانچە يىراققا بارما، ئاتنىڭ ئۈستىدە سەگەك ئولتۇر! — دەپ يېنىپ-يېنىپ تاپىلاپتۇ پادىشا.

شازادە خۇشال بولۇپ:

— خوش دادا! — دەپلا ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇراپتۇ، ھەش-پەش دېگىچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىرئازدىن كېيىن شازادە يەرگە شۇنداق قارىغىدەك بولسا، ھاي-ھاي! تاغلار، سۇلار، دەل-دەرەخلەر، ئۆي-ئىمارەتلەر ۋە ئادەملەر... بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى جامى جاھاننامىدا تارتىپ كۆرسەتكەندەك، شۇنداق چىرايلىق ۋە شۇنداق كىچىك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ قىزىقچىلىقتا شازادە دادىسىنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇچا-ئۇچا بەك ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىپتۇ. قانچە ئېگىز ئۆرلىسە، يەر-زېمىن ۋە پۈتۈن نەرسە

ئىشكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە دادام يەنە چىققان ئوخ-
شايدۇ، دەپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قارىسا، دادىسى ئەمەس. مەلىكە
ھەيران بولۇپ: "ئادىمىزاتنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس،
بۇ پېرىشتىلەردىن بولۇشى كېرەك" دەپ ئويلاپ شازادىنى بەك
ئىززەت-ھورمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. شازادە قارىغىدەك بولسا،
مەلىكە ھەقىقەتەن ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن
ئەمەس، شۇنداق چىرايلىق، نازۇك بەدەن، ساھىپجامال بىر قىز،
شازادە بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بىقارار بولۇپتۇ: "مۇشۇنداق
بىر گۈزەل قىز بىلەن بىر يەردە بولۇش مېنىڭ بەختىم، جېنىمنىڭ
راھتى ئەمەسمۇ؟ نىمە بولسام بولاي، بۇ قىزنى قولدىن بەرمەي"
دىگەن ئويغا كەپتۇ. شازادىمۇ ناھايىتى كېلىشكەن، خۇشخۇي
بىر يىگىت. قىزمۇ بۇرۇندىنلا دادىسىنىڭ ھېچكىمگە كورسەتمەي،
ئادەم بالىسى يوق بىر جايغا ئېلىپ چىقىپ قويغىنىغا ئىچى پۇشۇپ،
تىت-تىت بولۇپ يۈرىدىكەن ۋە ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ
ھەمرا بولۇشىغا تەشنا ئىكەن. شازادىنىڭ پېرىشتە ئەمەس، بەلكى
ئادىمىزات ئىكەنلىگىنى، ئۇنىڭ قانداق كەلگەنلىگىنى ئۇقۇپ، مەلى-
كىنىڭ كوڭلى خوش بولۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىنىڭ تەلۋى
بىر يەردىن چىقىپتۇ. بۇلارغا ھېچبىر خېمىرتۇرۇشنىڭ كېرىگى
يوق، بىردەمدىلا بىر-بىرسى بىلەن ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ،
ھال-ئەھۋال ئىشىپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ، بىر-بىرسىگە تىلەك-ئارزۇ-
لىرىنى ئوچۇق ئېيتىشىپتۇ، ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت ئوتى تېخىمۇ
ئۇلغىيىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە مۇھەببەتلىشىپ چىقىپتۇ.
تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، شازادە ئېتىغا مىنىپ، بايىقى سارايغا قايتىپ
چۈشۈپتۇ.

— بۇ گەپچە، سىز بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن ئادەم ئوخشايسىز؟ بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر مەلىكىسى بار، ئۇ شۇنداق بىر چىرايلىق قىز كى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيادىكى پۈتۈن قىزلارنىڭ چىرايلىقلىقى تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كوزى بار، شۇنداق چىرايلىق بىر مەلىكە. پادىشا ئۇنى ئۆزىنىڭ جېنىدىن ئارتۇق كورىدۇ. ئۇنى ھېچقانداق ئىنسى-جىنغا كورسەتمەي ساقلايدۇ. ئۇردىدا ساقلاشتىن قورقۇپ، تىلىسمات بىلەن ئاسماندا ئالايىتەن بىر ساراي سېلىپ بەرگەن. پادىشا ھەر كۈنى مەلىكىنى بىر يوقلاپ چۈشىدۇ. پادىشا ھازىر شۇ مەلىكىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن قايتىپ چۈشىدۇ، بىز ھەممىمىز پادىشانىڭ قايتىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شازادە ھەيران بولۇپ:

— ئاسمانغا قانداق ئۆي سالغىلى بولىدۇ، — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

— پەرىشتىلەر ياساپ بەرگەنمىش، ئۇ يەرگە پادىشادىن باشقا ئادەم چىقالمايدۇ، — دەپتۇ.

شازادە بۇ كىشىنىڭ سوزىنى بىر-بىرلەپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز كوڭلىدە نىمىدۇ بىر نەرسىلەرنى پەملىگەندەك بولۇپ، ھېلىقى ئۆزى چۈشكەن سارايغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئەل يېتىپ يېرىم كېچە بولغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاچ ئېتىغا مىنگەن بويىچە ئۇچۇپ، بايىقى مەيداننىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئاسمان بوشلۇقىنى بىرنەچچە ئايلىنىپتۇ، شۇنداق قارىغىدەك بولسا، دېگەندەك بىر بوشلۇقتا يوغان بىر ئۆي تۇرغىدەكمىش. "ھە، مۇشۇ ئۆي بولسا كېرەك" دەپتۇ-دە، ئۆينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ

ئۇزى بۇ توت نەپەر باتۇرنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، مەلىكىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ توت تەرىپىگە قويۇپ، ئۆزى يەرگە قاراپ يېنىپتۇ. بۇ باتۇرلار پەقەت ئۇيغاق ۋاقتىدىلا باتۇر ئىكەن، ئۇخلاپ قالغاندا، بۇرنىدىن چۈشۈپ كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايدىكەن. پادىشا ئېخى يەرگە چۈشە-چۈشمەستىنلا ھىلقى توت باتۇر ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ. شازادە يەنە ئۇچۇپ چىقىپ، مەلىكە بىلەن بىخارامان بىر كېچە قونۇپ، ھالدىشىپ، مۇڭدىشىپ ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا يەرگە پاكىشىنىڭ قايتىپ چۈشۈپتۇ. بۇ كۈنىمۇ پادىشا قىزىنىڭ يېنىغا چىقىپ، قىزىنى ئادىتى بويىچە جىگىلىغاندا ئالتە جىنىڭ ئارتۇق چىقىپتۇ. پادىشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ بۇ ۋەقەسى پۈتۈن شەھەر ئەھلىگە يېيىلىپ، يۇرت ئىچىدە سوز-چوچەك بولۇپ كېتىپتۇ، پادىشا خىجالەتچىلىكتە قاپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پادىشا ۋەزىرگە يەنە قاتتىق بۇيرۇق قىلىپتۇ:

—بۇنداق بولسا پادىشاھىم،—دەپتۇ ۋەزىر،—بىز مەلىكە ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىچى-تېشىنى ۋە ئۆيدىكى بارلىق جاھازلارنى قىزىل بوياق بىلەن بوياپ تاشلايلى. ئەتىسى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ تەكشۈرۈش يۈرگۈزەيلى، ئەگەردە كىمنىڭ كىيىمدە قىزىل بوياق بولسا، شۇنى تۇتۇش كېرەك، بۇنداق قىلمىساق بۇنى تۇتۇش قىيىن،—دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشا بۇنى ماقۇل كورۇپتۇ.

شۇ كېچىسى شازادە مەلىكىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ، قارىسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، ئۆينىڭ ئىچى-تېشى ۋە پۈتۈن سايمانلار

شۇ كۈنى چۈشلەر بىلەن پادىشا ئادەت بويىچە قىزى مەلىكە- نى يوقلاپ چۈشكىلى ئاسمانغا چىقىپتۇ. پادىشا ھەر كۈنى قىزىنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇنى جىڭلاپ كورىدىكەن، چۈنكى پادىشانىڭ چۈشەنچىسىچە، خوتۇن كىشى ئەركىشىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىنلا ئېغىرلىقى ئاشارمىش. بۈگۈن پادىشا قىزىنى جىڭلىغۇدەك بولسا، ئادەتتىكى ئېغىرلىقىدىن ئىككى جىڭ ئارتۇق. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان پادىشانىڭ غەزىۋى كېلىپ كوزلىرى پىيالىدەك، ساقاللىرى تىكەندەك بولۇپ كېتىپتۇ، قىزىنىڭ يېنىدا بىردەممۇ ئۇلتۇرماستىن دەرھال قايتىپ چۈشۈپتۇ. كوپچىلىك بۇنى كورۇپ ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادىشانىڭ ۋەزىرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالغا ھەيران قېلىپ، پايپاسلاپ پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ سوراپتۇ. پادىشا پۈتۈن ئەھ- ۋالنى بايان قىلىپ، مۇنداق بۇيرۇق بېرىپتۇ:

— بۇ ئىشقا مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى. مېنىڭدىن باشقا ئاسمانغا چىقالايدىغان ئادەممۇ بارمۇ-يە؟ سىلەر بىر چارە قىلىپ مۇشۇ ئادەمنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈڭلار، بولمىسا ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى ئالىمەن!

— بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر ۋەزىر:

— خوش پادىشاھى ئالەم، بۇ خىزمەتكە بىز بېشىمىز بىلەن تەييارمىز. بىزدە ئەڭ ئاتاقلىق توت نەپەر باتۇر بار. پادىشاھىم، ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، شۇ توت نەپەر باتۇرنى مەلىكە ئولتۇر- غان ئۆينىڭ توت ئەتراپىغا قويساق، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېلىغۇ ئادەم ئىكەن، ئۇچار قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، -دەپ مەسلە- ھەت بېرىپتۇ.

پادىشا ۋەزىرنىڭ بۇ پىكرىنى ناھايىتى توغرا تېپىپتۇ. تۈندە

ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى" دەپ خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈر ئېيتىپ، شۇ يەردىلا چاپان بىلەن ئۆتۈكنى كىيىپتۇ. لېكىن مويسىپىت بۇ چاپان بىلەن ئۆتۈكنىڭ سىرىنى نەدىن بىلسۇن، شۇ خوشاللىقىدا مىچىتكە ھەممىدىن بۇرۇن كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. نامازدىن كېيىن جامائەتنىڭ ھەممىسى ھويلىغا چىقىپتۇ، لېكىن پادىشانىڭ بۇيرۇغى بويىچە ھېچكىمنىڭ مىچىتنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەت ھويلىغا چىقىپ ۋەزىرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ، بىر ۋاقىتتا ھېلىقى مويسىپىت مىچىتتىن ھويلىغا چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئېسىل كىيىملىرىنى كۆرگەن ئەل-جامائەت ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە ئۇنى مۇبارەكلەشىپتۇ. كېيىن ۋەزىر ھەممە كىشىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاخىرى مويسىپىتنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، بۇنىڭ چاپىنىدا بوياقنىڭ ئىزى تۇرغان، شۇ ھامان "جاللات" دەپ چاقىرىپتۇ. جاللات كېلىپ ئۇنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە زىندانغا تاشلاپتۇ، تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلار بىلەن سوراققا ئاپتۇ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن شەھەر خەلقى ھەيرانلىققا پېتىپتۇ، ئاسمانغا چىققان ئادەمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ھەممە كىشى ئالدىراپتۇ. بۇ ئەھۋال ھېلىقى شازادىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يېتىپتۇ. شازادىنىڭ بىر قېرى ئادەمنىڭ ناھەق ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىغا ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىكىگە خۇددى بىر ئېغىر تاشنى ئېسىپ قويغاندەك تۇيۇلۇپتۇ، ئۇ شۇ ھامان ياغاچ ئېتىنى قولتۇقىغا قىسىپ يۈگۈرگەن پېتى دار ئالدىغا بېرىپتۇ، قارىسا قېرى مويسىپىتنىڭ بوينىغا ئاللىقاچان سىرتماق سېلىنغان. شازادە تېخىمۇ ئالدىراپ ئۇنىڭ بېرىچە:

قىپ ـ قىزىل سىرلاغلىق. شازادە بۇ بوياقنىڭ سىرىنى چۈشىنىپتۇ. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، شازادىنىڭ مەلىكىنىڭ يېنىدا ياتماي قايتىپ چۈشكىسى كەلمەپتۇ. چۈنكى مەلىكە بىلەن شازادە بىر ـ بىرىنى كۆرمىسە كۆڭلى زادى ئارام تاپمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولدا شازادىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مۈشكۈللۈكلەرنى ئويلاپ ئاۋارە بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شازادە مەلىكىنىڭ يېنىدا يەنە بىر كېچە قونۇپتۇ. ئەتىسى قايتىپ چۈشمەكچى بولۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قارىسا پۈتۈنلەي كىيىمى ۋە ئۇتىگى قىزىل بوياققا بويۇلۇپ كەتكەن. ئەسلىدە شازادىنىڭ كىيىمگە پۈتۈنلەي ئالتۇن ـ مەرۋايىت تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇتۇگىنىڭ ناھالى ئالتۇندىن ئىكەن. ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە، سىر پاش بولۇپ پادىشانىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىيىمگە قىل-چىلىك ئاغرىنماي، ئۇنى شۇ يەردىلا يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆزى يالاڭئاياق ۋە ئىچكى كىيىملىرى بىلەن سارايغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر قېرى مويسىپىت بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنى ئەلدىن بۇرۇن تۇرۇپ، ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئويمۇ ـ ئوي يۈرۈپ كىشلەرنى نامازغا چاقىرىدىكەن. شۇ كۈنى ھەممە كىشىلەرنى بىر نوۋەتتىن نامازغا چاقىرىپ بولۇپ، ئۆزى مىچىتكە كېلىۋاتسا، يىراقتا بىر نەرسە ۋال ـ ۋۇل قىلىپ تۇرغىدەك. "بۇ نىمە بولغاي" دەپ ئالدىراپ ـ تېنەپ يېقىن كېلىپ قارىغىدەك بولسا، شازادىلەر كىيىدىغان كىيىم، ئۇنىڭغا تۇتقاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ـ مەرۋايىت، ئۇتۇگىنىڭ ناھالى ئالتۇن ئىكەن، بوۋاينىڭ خوشاللىغى ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: "مېنىڭ ھەر كۈنى ئاللا يولىدا قىلغان ئەمگىگىمنىڭ ئەجرى بۈگۈن يەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ خۇدايىمنىڭ

ــ مەن سىز بىلەن بىر بولغىنىم بولغان، سىزدىن تولسىمۇ ئايرىلمايمەن، ــ دەپتۇ مەلىكە.

ــ ئانداق بولسا يۈرۈڭ، ئاتقا مىنىڭ، ــ دەپتۇ شازادە.

ئىككىسى ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ خېلىلا يەرگە بارغاندىن كېيىن مەلىكە تۇيۇقسىز:

ــ ۋاي بولمىدى شازادە، مەن كىچىك چېغىمدا ئانام ماڭا ئىككى دانە گوھەر بەرگەن ئىدى: "ئەرگە تەككەن چېغىڭدا، بىرسىنى قېيىنى ئاتاڭغا، يەنە بىرسىنى قېيىنى ئاناڭغا بەرگىن"دەپ ئېيتقان ئىدى. گوھەر ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، مەن شۇنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ، ــ دەپتۇ.

شازادە:

ــ ئۇچۇپ يېرىم يولغا كەلدۇق، ئەمدى قايتىش خەتەرلىك، ــ دىسە، مەلىكە:

ــ ياق بولمايدۇ، شازادە، مەن قېيىنى ئاتام بىلەن قېيىنى ئانامغا نىمە دەپ بارىمەن. بۇ ئانامنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتى، ــ دەپ ئۇنىماپتۇ.

شازادە مەلىكىنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن نائىلاج رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى بىر قۇملۇق چۆل يەرگە چۈشۈپ، مەلىكىنى يولغا ساپتۇ.

پادىشا ھۇشىغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئاسمانغا چىقىپتۇ، قارىسا مەلىكە يوق. پادىشا ھوكۇرەپ يىغلاپتۇ. نىمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا، قىزىنىڭ ياغاچ ئاتقا مىنىپ غاقىراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۇپتۇ ۋە بىر دالىدا يەرگە كىرىپ موكۇپتۇ، مەلىكە ئۆيگە كىرىشى بىلەن پادىشا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ،

— ھەي جاللات، توختا! ئاسما بوۋاينى! ئۇنىڭ گۇناھى يوق، گۇنانىڭ ھەممىسى مەندە: مەلىكىنىڭ يېنىغا چىققان مەن، مەلىكە بىلەن بىللە ياتقانمۇ مەن، ئۇنىڭ تېپىۋالغان كىيىمى مېنىڭ كىيىمىم، مېنى ئۆلتەر، قويۇپ بەر ئۇنى! — دەپ ۋاقىراپ كەپتۇ. جاللات بۇنى ئاڭلاپ توختاپ تۇرۇپتۇ.

پادىشا بۇ قىزنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سېپىلىدا تۇرغان ئىكەن. جاللاتنىڭ بوۋاينى ئۆلتۈرمەي توختاپ قالغىنىنى كورگەن پادىشا دەرھال ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ. جاللات ياساۋۇللارغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ياساۋۇللار پادىشاغا ئېيتىپتۇ. پادىشا:

— ئەمسە شۇ يىگىت ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

جاللات قىزنى قويۇپ بېرىپ، شازادىنى باغلىغىلى كېلىش بىلەن شازادە ئەپلەپ تۇرۇپ، ياغاچ ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپتۇ — دە، ئۇقتەك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. جاللاتلار پاي — پېتەك بولۇشۇپ قاپتۇ. بۇنى كورگەن پادىشا ئاچچىغىغا چىدىماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شازادە ئۇچقان بويىچە مەلىكىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ ۋە مەلىكىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئىككىمىزنىڭ ۋەقەسى دادىڭىزغا مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۆلۈم ئالدىدىن ئاران قۇتۇلدۇم. بۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرماي قېچىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىمىز خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئاشىق — مەشۇق بولۇشۇپ قالدۇق. مۇھەببىتىمىز كۈندىن — كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ كەتتى، سىزدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلغىم كەلمەيدۇ، ئەگەر سىز مېنى خالىسىڭىز ئىككىمىز بىللە قاچايلى، — دەپتۇ.

بىر ياقتىن ئاچلىقنىڭ ئازاۋى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردى شازادىنىڭ ھېچبىر ماغدۇرىنى قويماپتۇ. كەچكە يېقىن سالقىن چۈشكەندىن كېيىن، شازادە ئورنىدىن قوزغىلىپ "سەۋەپ قىلساڭ سۋەتتە سۇ توختايدۇ، دەپتىكەن، مەنمۇ بىر سەۋەپ قىلىپ باقمايمۇ" دەپتۇ - دە، بىر ئېگىز تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئادەم بار يەرنى ئىزلەپتۇ. ھېچبىر ئىنسىجىننىڭ دىدارى كۆرۈنمەپتۇ. شازادە تاغدىن سېرىلىپ پەسكە چۈشۈپتۇ، بىر ھازا يول مېڭىپ ئالدىغا شۇنداق قارىغىدەك بولسا، بىر گۈزەل چىمەنزارلىق باغ تۇرغىدەك. تۈرلۈك يەل - يېمىشلەر پىشىپ كەتكەن، رەڭمۇ - رەڭ چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلاردا سۇلار شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار سايرىشىۋاتقان ئاجايىپ كۆكۈللۈك بىر باغ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازاۋىنى چەك-كەن شازادە مېۋىلەردىن يېيىش ئۈچۈن باققا كىرىپتۇ، لېكىن باغدا ئادەم دىدارى يوق. ئۇ بىر توپ شاپتۇل تۈۋىگە بېرىپ قوسىغى تويغىچە يەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ - دە، شاپتۇل تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ ئېگىنى شۇنداق سىلىغىدەك بولسا، بىر تۇتام ئاپپاق ساقال تۇر-غىدەك. شازادە بۇ نىمە ۋەقە دەپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئويلاپ - ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەۋىنى ھېچ تاپالماپتۇ، ئاخىرى شاپتۇلدىن گۇمانلىنىپتۇ، "ھە، گەپ شاپتۇلدىكەن، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر مەلىكە كېلىپ قالسا، مېنىڭ مۇشۇ بىر غېرىچ ساقىلىمنى كورسە، قانداق قىلار"دەپ، ئويلا - ئويلا قوسىغى يەنە ئېچىپتۇ. شاپتۇلدىن يېيىشكە قورقۇپ، بىر توپ نەشپۈت يېنىغا بېرىپتۇ، ساغرىپ پىشىپ كەتكەن نەشپۈتنى راسا

ئۇردىغا ئاپىرىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

بۇ پادىشادىن يىراق يەردە يەنە بىر پادىشا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. مەلىكىنىڭ چىرايلىقلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر بۇ پادىشانىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇرۇن نۇرغۇن قېتىملاپ ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ دادىسى قوبۇل كورمىگەن ئىكەن. ئەمدى مەلىكىنىڭ شازادە بىلەن بولغان ۋەقەسى پۈتۈن شەھەر خەلقىغە تارالغاندىن كېيىن، بۇ پادىشاغا ناھايىتى ھار كەپتۇ، ئۇ قىزى مەلىكىنى كوزدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، يىراقتىكى ھېلىقى پادىشاغا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. بۇ خەتنى ئالغان پادىشا بالىسىنى توي قىلىشقا جابدۇپ، بىرقانچە ۋەزىر ۋە نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن داغدۇغىلىق يولغا سېپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكىنىڭ ئاشىقى شازادىدىن ئاڭلايمىز:

شازادە مەلىكىنى ئەنە كېلە، مانا كېلە دەپ بىر كۈن ساقلاپتۇ، ئىككى كۈن ھەتتا ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ، قىزدىن دېرەك يوق. شازادىنىڭ كوڭلىدە: "مەلىكە مەندىن يۈز ئورىدى، يا بىر پالاكەتكە ئۇچرىدى. ياغاچ ئاتتىنمۇ ئايرىلدىم، بۇ چول-جەزىرىدە ئولىدىغان بولدۇم، مېنىڭ ئولۇگۇم يىرتقۇچلارغا يەم بولىدىغان بولدى، دىگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئەتراپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق چول، ھەممە يەر ئىگىز قۇم تاغلىرى بىلەن قاپلانغان، ھېچيەردىن ئادەم دىدارىنى ھەتتاكى ئۇچار قۇشنىمۇ كورگىلى بولماپتۇ. كۈن ھەددىدىن تاشقىرى ئىسسىق، قۇم تاغلىرىدىن يانغان ئىسسىغلىق خۇددى تونۇردىن چىققان يالقۇندەك ئادەمنى كويدۇرۇپ تۇرىدىكەن. بىر ياقتىن كۈننىڭ ئىسسىغى،

يەردىن كەتمىسەڭ دىۋىلەر سېنى تىرىك قويمايدۇ. بۇ مېنىڭ ساڭا نەسىھەتىم، ـ دەپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

شازادە چوچۇپ كۆزىنى ئۇگىلاپ قارىغىدەك بولسا، چۈشى. ئەتراپىغا قارىسا ھېچبىر ئادەم دىدارى يوق. بىرئاز تۇرۇپ، چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، دەرھال شاپتۇل ۋە نەشپۈت شېخى توۋىسىگە چۈشۈپ قالغان قاقلىرىنى ئىزلەپ تېپىپ يەپتۇ. راست دىگەندەك ساقال بىلەن مۈڭگۈزلىرى دەرھال يوقاپ، شازادە يەنە بۇرۇنقى چىرايلىق يىگىت سۈپىتىگە كەپتۇ. بوۋايغا يۈزمىڭ غايىۋانە رەخمەتلەرنى ئوقۇپ، بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنى ئويلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تال ـ چىۋىقلارنى سۇن-دۇرۇپ ئېلىپ بىر دانە چوڭ سىۋەت توقۇپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يېرىمىغا دەرەختىكى پىشقان شاپتۇل، نەشپۈتلارنى، يېرىمىغا ئۇنىڭ قاقلى-رىنى قاچىلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. باغدىن چىقىپ قارىسا يەنە چەكسىز كەتكەن باياۋان، كۈن چىقىش قايسى، كۈن پېتىش قايسى پەرق ئەتكىلى بولمىغىدەك، ئۆزىنىڭ ئۆيى قەيەردە قالدى، مەلىكىنىڭ شەھرى قەيەردە قالدى بىلمىگىدەك. ئاخىرى تەۋەك-كۈل قىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يولغا راۋان بوپتۇ. قوسىغى ئاچسا شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى يەپ، ئۇيقىسى كەلسە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى يېلىنچا قىلىپ يېتىپ ـ قوپۇپ يولنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چول ـ باياۋان ئىچىدە تېنەپ، ئاخىرى بىر چوڭ تاققا ئۇلۇشۇپتۇ. تاغ ئىچىدىمۇ بىرنەچچە كۈن يۈرۈپ تاغدىن ئېشىپ چۈشۈپ، بىر چوڭ يولغا چىقىپتۇ. شازادە چوڭ يولغا چىقىپ قالغاندىن كېيىن، چوڭ بىر تىنىۋېتىپ: "ھەر-قانداق بولمىسۇن، ئادەم بار يەرگە يېقىنلىشىپتىمەن، بۇ يەردە

ئويغىچە يەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ-دە، نەشپۈت تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئويغىنىپ، كېرىلىپ ئورنىدىن تۇراي دېسە بېشىغا بىر نەرسە يېپىشىپ ئالغاندەك بوپتۇ، بېشىنى سىلىغىدەك بولسا، بىر جۈپ ئۇزۇن ھەم قوپال مۈڭگۈز تۇرغىدەك. شازادە ھەيران بولۇپ "ئەمدى تۇگۈشۈپ-تىمەنغۇ، ئادەملىك سۈپىتىمدىن ھايۋانلىق سۈپىتىگە كىرىپ قالدىمغۇ، مەلىكە ماڭا قانداقمۇ قارار"،دەپ دات-پەريات كۆتىرىپتۇ. شۇ ئېغىر قايغۇدا غەمگە پېتىپ يەنە قاتتىق ئۇيقىغا كېتىپتۇ، ئۇيقۇدا بىر چۈش كورۇپتۇ. چۈشىدە ھاسا تايانغان بىر ئاپپاق ساقال بوۋاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھەي بالام، ساڭا نىمە بالا كەلدى؟ نىمانچە مۇنداق دەرتلىك يىغلايسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

شازادە بوۋايغا ئۇزىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بېرىپتۇ.

بوۋاي:

— يىغلىما بالام، ھېچۋەقەسى يوق، سەن بۇ باغنىڭ سىرىنى بىلمىگەنلىگىڭ ئۇچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قاپسەن. بۇ باغدىكى مىۋىلەرنى يىيىش شەرتى شۇكى: دەرەختىكى مىۋىلەرنى يەرگە چۈشۈپ قاق بولۇپ قالغانلىرى بىلەن قوشۇپ يىسەڭ ھېچنىمە بولمايدۇ. ھىلىمۇ بولسا كېرەك يوق. سەن ئەمدى قاقلىرىنى يىگىن، شۇ چاغدا ساقال بىلەن مۈڭگۈزلىرىڭ دەرھال چۈشۈپ كېتىدۇ. بالام، سەن ھەرگىز بۇ يەردە ياتما، بۇ يەردىن تېزراق كەتكىن. بۇ باغ دىۋىلەرنىڭ بېغى، ئۇلار ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ، بىر ئۇخلىسا ئۇچ كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئەگەر بۈگۈنلا بۇ

— بىر نەرسە ساتمىساڭ سېۋىتىڭدىكى نىمە ئۇ؟ بۇنىڭدا شاپتۇل، نەشپۈتلار تۇرىدىغۇ! — دەپتۇ ۋەزىر. سېۋەتتىكى شاپتۇل، نەشپۈتنى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

— ھە! تۇرغان بىلەن ئۆزەمگە كېرەكتە! — دەپتۇ شازادە.

ۋەزىر شازادىنىڭ بۇ گېپىگە سەل رەنجىگەندەك بولۇپ:

— ھوي! نىمە بۇنداق ئاتىكاچى نىمىسەن؟! بىرنەچچىنى سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ!؟ بىز يول يۈرگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى، كۈن ئىسسىق، بىزنىڭ شازادە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي قالدى. بۇ نىمەڭنى بىز يىمەيمىز، شازادە يەيدۇ، شازادە! — دەپتۇ.

سېۋەت كوتەرگەن شازادە:

— ياق، مەيلى كىم يىسۇن، ساتمايمەن. بۇ مېنىڭ يولدا يەيدىغان ئوزۇغۇم. ئوزەڭلار كورۈۋاتىسلەر، بۇ پايانسىز چوللۇكتە تاش بىلەن قۇمدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سىلەرغۇ ئات بىلەن. مېنىڭ ئىككى پۇتۇمدىن باشقا نىمەم بار؟ قاچان بىر مەنزىلگە يېتىپ بارغىچە ئاچلىقتا ناھەق ئولىمەنمۇ، — دەپتۇ. شۇ ئارىدا مەيدە ئولتۇرغان شازادە ۋەزىرگە:

— تېز ئەپكەل شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ۋەزىر ئوز شازادىسىنىڭ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال يېنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ سېۋەت كورتەرگەن شازادىگە تەڭلەپتۇ. شازادە بۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوز يۈرىگىدىكى ھەسرىتىنى بىلدۈرمەستىن تىللانى ئېلىپ، ھىلىقى شاپتۇلدىن ئىككى دانە، نەشپۈتتىن ئىككى دانە بېرىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ قىقىدىن بەرمەپتۇ. مەيدىكى شازادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى

ئولتۇرۇپ بىر ھاردۇق ئېلىۋالاي، ئائغىچە بىرەر يولۇچىمۇ ئۆتۈپ قالار، مەن شۇلاردىن بۇ يەرنىڭ نەلىگىنى بىلىپ ئالارمەن"دەپ، سۆيتىدىكى شاپتۇل بىلەن نەشپۈتتىن يەپ، ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاردىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر توپ كارۋانلار يېتىپ كەپتۇ. شازادە ئۇلاردىن كۈن چىقىشقا ماڭسا ئوز يۇرتىغا، كۈن پېتىشقا ماڭسا ئاشىغى مەلىكىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغانلىغىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ، ئۇ "يولۋاس ئىزىدىن يانمايدۇ، يىگىت سوزىدىن، دەپتىكەن، مەنمۇ مۇشۇ يولدىن يانماي، بىر ئىلاجى قىلىپ مەلىكە بىلەن ياغاچ ئاتنى قولۇمغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن يۇرتۇمغا قايتاي"دەپ ئويلاپتۇ-دە، چوڭ يولغا چۈشۈپ كۈن پېتىشقا قاراپ يەنە مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىغا قارىسا، بىر توپ ئادەملەر ئاتلىرىنى ئويناتقان بويىچە چاڭ-توپىلارنى توزىتىپ، بىر خىل ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقىدەك، يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا بىرقانچە مەپىمۇ كورۇنۇپتۇ. ئالدىدىكى بىر مەپە شۇنداق چىرايلىق ياسالغانكى، پال-پۇل قىلىپ تۇرغان نۇرى ئادەمنىڭ كوزىنى چاقىدىكەن. ئۇنى توت ئات ئۇچقاندەك سورەپ كېلىۋاتقان. مەپىنىڭ ئىچىدىكى مەلىكىنىڭ دادىسى نەۋەتكەن خەتكە بىنائەن مەلىكىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان شازادە، ئاتلىقلار بولسا، ئۇ شازادىنى ھىمايە قىلىپ كېتىۋاتقان ۋەزىر ۋە ياساۋۇللار ئىكەن.

شازادىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىر قوپاللىق بىلەن ۋاقىراپتۇ:

— ھەي بالا، بۇ يەردە نىمە سېتىپ يۈرىسەن؟

— مەن ھىچنەرسە ساتمايمەن! - دەپتۇ شازادە.

چىقمايدۇ، ــ دەپ بىرئاز ئويلىنىپتۇ، ئاندىن بىر نەرسە دەرھال يادىغا كەلگەندەك سوزىنى يەنە داۋام قىپتۇ. ــ شازادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپمۇ قالدىمۇ؟ ئولىشىپ تۇرغانلار بىر ئېغىزدىن:

ــ ھە! ھە! ئۇخلاپ قالغان ئىدى، ــ دەپتۇ.

ــ مانا بۇنىسى بولماپتۇ ــ دە! بۇنى ئەمدى كىمدىن كورگىلى بولىدۇ. بۇ چوللۇكتە ھېلىغۇ شاپتۇل بىلەن نەشپۈت ئىكەن، ھەرقانداق تاماق يىگەن كىشىمۇ ئۇخلىسا بولمايدۇ. بىر نەرسىنى يەپ بولۇپ ئۇنى ياخشى سىڭدۈرمەيلا ئۇخلاپ قېلىش خاتا! ئۇخلىغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق بولۇپ قالغان، سىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەنسىلەر ــ دە؟ ــ دەپتۇ شازادە. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ:

ــ ياق، بىز بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز، ــ دېيىشىپتۇ.

سۆەت كوتەرگەن شازادە بۇلارنى راسا باپلىغىنىغا خوش، ئۇنىڭ ھېلىقى شازادىنىڭ تۇرىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ بەكمۇ كۇلكىسى كەپتۇ، لېكىن چاندۇرماسلىق ئۇچۇن كۇلكىسىنى ئىچىگە بېسىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر ياساۋۇللارنىڭ ئىچىدە تالاش ــ تارتىش بولۇپ كېتىپتۇ، بىر قانچىلىرى: "شازادە بۇ قىياپەت بىلەن مەلىكىنى ھەرگىز ئالالمايدۇ، ئەمدى مۇشۇ يەردىن قايتىشىمىز كېرەك" دىسە، بەزىلىرى: "بىز شازادىنى بۇنداق قىلىپ قويۇپ قايتساق پادىشاغا نىمە دەيمىز؟ بىر ئىلاج قىلىپ ساقايتىشىمىز لازىم" دېيىشىپتۇ. شازادە ئوزىمۇ قايتىشقا ئۇنىماي:

ــ نەچچە يىلدىن بېرى قولغا كەلتۇرەلمەي، مىڭ بىر مۇشەقـ

قولغا ئېلىش بىلەن ئاغزىغا موكلا ساپتۇ-دە، يولغا راۋان بوپتۇ، بىرئازدىن كېيىن غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شازادە ئويغىنىپ ئېڭىكىنى سىلىسا بىر غېرىچتەك ئاق ساقال، بېشىنى سىلىسا بىر غېرىچ قوش مۆڭگۈز تۇرغىدەك. شازادە چوچۇپ كېتىپ مەپىنى دەرھال توختىتىپتۇ، ۋەزىر، ياساۋۇللارمۇ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ مەپىنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ. مەپىگە قارىغىدەك بولسا، شازادىنىڭ ئورنىدا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، هايۋان دېسە هايۋان ئەمەس، خۇددى جىن-ئالۋاستىدەك بىر سەت نەرسە ئولتۇرغىدەك. بۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىگە هېچ ئەقلى يەتمەپتۇ. شۇ ئارىدا هىلىقى شازادىمۇ ئارقىدىن پىيادە يېتىپ كەپتۇ، ۋەزىر يۈگۈرەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن بىزگە بايا سېتىپ بەرگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شازادە هېچ هودۇقماستىن:

— نېمە بولماقچى، نەشپۈت بىلەن شاپتۇل! — دەپتۇ.

— قانداق شاپتۇل ئۇ؟ نەشپۈتچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— قانداق بولاتتى؟ شاپتۇل شېخىدا پىشقان شاپتۇل، نەشپۈت شېخىدا پىشقان نەشپۈت-تە!

— ئانداق بولسا بىزنىڭ شازادە يېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ساقال بىلەن مۆڭگۈز چىقىپ قالدىغۇ؟

شازادە ئاستا مەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەپىدىكى شازادىنىڭ سەت تەلەتىنى بىر كۆرۈپ، سالماقلىق بىلەن:

— مېنىڭ كېچە-كۈندۈز يەپ كېلىۋاتقىنىم مۇشۇ نەشپۈت بىلەن مۇشۇ شاپتۇل، نېمە ئۈچۈن بۇ ساقال بىلەن مۆڭگۈز ماڭا

تۇرۇپ قويۇپتۇ.

قۇدا بولىدىغان پادىشا بۈگۈن شازادە كېلىدۇ، دەپ پۈتۈن ۋەزىر - ئۆلىمالىرى بىلەن شەھەر ئەھلىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قارىسا قىزنى ئالدىغان شازادە ئاجايىپ كېلىشكەن بىر يىگىت ھەم تويغا دەپ راسلاپ كەلگەن پۇل - ماللىرى ھەددى - ھېسابسىز، بۇنى كورگەن پادىشانىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قىزى توغرىسىدا غەم - ئەندىشىگە قاپتۇ، قىزنىڭ چاتىقى ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تويىنى چاپسانراق ئۆتكۈزۈپ، شازادىنى پاتراق يولغا سېلىشقا ئالدىراپتۇ، نۇرغۇن پۇل - مالنى سەرپ قىلىپ، تويغا تېزدىن تەييارلىق كورۇپتۇ ۋە يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

توي كۈنى قېرىلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بوپتۇ. كېچە - كۈندۈز ھەممە مېھمانلار مەشرەپ ۋە ئويۇن - تاماشىلار بىلەن بوپتۇ. لېكىن پادىشانىڭ ئوي - پىكرى قىزى بىلەن شازادىدە قاپتۇ، تىنماي باشقىلاردىن قىزى بىلەن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇپتۇ. توينىڭ ئالتىنچى كۈنىگىچە قىز يۈزىدىن چۈمبەلنى ئالماي، تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. باشقىلار ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ ۋە قوشاق توقۇپ ئولتۇرسا، قىز ئۆزىنىڭ سويگەن يارى بولغان شازادىنى ئويلاپ يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى پادىشا ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ، پۈتى كويگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ. توينىڭ ئاخرقى كۈنى كوپچىلىك بۇرۇنقىدەك يەنە ئوز ئويۇن - تاماشىسى بىلەن بولۇپ قالغاندا، شازادە مەلىكىگە ئوزىنى ئاشكارا قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئاغزىنى يېقىپ، ئوزىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپتۇ. مەلىكە

ئەتتە قولۇمغا كەلتۈرمەكچى بولغان قىزنى تاشلاپ نەگە بارىمەن؟! قانداقلا بولمىسۇن شۇ قىزنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ چارىسىنى قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئاخىر ۋەزىر شازادىگە:

— ئەمدى باشقا ھېچقانداق چارە يوق. ئارىمىزدىن بىر چىرايلىقراق يىگىتنى تېپىپ، ئۇنى شازادىلەرچە كىيىندۈرۈش كېرەك. مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز يۇرتىمىزغا بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جانابىلىرىغا كونىمەيدىغان ئىلاجى يوق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ، شازادىگە بۇ پىكىر بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەلىكىگە يارىغىدەك يىگىت تېپىلماپتۇ، ھېچقايسىسىنىڭ چىرايى شاپتۇل ساتقان شازادىچىلىك يوق ئىكەن. ئۇلار ئاخىر شاپتۇل ساتقان شازادىنى ئالدىماقچى بولۇپتۇ-دە، ۋەزىر ئۇنىڭغا مەقسەتنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپ شازادىگە راسا ياققان بولسىمۇ، لېكىن چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن:

— ئۆز ئىشىڭلار ئىكەن، ئۆزەڭلار قىلىڭلار، مەن بولسام ئوقەت قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىر يولۇچىمەن. مېنى ئۇنداق خىجىل قىلماي كېتىشىمگە رۇخسەت بېرىڭلار، — دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر كوپ يالۋۇرۇپتۇ، ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىر پۇل بىلەن ئالدىماقچى بولۇپ، يېنىدىن بەش تىللا ئېلىپ تەڭلەپتۇ، يەنە ئۇنىماپتۇ، يەتتە تىللا بېرەي دەپتۇ، شازادە ئاران ئۇناپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ شازادىنى كىيىندۈرۈپ مەھگە ساپتۇ، مەپىدىكى شازادىنى باشقا مەپىگە سېلىپ، يۈزىگە چۈمبەل يېپىپ، مۈڭگۈزىنى بىر پارچە رەخت بىلەن ئوراپ قويۇپتۇ ھەم ۋەزىر ئۇنىڭغا شەھەرگە بارغاندا ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرۇشىنى ئۇق-

لىرىنى قېتىپ تەييارلاپ بوپتۇ. ھەممىسى مەلىكىنىڭ چىقىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مەلىكە چىقماپتۇ. مېھمانلار بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇشۇپتۇ. پادىشا مەلىكىنىڭ چىقماي تۇرۇۋېلىپ، مېھمانلارنى ساقلىتىپ قويىغىنىغا بەك خاپا بوپتۇ، چۈنكى مېھمانلارنىڭ ئىچىدە باشقا ئېلىملاردىنمۇ كەلگەن مېھمانلار بار ئىكەن. پادىشا شۇلاردىن بەك ئۇيۇلۇپتۇ. دەرھال ئۇ بىر كېنىزەكنى كىرگۈزۈپتۇ. كېنىزەك چىقىپ پادىشاغا:

— پادىشاھى ئالەم، مەلىكىنىڭ چىقماسلىغىدا بىر سەۋەپ بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— ھە! نىمە سەۋەپ؟

— "دادام ياغاچ ئاتنى قوشۇپ بەرمىسە بارمايمەن" دەيدۇ، — دەپتۇ كېنىزەك.

پادىشا دەرھال غەزەپكە كېلىپ، جاللات، دەپ ۋاقىراپتۇ. جاللاتلار شۇ ھامان پادىشانىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپتۇ. پۈتۈن مېھمانلار بۇ ئىشقا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ. ئاخىرى چەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ بىرسى پادىشاغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— قويسىلار پادىشا، بۇنىڭغا ئانچە خاپا بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ياش باللار ئويۇنغا ئامراق بولىدۇ، ئىچى پۇشقاندا ئويناپ كۆڭلىنى ئاچار، سورىغان نەرسىسىنى بەرسىلە، — دەپتۇ.

پادىشا مېھمانلارنىڭ يۈز-خاتىرسى ئۈچۈن ياغاچ ئاتنى نائىلاج مەلىكىگە قوشۇپ بېرىپتۇ. داغدۇغا بىلەن قىز-يىگىتنى يولغا سېپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈنلەر يول مېڭىپ، مۆڭگۈزلۈك شازادىنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپتۇ، لېكىن قېچىشنىڭ پەيتىنى تاپالماپتۇ. ئەگەر

ئاڭال ئىشەنمەيتۇ، ئاخىرى چۈمبەلنى ئاستا ئېچىپ قارىسىغىدەك بىرسىتا، دېگەنىدەك ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتى ئىكەن. مەلىكە ئوڭمۇ ـ چۈشۈمۇ دەپ، خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي قاپتۇ. شازادە باشقىلارنىڭ، خۇسۇسەن پادىشانىڭ تۇيۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەلىكىنىڭ تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشىنى سوراپتۇ. مەلىكىمۇ چاندۇر-ماسلىققا تىرىشىپتۇ. شازادە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزغا ئۆزىنىڭ بۇيەرگە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەتە پادىشا بىزنى يولغا سالىدۇ، ئەگەر بىز سىزنى ئالغىلى كەلگەن شازادىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغان بولساق، سىز پۈتۈنلەي شۇنىڭ ئەمرىدە بولۇپ قالىسىز، مېنى بولسا، ئۇ يۇرتتىن ھەيدەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھازىردىن باشلاپ قانداق قىلىپ بولمىسۇن قۇتۇلۇشقا تىرىشايلى. بۇنىڭ ئامالى قېچىش. قېچىش ئۈچۈن ياغاچ ئات كېرەك. سىز ئەتە "دادام ياغاچ ئاتنى بەرمىسە بار-مايمەن" دەپ تۇرۇۋېلىڭ. دادىڭىز ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن قورقاتسىمۇ چىڭ تۇرۇڭ. سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ياغاچ ئات قولغا كەلمىسە، بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان.

بۇنى مەلىكە جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنلاشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

بۇ كۈنى توي بەك قىزىپتۇ، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى قىز بىلەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدە بوپتۇ، بۇ ئەھۋالنى ئۇققۇشقا كەلگەن يەڭگە موماي بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، دەررۇ بېرىپ پادىشاغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشانىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەندىلا ھەممە مېھمانلار شازادە بىلەن مەلىكىنى ئۇزىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ. شازادىنىڭ ئېتىنى توقۇپ، مەپە-

ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ياغاچچىغا مۇكاپات بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. دادىسى شازادىنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياغاچچىغا ناھەق جازا كەسكەنلىگىگە بەك خىجىل بولۇپتۇ ۋە شازادىنىڭ تەلىۋى بويىچە دەررۇ ياغاچچىنى ئازات قىپتۇ. شازادە شۇ ھامان ياغاچچى بىلەن كورۇشۇپ، ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ، پادىشا ياغاچچىدىن كوپ ئەپۇ سوراپتۇ ھەم نۇرغۇن پۇل ئىنئام بېرىپ، ھۇنىرىنى تېخىمۇ تەكەممۇللاشتۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ. پۇتۇن يۇرتتا شازادە بىلەن مەلىكىنىڭ قىرىق كېچە-كۇندۇز تويىنى قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشا قېرىپ قالغانلىغى ئۇچۇن ئوغلىغا ئوز تەختىنى ئوتۇنۇپتۇ.

ئۆردىغا كىرىپلا قالسا ئىش چاتاق، شازادە يەنە مەلىكىگە:
— سىز ئۆردىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۆز قولۇم بىلەن 7 تەخسە تىللانى كۆپچىلىكنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچمىسام ئۆردىغا كىرمەيمەن دەڭ، ئۇلار نائىلاج تىلىگىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. تىللانى ئېلىپ چىققاندا يەرگە چېچىڭ، ئاندىن ئۆردىدىكى شازادىدىن تارتىپ پۈتۈن ۋەزىر، ئۆلىمالار غىچە چىقىپ تەرسۇن دەڭ. ئۇنىمۇ قىلماي ئىلاج يوق. ئۇلار تىللا بىلەنلا بولۇپ كەتكەندە، ياغاچ ئاتقا مىنىپ قاچىمىز، — دەپ گەپ ئۆگىتىپتۇ.
دەل ئۆردا ئالدىغا كەلگەندە مەلىكە شازادىنىڭ دېگىنى بويىچە تەلەپ قويۇپتۇ، ئۆردىدىكىلەر نائىلاج ماقۇل بولۇپ.....ئۇلار راست تىللا تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەندە شازادە بىلەن مەلىكە ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ-دە، ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىغىنى بىر بۇراپ ئاسمانغا ئۇچقەك ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەملەر بولسا ھەيران بولۇپ، ئاسمانغا قارىغىنىچە قاپتۇ..شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى سالامەت شازادىنىڭ يۇرتىغا ئۇچۇپ كەپتۇ.
پادىشا ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كېچە-كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ ساۋدايى بولۇپ قالغان ئىكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى ياغاچ ئاتنى ياسىغان ياغاچچىدىن كۆرۈپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ، ئاخىرى شەھەردىكى چوڭ دەرۋازىغا مىخلاپ قويماق بوپتۇ. شازادىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ھېلىقى ياغاچچىنى دەرۋازىغا مىخلاش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. شازادە كېلىپلا دادىسىدىن ياغاچچىنى سوراپتۇ، ئاندىن ياغاچ ئاتنىڭ خاسىيىتىنى، بۇ ئات بولمىسا نۇرغۇن ئىشنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇنداق چىرايلىق، ئەقىللىق بىر مەلىكىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى

قىز توققۇز يىلغىچە ئەتىنگىنى جاڭگالغا چىقىپ، كەچتە ئېغىلدا يۇرۇپ مال بېقىپتۇ. ئاخشىمى ئاش ئېتىپ، كىر يۇيۇپ، ئوتۇن كەسلەپ، نان يېقىپتۇ. شۇنداق تىنماي ئىشلەپ يۇرسىمۇ، يەنە تىل، تاياق، دەشنەمدىن قۇتۇلماپتۇ.

بىر كۇنى ئوگەي ئانا ھەجەر قىز مال بېقىۋاتقان يەرگە ئوغۇر-لۇقچە بېرىپ مارىلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز "ئەمدى چۇش بولدى، بىردەم ئارام ئالاي" دەپ مالىلارنى بىر يارلىقنىڭ سايىسىغا ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى جىگدىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋېتىپتىكەن، كورۇپ قاپتۇ:

— ھە! نىمىشقا ئوتۇن-چاۋانى ئاز تېرىپ كېلىدىكىن دىسەم، ئۇخلايدىكەنسەن ئەمەسمۇ، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان ئەزمە، ھارام تاماق! ......-دەپ جاڭگالنى غۇدۇر-سۇپۇر قىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۇرۇپ-چەيلەپ يېنىپ كەپتۇ.

ئەتىسى قاق سەھەردە ھەجەر قىز مالىلارنى ئەپچىقىپ كېتىۋاتسا، ئوگەي ئانا:

— ھوي ئەسكى، نىمە بۇگۇن چېچەنلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتىغۇ، توختا! مال باققان يەردە ئۇخلاپ ياتماي، ماۋۇ ئۇچنى ئېگىر-گەچ كەل!-دەپ بىر مۇنچە ئۇچ (يىلتە پاختا) بېرىپتۇ. قىز گەپ ياندۇرالماي، ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمدى مال بېقىپ، تېزەك تېرىش-نىڭ ئۇستىگە يىپمۇ ئېگىرىپ كېلىدىغان بوپتۇ. كەچتە ھېرىپ ھالى قالمايدىغان بوپتۇ. ئويگە كەلسە يەنە ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوگەي ئانا: "ئۆيىتىم ئوغلاققا ئارام ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ!"-دەپ، ئېگىرىپ كېلىدىغان ئۇچنى كۇندىن-كۇنگە كوپەيتىپتۇ. ئاخشىمى خوشنا ئۇستىغا شاگىرتلىققا سېلىپ، كېيىنچە كەچتىمۇ بىكار

# ئالتۇن كەش

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، يىتىم بۇلۇڭدىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يۇرتتا بىر ئوگەي ئانا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى ئوگەي ئىكەن، كىچىك قىزى ئۆز ئىكەن. ئوگەي قىزنىڭ ئېتى ھەجەرخان، ئۆز قىزىنىڭ ئېتى پاتىمخان ئىكەن.

ھەجەر قىز چىرايلىق، ئىشچان، تىرىشچاق ئىكەن. پاتىمخان سەت، ھورۇن، ئۇرۇشقاق ئىكەن؛ غىزاغا، كىيىمگە بۇدۇشقاق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئوگەي ئانا ئۆز قىزىنى ئاززۇلاپ، ئوگەي قىزىنى خارلاپتۇ. قارىما، كوزۇڭنى ئويۇمەن، سوزلىمە، تىلىڭنى كېسىمەن، دەپ قىيناپتۇ، غىزا-تاماق، كىيىم-كېچەكلەرگە قارىماپتۇ، چاچلىرى چۇگۇلسىمۇ تارىماپتۇ. بېچارە قىز ئاشقان-تاشقاننى كىيىپ، ناننىڭ كويۇگىنى يەپ، ئاشنىڭ سۇيۇغىنى ئىچىپ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ چوڭ بوپتۇ. يەتتە ياشلارغا كىرىپتۇ.

بىر كۇنى ئوگەي ئانا:

— ھەي نان قېپى، پىتىلىق... قاچانغىچە كىچىك بولىسەن، ئەمدى ساڭا بىكار نان نەدە! ماڭ جۇگۇ، ماۋۇ سىۋەتكە ئوتۇن-چاۋا، تېزەك تەر، ماۋۇ ماللارنى يۇتتەرمەي. خەقنىڭ ماللىرىغا ئارىلاشتۇرماي بېقىپ كەل. مالنىڭ بىرتى-يېرىمىنى يۇتتەرسەڭ، ئۇرۇپ ئولتۇرۇمەن! — دەپ پادا باققىلى ساپتۇ.

"كەچتە ئۆيگە بارغاندا تاياقتا ئۆلىدىغان بولدۇم" دەپ يىغلاپ، شۇنداق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، بىر قۇيۇن كەپتۇ-دە، قىزنىڭ يېنىدىكى ئۆچلارنى كوتۇرۇپ ئەكىتىپتۇ. قىز: "ۋاي ئەمدى ئۆيگە بارغاندا نىمە دەرمەن!......"دەپ يىغلاپتۇ. قۇيۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ:

— جېنىم قۇيۇن ئاكا، ئاپام ئۇرىدۇ، ئۆچۈمنى بېرىۋەتسىلە، - دەپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ. قۇيۇن كېتىۋېرىپتۇ، قىزمۇ قوغلاۋېرىپتۇ. بىر چاغلاردا قارىسا، قۇيۇن چوگىلەپ ئۆچقان پېتى بىر يارنىڭ كامىرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قىزمۇ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر بوستانلىق ھويلا، ئوتتۇرىدا ئۆي، يېقىنراق بارسا، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر موماي كورۇنۇپتۇ. قىز ئاستا بوسۇغىغا كېلىپ:

— ئەسسالام، چوڭ ئانا، - دەپتۇ. موماي سالامنى ئېلىك ئېلىپ:

— كېلىڭ، يۇقۇرى چىقىڭ...... بېشىڭىزغا نىمە كۈن چۈشتى، قىزىم؟ - دەپتۇ. قىز قول باغلاپ تۇرۇپ:

— قۇيۇن ئاكام ئۆچلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ئارقىسىدىن يۈگەرسەم، مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتتى، - دەپتۇ. موماي:

— قورقماڭ بالام، ئۆچىڭىز بار. سىز ئاۋال ماڭا تومىلىغىنى بېلىگىزدەك، ئىنچىكىلىگىنى بىلىگىزدەك كېسىپ بىر ئاش ئېتىپ بېرىڭ. سۇيۇق ئاش سېغىنىپ قالدىم، قىزىم، - دەپتۇ. قىز:

— خوپ، چوڭ ئانا، - دەپ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاشقا تۇتۇش قىلىپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خېمىرىنى چاچتەك كېسىپ، ناھايىتى مېزىلىك ئۇگرە ئاش ئېتىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپتۇ. موماي ئاشنى ئىچىپ بولۇپ:

قويماي، ئەتلەس، شايى توقۇتىدىغان بوپتۇ. بىچارە يېتىم قىزغا ئەمدى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇ يوق. كۈندۈزى مال بېقىش، تېزەك تېرىش ناھايىتى تەس كېلىدىغان بوپتۇ. يېپىنى ئېگىرىپ ئۈلگۈرتەلمەي، كۈندە پادىدىن قايتقاندا تاياق يەپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. كەچتە يەنە ھىلىقىدەك ئىشلار. ئۇيقىسى كېلىپ يىقىلىغاندا، پۇت- قولىنى سۇنغىدەك ئۇرۇنمۇ يوق، قىينىلىپتۇ. يېشى مۇشۇ كەمگە كەلگىچە، ياز كۈنلىرى دالىدا، ھويلىدا پاشا، كۆمۈتىغا يەم بولۇپ، شېخىلدا يېتىپتۇ. قىش كۈنلىرى قوي، كالىلارنىڭ ئارىسىدا زەي- نەم بولۇپ، سالجا، كانىغا يەم بولۇپ، ئېغىلدا يېتىپتۇ، جەۋرى- زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ. ئەمدى كېچىلىرى تىنماي ئۈنسىز يىغلاپ چىقىدىغان، كۈندۈزلىرى ھېچكىم يوق جاڭگالدا يىغا بىلەن تولۇپ ناخشا ئېيتىدىغان بوپتۇ:

پا، پا، پاشىنىڭ دەردى،
سالجا، كانىنىڭ دەردى.
ھەجەپمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

نان بەرسە كويۇك بەردى،
ئاش بەرسە سۇيۇق بەردى.
ھەجەپمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

بىر كۈنى ھەجەرقىز جاڭگالدا ئۇچىنى ئېگىرىپ بولالماي:

— ھەي جۇۋاينىمەك، بېشىڭدىكىنى نەدىن تاپتىڭ؟ ساڭا قايسى ئەقىلسىز يىگىت يولۇقتى؟ ھوي، گەپ قىل، ئەر سېغىنىپ قالغان ساراڭ! — دەپ ئالتۇن كوكۇلىسىنى قىزى بىلەن كېلىپ يۇلغىلى تۇرۇپتۇ. بىچارە قىز قورققىنىدىن يىغلاپ، بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. ئوگەي ئانا شۇنچە قىلسىمۇ ئالتۇن كوكۇلىسىنى يۇلالماپتۇ. قوسىغىغا بىر ئويىنى پۇكۇپ، ئوشۇقچە گەپ - سوز قىلالماپتۇ.

ئەتىسى ئوگەي ئانا ئوزىنىڭ قىزىنى قولىغا ئوچ - چاقىلارنى تۇتقۇزۇپ، مال باققىنى چىقارتىپتۇ. ھەجەرقىز ھويلا - ئارامىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئوزىنىڭ باققان كۇچىكى بىلەن چۇجىسىنى تويغۇزۇپ، باشلىرىنى سىلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ھويلىغا ئوگىنىپ قالغان بىر جۇپ كەپتەرگە ئوغۇرلۇقچە دان چېچىپ بېرىپ، باققا چىقىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۇنى "ئانىسى" پاتما قىزنى نىمە بولۇپ كېلەركىن، دەپ يولىغا قاراپ، ئويدىمۇ ئولتارماپتۇ.

ئەمدى گەپنى پاتىمخاندىن ئاڭلايلى:

پاتمەك ماللارنى ھەيدەپ، چاقلارنى كوتىرىپ جاڭگالغا بېرىپتۇ. ئىسسىققا چىدىماي ئانىسىنى تىللاپ، ئوچنى نىمە قىلىشنى بىلمەي، بۇرنىنى تارتىپ يىغلاپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىزدىن قۇيۇن كېلىپ، كوزلىرىگە توپا چېچىپ، ئېتىگىدىكى ئوچلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ. پاتمەك يىغلاپ:

— بېشىڭنى يەيدىغان قۇيۇنتا ......ز، ئوچۇمنى بەر......، ئوچۇمنى بە...بە، ئوچۇمنى بە! — دەپ ئارقىسىدىن يۈگرەپتۇ. قارىسا، قۇيۇن بىر يارنىڭ توشۇگىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئارقىسىدىن كىرىپ، ئويىنى كورۇپ، موماينىڭ يېنىغا بېرىپ چالۋاقاپ:

— ھوي قېرى، قۇيۇن تېزىڭ ئوچۇمنى ئەكەتتى. ئېلىپ

— قىزىم، ئەمدى قازان-قومۇچنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى مورىغا، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى تۆگلۈككە تۆكۈۋېتىڭ، — دەپتۇ. قىز دەررۇ قازان-قومۇچلارنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى يۇندا چېلەكگە، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ.

موماي:

— قاراڭ قىزىم، تۆرۈپلا بېشىم قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى، چېچىمنى يۇلۇۋېتىڭ، — دەپتۇ. قىز مومايىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ، تاراپ، ئوبدان ئۆرۈپ قويۇپتۇ. موماي خوش بولۇپ:

— رەھمەت! ئەمدى، قىزىم، ئاۋۇ بۆلۈگدىكى كۆپتە ئۈچىڭىز بار، ئېلىپ ئۆيىڭىزگە ئىلدام كېتىڭ، — دەپتۇ.

قىز كۆپنىڭ ئىچىگە بېشىنى شۇنداق تىقىپ قارىسا، يوپ-يورۇق بىر ئۆي، ئۈنچە-مارجان، ئالتۇن-كۈمۈش...... دۇنيا تۆرۈپ كەتكەن. قىز ھېچنىمىگە نەزەر كوزىنى سالماي، ئۆزىنىڭ ئۈچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۈچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قاپتۇ. قىز كەينىگە يېنىپ شۇنداق ماڭاي دېسە، بېشى ئېغىر تۇرغىدەك. سىلاپ باقسا، بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ئۈنۈپ قاپتۇ. قىز مومايغا ئېگىلىپ، رەھمەت-تازىم ئوقۇپ، خوشلىشىپ ئارقىسىچە يېنىپتۇ.

موماي:

— توختاڭ قىزىم، بېرى كېلىڭ، بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە، مۇشۇ چېچىمنى ئوتقا سالسىڭىز، مۇشكۇل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، — دەپ بېشىدىن ئىككى تال ئاق چېچىنى يۇلۇپ بېرىپتۇ. قىز يەنە بىر تازىم قىلىپ قايتىپتۇ. يولدا جاڭگالدىن سىۋەت، چاقلىرىنى ئېلىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بارسا ئوگەي ئانا:

ئايلىنىپ، ماڭالاي ـ چوققىسىغا بىر ئېشەك مەددىگى ئۈنۈپ قاپتۇ. ئوگەي ئانا: "ۋاي ئولەي، قانداق پەس، بالامغا قىلغاندۇ قەس!" دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ. قىزنى ئۇيگە سولاپ پەرۋىش قىلىپتۇ، قىلمىغان داۋا، بارمىغان مازا ــ ھېچنىمە قالماپتۇ، ھەممىسىلا ھېچ پەرۋا كەلمەپتۇ. قىزى موماينىڭكىدىن ئوغۇرلاپ كەلگەن پۇلدەك نەچچە ھەسسە پۇل چىقىپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئاي ئوتۇپتۇ، يىل ئوتۇپتۇ. كۇنلەردىن بىر كۇنى شۇ شەھەردە بىر باي كاتتا توي قىلىپ، يۇرتتا بىرمۇ ئوي قالدۇرماي تويغا چىللاپتۇ.

ئوگەي ئانىنىڭ تويغا بارغىسى كەپتۇ، تويدىن زەللە ئالغىسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قاق سەھەردە، قاغا قاق دىمەستە، ھەجەر قىز ماللىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتىسا، ئويدە يېتىپ سىزىپ:

ــ ھوي، ھەجە.....ك! مەيەرگە كەل جوۋاينىمەك! ـ دەپ توۋلاپتۇ.

ھەجەر قىز كىرسە:

ــ ھوي ئۇيقۇ سارىڭى قاسماق، بۇگۇن ھەجەپ بىر سەگەكلىگىنىڭ تۇتۇپ كېتىپتىغۇ!؟..... بېرىراق كەل، ما گېپىمنى ئاڭلا: بۇگۇنچۇ، بىز تويغا بارىمىز. سەن ئاۋۇ ماللىرىڭنى بىر ھەقدىمسايىنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ، ئىلدام كىر، ئەزمە! ـ دەپتۇ.

قىز ماللارنى خوشنىلارنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ، يېنىپ كىرىپتۇ. كىرىپ، ھويلا ـ ئارامىلارنى سۇپۇرۇپتۇ، قاپاقتا سۇ ئەكىرىپ، بوش قاچىلارنى تولدۇرۇپتۇ. كۇچۇگىگە ئاداپ ئېتىپ بېرىپ، پىشايۋاندا چوجىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

بەر......! ـ دەپتۇ. موماي بېشىنى بىر ـ ئىككى چايقاپ قويۇپ:

ــ توختا، چالۋاقىما! ئولتا! ئاۋال سەن ماڭا بىر ئاش ئېتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۈچۈڭنى ئال، ـ دەپ، خۇددى تۈنۈگۈن ھەجەر قىزغا بۇيرىغان ئىشلارنى بۇيرۇپتۇ. پاتمەك قىلماي دىسە، ئۈچۈمنى بەرمەمدىكىن، دەپ غودۇڭشۇپ يۈرۈپ، ئەزمىلىك بىلەن ئاشنى ئېتىپتۇ. خېمىرنىڭ تومлۇغىنى بېلىدەك، ئەڭ ئىنچىكىسىنى بىلىگىدەك قىلىپ پۈشۈرۈپتۇ. موماي ئاشنى ئىككى ئوتلاپ نېرى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ. ئاندىن پاتمەك قازان ـ قومۇچنى جاقۇر ـ جۇقۇر سىلكىپ يۇيۇپ، يۇندىنى موردىن، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلىتىنى تۆڭلۈكتىن توكۇپتۇ. كېلىپ دۈشكەلەپ، مومايىنىڭ چېچىنى يۇلۇپتۇ......

موماي ئىچىدە ئوگەي ئانا بىلەن پاتمەككە لەنەت ئوقۇپ:

ــ ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۆپتە ئۈچۈڭ بار، ئېلىپ كەت! ـ دەپتۇ.

پاتمەك يۈگرەپ بېرىپ كۆپنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ، شۇنداق قارىسا، دۇنيا دىگەن تورۇپ كەتكەن. ئاچكوزلۇك بىلەن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى تىقىۋېلىپ، ئۈچىنى ئاپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا قارىماي ئۆيىگە يۈگرەپتۇ. يولدا ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، چاقنى كوتىرىپ كېتىپ بارسا، باشلىرى قىچىشىپتۇ: "ھە راستلا، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئالتۇن كوكىلا ئۈندىمىكىن" دەپ بېشىنى سىلاپ باقسا، باشلىرىنى قوماق بېسىپ، چوققىسىدا بىرنىمە پۈلتىيىپ لومۇلدەپ تۇرغىدەك. شۇ يەردىن ماللىرىغىمۇ قارىماي يىغلاپ مېڭىپتۇ. ئاڭغىچە ئالدىغا ئانىسى يېتىپ كېلىپ:

ــ ۋاي جىنىم قىزىم، كەچ قالدىڭغۇ؟! يائاللا، نىمىگە يىغلايسەن؟ نىمە بولدى؟ بېشىڭنى نىمىشقا يوگۇۋالدىڭ؟! ـ دەپ، ئالدىراپ قىزىنىڭ بېشىنى ئېچىپتۇ، قارىسا، بېشى كەيىمە تازغا

قىز چاچراپ قوپۇپ تازىم قىپتۇ. يىغلاپ ئۆزىنى مومايىنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ، دەردى-ھالىنى ئېيتىپتۇ. موماي:

— بىلمەن قىزىم، بىلمەن، ئۆزۈڭگە قىلدۇ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! — دەپتۇ.

— قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كوكسىگە قويۇپ قول باغلاپتۇ. موماي:

— يىتىمنىڭ كوڭلى مېنىڭ كوڭلۇم، سېنىڭ غېمىڭنى مەن قىلاي قىزىم، مەڭ ماۋۇ ئاچقۇچنى، ئاۋۇ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىڭ. تارتىنماي ئىچكىرى كىرىپ، ئالتۇن كات ئۈستىدىكى بوخچىنى كوتىرىپ چىقىڭ، — دەپتۇ. قىز ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، ئوتتۇرىدىكى يېشىل سىرلىق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەۋەتمۇ-قەۋەت گۈللۈك ئىشىكلەر ئارقا-ئارقىدىن جاراڭلاپ ئېچىلىپتۇ. قىز موماي دىگەن يەردىن بىر بوخچىنى ئېلىپ، تەن-تېنىگە سىغماي خوش بولۇپ كوتىرىپ چىقىپتۇ. موماي قىزنى يۇغان تەشتەككە چۈشۈرۈپ سوۋۇنلاپ يۇيۇپتۇ. ئەزالىرىنى پاكىز سۈرتۈپ، باشلىرىنى تاراپ، ھېلىقى بوخچىدىكى تۈرلۈك كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپتۇ. كىيدۈرگەندە ئۈستىگە ھوردەك يۇمشاق، ئەينەكتەك سۈزۈك مەشۈت كوينەك، چىمەن گۈللۈك تاۋا كەمزۇل، چىلتەك پەشلىك، ئۇقا ياقىلىق كىمخاپ چاپان، تەيتۇللا دوپپا كىيگۈزۈپتۇ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە، مارجان، ياقۇت چېچىلغان يېپەك رومال ئارتىپتۇ. پۇتىغا ئالتۇن كەشلىك گۈلجاڭ مەسلەرنى كىيگۈزۈپتۇ. بىلەكلىرىگە قوش ئالتۇن بىلەيزۈك، قوللىرىغا گوھەر كوزلۈك ئۈزۈك، قۇلاقلىرىغا زۇمرەت كوزلۈك ئالتۇن زىرە سېلىپ، ھور پەرىلەردەك ياساندۇرۇپتۇ. ئۈستىگە ياغلىق توقاچ،

ئۇينىڭ ئىچىدە ئوگەي ئانا بىلەن قىزى ياسىنىپتۇ. پاتمەك ياسىنىپ بولۇپ:

ــ ئاپا، بىز كەلگىچە ھەجەك سارائ بىكار ئولتۇرامدۇ؟ ــ دەپتۇ. ئانىسى:

ــ ۋىيەي، نىمە دىگىنىڭ ئۇ، ئۇي ساقلىغانمۇ ئىشمۇ! بىكار تۇرغۇزامدىغان ئۇ تىرىك تاپنى، ــ دەپ، قازناقتىن بىر چارەك ئاق ئۇششاق بىلەن بىر چارەك تېرىقنى ئەپچىقىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۇۋە قۇمنىڭ ئۈستىگە توكۇپ، ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن:

ــ ھەي نان قېپى، بىز كەلگىچە، ئاق ئۇششاقنى باشقا، تېرىقنى باشقا ئايرىپ، ئىككىسىنى ئىككى بولەك خورجۇنغا ئېلىپ قوي. بىر تېلىنى زايە قىلساڭ، كوزۇڭنى ئويۇۋالىمەن. ئاندىنچۇ، گورۇڭگە كىرىپ، ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇپ قويغىن. ھويلا ــ ئارامغا ئوبدان قارا، قىل يۇتسە، بوينۇڭنى قۇشقاچنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزىمەن. بۇيرىغان ئىشلىرىم چالا قالسۇنچۇ، قېنى، مەندىن نىمە كورىسەن ...... ــ دەپ پاتما قىزنى ئېلىپ تويغا كېتىپتۇ.

ــ قىز "بۇ نىمە دىگەن زۇلۇم!" دەپ قانداق قىلىشنى بىلمەي قېتىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ھىلىقى مېھرىۋان مومايىنى ئەسلەپتۇ. ئۇنىڭ بەرگەن چېچىنى قانداق بولار كىن! دەپ ئوتقا ساپتۇ. شۇ زامانلا ھويلىدىكى دەرەخلەر شالدىرلاپ، ئالەمنى قويۇن قاپلاپتۇ. قىز ھويلىدا بىر پىقىراپتۇ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ..... بىر ۋاقىتتا كوزىنى شۇنداق ئاچسا، ئۇزا يىلى ئاش ئەتكۈزۈپ، ئىككى تال چېچىنى بەرگەن موماي بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغىدەك.

قىز شۇنداق ئېسىنى يىغىپ قارىسا، مەپە ناغرا، كاناي، ناخشا، ئۇسۇل، داغ - دۇغا بىلەن توي - مەرىكە بولۇۋاتقان ھويلىغا كىرىپ توختاپتۇ.

توي ئىگىلىرى، ساھىپخانلار:

— ۋاي، ئېسىل مېھمان كەلدى، تويىمىزنىڭ ھۆرمىتى! — دەپ، قىزنى پاياندازلارغا دەسسىتىپ، خوتۇن خەقلەر قايناتقان كەڭ سورۇنلۇق ياسىداق سارايغا باشلاپتۇ. چوڭ - كىچىك ھەممە ئورۇنلىرىدىن دۈررىدە قوپۇپ، كورۇشۇپ تورگە ئۆتكۈزۈپتۇ.

توردىكى خوتۇنلارنىڭ بىرسى:

— بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكە زادىسىدۇ؟ - دەپتۇ.

يەنە بىرسى:

— قايسى باينىڭ ئەركە قىزىدۇ؟ - دەپ ھەيران بولۇشۇپ قاپتۇ.

ئاڭغىچە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇلۇپ، داستىخان سېلىنىپتۇ. يەتمىش ياڭزا يەل - يېمىش، قەن - گىزەكلەر تىزىلىپ، چاي قۇيۇلۇپتۇ. ئارقىدىن ھالۋا، قايماق، رىشالە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇگرە، قورداق - كاۋاپ، قويۇق ئاشلار تارتىلىپتۇ. ھەجەرقىز سورۇنغا شۇنداق سەپ سېلىپ قارىسا، ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن ئەڭ ئاياقتا — كەش بازىرىدا ئولتارغىدەك. ئۇنىڭ بايلىغى، ھال تارتقۇلۇغى بۇ چوڭ توي - توكۈنگە كەلگەن نى - نى باي، ھال تارتقۇ خېنىملارنىڭ ئالدىدا نە - نەلدە قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھەجەرقىز ئالدىغا نىمە كەلسە، "ئاۋۇ مېھماننا سۇنۇۋەتسىلە، خاپا بولماي......" دەپ، "ئانىسى" بىلەن "سىڭلىسى"غا ئۇزۇتۇپ تۇرۇپتۇ، "ئالسىلا، قىزلىرىمۇ ئوبدانىراق باقسۇن" دەپ تىنماي

ئەتلەس، جانان چىنىلەر قويۇلغان بىر پەتنۇس ھازىرلاپ، يىپەك داستىخان بىلەن ئوراپ، موماي قولىدا تۇتۇپتۇ-دە، "جۇرۇڭ قىزىم" دەپتۇ. قىز بىر ياقتىن خوش بولۇپ، بىر ياقتىن ئەنسىرەپ:

— نەگە بارىمىز، ئانىكا؟ تېرىقلارنى قاچان ئادالاپ بولىمەن، جىنىم موما؟! — دەپ كۆزىگە ياش ئاپتۇ. موماي كۆيۈنۈپ:

— بىچارە قىزىم، غېرىپ قىزىم، ئەنسىرىمەڭ دىدىمغۇ، قىزىم شۇ باغرى تاش، قولى قان ئۆگەي ئانا بارغان تويغا سىزمۇ بارىسىز، بارغاندا ئۇلاردىن ئارتۇق ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن توي كۆرۈپ، كۆڭۈل ئېچىپ كېلىسىز. سىز تويدىن يانغىچە، تېرىق ئايرىش، ئەتلەس توقۇش، ئۆي ساقلاش — جىمى ئىشلىرىڭىز بىجا بولۇپ تۇرىدۇ. قېنى، قىزىم، موڭگۇزغا ئىشىنىپ، بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاڭ، — دەپتۇ.

قىز بوسۇغىدىن شۇنداق ئاتلىشىغا بىر چوكان كېلىپ، قىزنى قولتۇقلاپ مەپىگە چىقىرىپتۇ. قىز قارىسا، كىمخاپ يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە جاراڭلاپ، بىر مەپىكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغىدەك. موماي ئىككى قولىنى كۆتىرىپ:

— يېتىمنىڭ ئاھى، مومايىنىڭ دۇئايى، يولۇڭلار راۋان بولسۇن، دۈشمەنلەر ھەيران بولسۇن!..... ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، — دەپ دۇئا قىپتۇ......

قىز بىر قۇيۇن كېلىپ، مومايىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللەرنىڭ ئۈزىگە تازىم قىلىپ ئېگىلىپ، دەل-دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئالا-يېشىل كىپىنەك بولۇپ ئۇچقانلىغىنىلا بىلىپتۇ، قالغان ئىشلارنى بىلمەپتۇ......

كۇچۇكـكە بىر چىشلەم، خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە بىرنەچچە ئۇششاق كۇمۇلاچ قىلىپ ئايرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. كۇچۇك خېمىرنى يەپلا سوزگە كېلىپ:

— ئانا، ھويلىغا ھېچيەردىن ھېچكىمنىڭ كوز-قىرىنى سالغۇزماي قارانچۇق بولىمەن، - دەپ، تام توپىلىرى، دەرۋازىلارغا كوز-قۇلاق بولۇپتۇ. خوراز سوزگە كېلىپ، ئوگزىگە ئۇچۇپ چىقىپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ:

— قى-قى-قە-ق!
— ئارىلىشىپ كەتتى تېرىق...
ھەممىمىز ئولىشايلى،
يىتىم قىزغا بولىشايلى!
قى-قى-قە-ق!
قى-قى-قە-ق!

دەپتۇ. تەرەپ-تەرەپتىن، تۇش-تۇشتىن خوشنا-خولۇملار-نىڭ توخۇلىرى ھويلىغا يىغىلىپتۇ. كۇچۇك ئويدىن خورجۇننى چىشلەپ ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. توخۇلار ئولىشىپ چوقۇپ، خورجۇننىڭ بىر كوزىگە ئاق ئۇششاقنى، يەنە بىر كوزىگە تېرىقنى ئايرىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. كەپتەرلەرمۇ سوزگە كېلىپ:

— لەببەي ئانا، خىزمىتىڭىزگە تەييار، - دەپلا ئاسمانغا ئۇچۇپ، غايىپ بولۇپتۇ. بىردەمدىلا بىرمۇنچە كەپتەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇ كەپتەرلەر باققا چۈشۈپ، ھەر بىرى بىردىن مۆھ دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ، پەرى قىزلارغا ئايلىنىپتۇ، باغدىن قاتار بولۇپ چىقىپ،

ئەكىلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ......

كۈن خېلى ئېگىلىپ، توي ئاياقلىشاي دەپ قاپتۇ. قىز ھەممە-دىن ئىلگىرى ئۇزاپتۇ. شۇنچە تۇتسا ئۇنىماپتۇ. ھەممە خوتۇن-قىزلار: «ئۇيگە يورىغى چۇشكىدەك ھەجەپ چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمگە رچىلىگچۇ!......» دەپ ئارقىسىدىن قارىشىپ قاپتۇ.

قىزنىڭ مەيسى كەڭ چول، جاڭگاللار بىلەن مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە چىمەنلىك ئارىسىدا ئېقىۋاتقان چوڭ بىر سۇ بويىغا كەپتۇ. قىز بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۇچۇن سۇ بويىغا چۇشۇپتۇ. چىمەنلىك قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، سۇنى ئۇچۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ، مارجان چاچما قىلىپ ئويناپتۇ. سۇنىڭ مارجانلىرىغا قاراپ، تېرىق ئېسىگە چۇشۇپ، كوڭلىنى ئەندىشە بېسىپتۇ. ئاڭغىچە مەيكەش:

— ھەي قىزىم، يىراقتىن ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كورۇنۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىن ئىتتىگرەك كەتسەك قانداق؟ — دەپتۇ.

قىز يۇگرەپ مەيگە چىقىپتۇ. مەيە يولغا چۇشۇپ، بىر قۇيۇن بىلەن غايىپ بوپتۇ. شۇ ئالدىراشلىقتا، قىزنىڭ بىر پاي ئالتۇن كەشىسى سۇ بويىدىكى چىمەنلىككە چۇشۇپ قايتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئويىدىن ئاڭلايلى:

قىز تويغا ماڭغاندىن كېيىنلا، قۇيۇن ئانا — مېھرىۋان موماي ئوگەي ئانىنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بويتۇ. شۇ زاماتلا ھەجەر قىزنىڭ باققان ھىلقى كۇچۇگى، چۇجىسى، پىشايۋاندىكى بىرجۇپ كەپتەر مومايىنىڭ چورىسىگە ئولىشىپ، ئەركىلەپ، پۇتلىرىنى چوقۇلىشىپ-سۇيۇشۇپ كېتىپتۇ. موماي ئالقىنىدىن بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ،

— ......ئانىكا، مەن توردە ئولتۇردۇم، "ئانام" قىزى بىلەن پەگادا ئولتۇرۇپتۇ. يەل-يېمىش، ئاش-غىزا مەندىن باشلاپ تارتىلدى. كىيدۇرگەن كىيىملىرىڭىز، بولغان ئىززەت-ھۆرمەت، مېھماندارچىلىقنىڭ خوشاللىغىدىن گېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. ئالدىمغا كەلگەن مەزەلەرنى "ئانام" بىلەن "سىڭلىم"غا سۇنۇپ تۇردۇم. ئىچ-قارنىم ئېچىلىپ، كوڭلۇم كوتۇرۇلۇپ، ئوبدان ئويناپ كەلدىم. سىلىگە كوپتىن-كوپ رەخمەت...... — دەپ بىرنەمىدىن خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپتۇ.

— ئوبدان قىپسىز، قىزىم، "ئانىڭىز"نىڭ ئەقلى بولسا ئويلاپ قالار...... بەختىڭىز ئېچىلسۇن...... بىر كەشىنىڭ كارى چاغلىق...... ئەمدى قىزىم ئۆز ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، — دەپ قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ئاستا بىر سىلاپتىكەن، قىز ئۆزىنى ئۆز ھويلىسىدا كورۇپتۇ. قارىسا ھەممە ئىشلار قىلىنىپ بولغان...

ئاڭغىچىلىك ئوگەي ئانىسى قىزى بىلەن دەرۋازىنى مۇشتلاپتۇ. ھويلىغا كورەڭلەپ، ئالچاڭشىپ كىرىپ كەپتۇ. ئوگەي ئانا كىرىپلا:

— ھوي يېتىم ئوغلاق... بۈگۈن ھەجەپ پاكىز بولۇپ قاپسەن-غۇ! سۈنى بۇزۇپ... ئەرگە تەككىلى كەلدىمۇ-يا؟ كورە بۇ چىرايلىق ئاشقىنى! — دەپ كىكىرىپ، كالپۇكلىرىنى سەتلەشتۇرۇپ زاڭلىق ئېتىپتۇ. پاتمەكمۇ:

— ئەرگە تەككىسى كەلمىسە، باش-كوزلىرىنى تاراپ، ياسىنىشىنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا! ھوي، تىرنىقلارنى ئادالىدىڭمۇ؟ گەپ قىل! — دەپ بارغان بويىچە ھەجەر قىزنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئۇزۇپ-چىمدىۋاپتۇ. قىز:

— ئىلغاپ بولدۇم، ئەتلەسىنىمۇ توقۇپ قويدۇم... ئۇنىدىن

سۇپىدا ئولتۇرغان مومايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ، تازىم قىلىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ. موماي قىزلارنىڭ باشلىقىغا "كېلىڭ قىزىم" دەپ ئىشارەت قىلىپ، قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپتۇ. قىزلار دەررۇ دۇكانغا (ئەتلەس توقۇيدىغان ئۆيگە) كىرىپ، ئۈن-تۈنسىز ھەم سىلىقلىق بىلەن ئىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ: بىرسى يىپلارنى بوياپتۇ، بىرسى ئۇرۇش تارتىپتۇ، بىرسى توقۇپتۇ، بىرسى پاتلاپتۇ، بىرسى قاتلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەش-پەش دېگىچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇلۇپ، ئۆگەي ئانىنىڭ ساندۇغى ئۈستىگە تىزىلىپتۇ.

ئاخشامچىلىك توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ، خورجۇننىڭ ئىككى كوزىگە قاچىلاپ بوپتۇ. موماي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز جايلىرىغا تاراپتۇ.

قىزلارمۇ ئاق ئۆششاق-تېرىقلارنى ئۆز جايىغا ئەكىرىپ، دۇكان، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىپ، ئىش-كۈشلىرىنى تۈگىتىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپتۇ. موماي ئالقىنىدىن يەنە بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ، بايىقىدەك كۈچۈك، خوراز، كەپتەرلەرگە بولۇپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ خوشلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن قىزلارنى باشلاپ، باققا كىرىپ غايىپ بولۇپ كېتىپتۇ......

ئەمدى گەپنى يېتىم قىزدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز سۇ بويىدىن يولغا چىقىپ غايىپ بولغانچە، ئۆزىنى مومايىنىڭ ھويلىسىدا كورۇپتۇ. موماي:

— كېلىڭ قىزىم، — دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. قىز كېلىپ تويىدىن ئېلىپ كەلگەن نان-توقاچلارنى مومايىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. تويدا بولغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ:

تويىنىڭ ئاشقان ـ تاشقان گۆرۈچ، سوڭەكـلىرى سىلىنغان بىر يىلىم چوچىگىنى ھەجەر قىزنىڭ ئالدىغا دوققىدا قىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. ئوگەي ئانا:

ـ ھوي، يۇنداگنى ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىچىۋېلىپ، خەققە قوشۇپ قويغان ماللارنى ئېپ چىق. ئاندىن گورۇڭگە كىرىپ ئەتلەسلىرىگنى توقى! ـ دەپ قىزى بىلەن ئىچكىركى ئويگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قىز چوچەكـتىكى سوڭەكـنى كۆچۈكـكە، گۆرۈچـنى خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە چېچىپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ھەجەر قىز مالـلارنى باقـقىلى چىقىپ كېتىپ بارسا، ئوگەي ئانا:

ـ ھوي جىگدە پۇرىـغى تەكـكەن ساراڭ، توخـتا! مالـلارنى پادىغا قوشۇپ بېرىپ، ئىلدام كىر. ئەمدى سەن ئويدە ئولتۇرۇپ، ئەتلەس توقۇيسەن. تويـدا جەق خوتۇنـلارغا ئەتـلەس سېتىپ بېرىدىغان بولۇپ، نەرقىنى توختىشىپ كەلدىم. ھۇنەرگە سالغانمۇ مەن! پادا بېقىشتىن قۇتقىزىپ ئويدە ئولتۇرغۇزغانـمۇ مەن! باشقا يەردە سەندەك شۇم قۇش ئېـرىـماسـلارغا مۇنـداق دولەت نەدە تۇرۇپتۇ! بىلسەڭ، مۇشۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، رەختلەرنى ئوبدان توقۇساڭ بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىز قاراڭغۇ ئويگە سولىنىپ، بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىر ئىشقا قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ھىلىقى چۇشۇپ قالغان بىر پاي ئالتۇن كەشتىن ئاڭلايلى:

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىـشاسى بولۇپ، ئۇنىڭ شازادە ئادىـل دىگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ شازادە بالىغ بولغاندىن كېيىن،

كېيىن باش-كوزۇمنى يۇيۇپ، تارىۋالدىم، -دەپ يۈگرەپ ئۆيگە كىرىپ، ئاق ئۆششاق، تېرىق، ئەتلەسلەرنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسىتىپتۇ. ئۇگەي ئانا، ئىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى تېپىپتىمەن، دىگەندەك قىلىپ، ئەتلەسلەرنى كۆرۈپ، ھىجىيىپ-كالىچاراپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئانا، توي قانداق ئۆتتى؟ نىمە ئىشلارنى كۆرۈپ كەللە؟ -دەپ سوراپتۇ. ئۇگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام، ئاڭلىغىڭ كەلدىمۇ؟ ئاڭلا ئەمىسە، -دەپ ھىكايىغا چۈشۈپتۇ: — يۇرت يۇرت بولۇپ، مۇنداق توي بولمىغان. يۇرت تەۋرەپتۇ، نى-نى يۇرتلاردىن خېنىملار كەپتۇ. تويغا بىر يۇرتتىن بىر مەلىكىزات كەپتىكەن، بىزمۇ بىر داستىخاندا بولدۇق. قارىساڭ، بۇ پەرىزاتنى دۇنيادا بىرلا دەيسەن. ئۇ قىز شۇنچە خوتۇن-خەقلەرنىڭ ئارىسىدا بىزگە ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن قارىدى. ئۇ قىز شۇنچە توق بېسىق، چوڭ سۈپەت قىز ئىكەن. ئالدىغا نىمە كەلسە، ماڭا سۇنۇپ تۇردى. مەن يىدىم، سىڭلىڭ يىدى. توي دىگەندە ھەممە نىمە توكمە بولۇپ كەتتى. سىڭلىڭ-نىڭ تويىنى مەنمۇ شۇنداق قىلىپ بېرىمەن! -دەپ سوزلەپ كېتىپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئانا، مەن تۇرۇپ، سىڭلىمنىڭ كېيىنى قىلىپ كەتتىڭىزغۇ؟ -دەپ سېلىپ، يەرگە قارىۋاپتۇ. ئۇگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام...... ئۇزەڭ پادا باققان يەردە بىرنى تېپىۋا-لارسەن. ساڭا توي نەدە تۇرۇپتۇ، -دەپتۇ. پاتمەك:

— بۇ نەس باسقان قاچانمۇ پېشانەمدىن ئېرا؟! -دەپ تىللاپ، — مە، يەنە ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئالغاچ كەلدۇق! -دەپ،

تۆلىغىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردىن ئۇگەي ئانا پاتمەكىنىڭ بېشى-دىكى ئېشەك مەدىگىنى يەنە بىر قۇر كېسىپ تۈزلەپ، باشلىرىغا چاچلارنى چاپلاپ، ئۈستىگە يىپەك رومال، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماقلارنى، ئۇچىسىغا كىمخاپ تاۋار، پۇتلىرىغا گۆلچاڭ مەسىلەرنى كىيگۈزۈپ، ئۇزىچە گۆلدەك ياساندۇرۇپ، تەييارلىنىپتۇ. ھەجەر قىزنى بولسا، ئالتۇن كوكىلىلىرىنى تېخىمۇ بېشىغا پۇكلەپ قاتلاپ، ئۈستىگە خېمىرلارنى چاپلاپ، كېپەكلەرنى سۈۋاپ، ئەسكى لاتىلار بىلەن تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ ئوراپ، "كوزۇمگە كورۇنمەي ئۈشكىنى قىل!" دەپتۇ.

ئاخىرىدا پادىشانىڭ يۇرت ئارىلاتقان ياساۋۇللىرى، كەچ كوتەرگەن كېنىزەكلىرى يېتىپ كەپتۇ. ئۇگەي ئانا ھەجەر قىزنى سورەپ ئاپىرىپ ھويلىنىڭ بولۇڭىدىكى ئەسكى تونۇرغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىنى كونا توقۇم بىلەن يېپىپ قويۇپ، بىرىپ يەتمىش تازىم بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. كەلگەنلەر ھويلىغا كىرىپ، قېنى قىزلى-رىڭىزنى كۆرسىتىڭ، دەپتۇ. ئۇگەي ئانا مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ، پاتمەكىنى نايناقلىتىپ تۇرۇپ كەشنى پۇتىغا كىيدۈرۈپتۇ، پاتماپتۇ. ئۇنداق كىيگۈزۈپتۇ، مۇنداق كىيگۈزۈپتۇ پاتماپتۇ، ئېسىگە كەلگەن قىلىقلارنى قىلىپ بېقىپتۇ، پاتماپتۇ. پۇتلىرىنى كېسىپ شىلىپ بېقىپتۇ، يەنە پاتماپتۇ.

كېنىزەكلەر:

— ئوھۇش! نىمە ئانچىلا قىلىلا سەت قىزلىرىغا.....كېتەيلى! — دەپ مېڭىپتۇ. كېنىزەكلەر ھويلىغا چىقىشىغا ھىلىقى ئاق خوراز يۈگرەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پەشلىرىنى چوقۇپ — چوقۇپ:

— قې — قې — قې — ق!

ئەلچىلەر نى - نى كاتتا باي، ۋەزىر، پادىشالارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق كورسەتسە، "ئۆزەم تېپىپ ئالىمەن، كوڭلۈم چۈشكەننى ئالىمەن" دەپ ئۇنۇماپتىكەن. ئۇ شازادىگە خېزىر يولۇققان ئىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن دادىسىغا قارىغاندا، ياخشى ئىشلارنى كوپ قىلىدىكەن، قول ئاستىدىكى يۇرتلارغا، تاغنىڭ ئارىلىرىغا يول، كوۋرۈك سالدۇرىدىكەن...

بىر كۈنى شازادە ئادىل شۇ يۇرتتىكى بىر چولگە سۇ چىقارغۇزماق بولۇپ، ۋەزىر - يارانلار بىلەن ئاتلىق چولگە چىقىپتۇ. ماڭە - ماڭە، كۈن قايرىلغان ۋاقىتلاردا توغان ئايرىپدىغان سۇنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. شازادە چىمەنلىك بىلەن شۇنداق سۇنىڭ بويىغا قاراپ كېتىپ بارسا، بىر نەرسە ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغىدەك. سۇدىن چىقىپ قالغان ئالتۇن بېلىق ئوخشايدۇ، دەپ ئاستا يېقىن بارسا، بىر كەش. كەش بولغاندا بۇ ئىخلىمدا ھېچقانداق ئۇستىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر كەش. شازادە كەشنى مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قاپتۇ. تاتلىق چۈشلەرگە ئوخشاش ھوزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— ئاتامغا ئات چېپىڭلار، مۇشۇ كەشنى كىيگەن قىزغا كوڭلۈم چۈشتى. خەۋەر قىلىڭلار. مەيلى ئۇ ئادىمزات بولسۇن، مەيلى پەرىزات بولسۇن، ئۇنى ئالماي مىرادىمغا يەتمىگەيمەن...... — دەپتۇ.

ئەندى گەپنى قىزنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلايلى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، "پادىشانىڭ ئوغلى بىر پاي ئالتۇن كەشنى كىيدۇرۇپ بېقىپ، كىمنىڭ قىزىنىڭ پۇتىغا خوپ كەلسە، شۇ قىز بىلەن توي قىلغىدەك،" دىگەن گەپ - سوز ئوگەي ئانىنىڭمۇ

دەپ تۇرۇشغا، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ شامال كەلگەندەك بولۇپتۇ؛ ھەممەيلەن ئۇيان-بۇيان قارىشىغا ئالتۇن كەشنىڭ ھەمرىيى ئۇچۇپ كېلىپ، قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

كېنىزەكلەر پاتمەككە قاراپ:

— پاتمىغان پېتىپ تۇرۇڭ،
باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ.
سىزنىڭ خىلىڭىز باشقا،
سەتلەشمەي كېتىپ تۇرۇڭ!

ھوپ...پىلى، ھوپ!
خوپ...بولدى خوپ!
ئىششە! ئىششە! —

دەپ بارماقلىرى بىلەن مەگزىلىرىنى بېسىپ زاڭلىق ئېتىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئاڭغىچە ياساۋۇللار مەپىنى ھويلىغا ئەكىرىپتۇ. قىزنى ئۇلاش-چولاش ئالتۇن گۆللۈك مەپىگە سېلىپ، ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۆچۈك مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. خوراز مەپىنىڭ ئارقىسىغا، كەپتەرلەر بولسا مەپىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ قىز بىلەن بىللە كېتىپتۇ.

ئوگەي ئانا بېشىنى مۇشتلاپ، قىزى بېشىنى قاشلاپ، ھوڭگىرەك ئەتكەن بويى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغلىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى:

ھەچەر قىز ئوردىغا بارغاندىن كېيىن. شازادە نەچچە كېچە-

قىز تونۇردا......

قىپ - قىپ قىپ - ق!

قىز تونۇردا... - دەپتۇ. كۈچۈككىمۇ يۈگرەپ تونۇر بېشىغا چىقىپ، توقۇمنى چىشلەپ تارتىپ، تونۇرنى ئېچىپ:

— هوپ - هوپ - هوپ!

هوپ - هوپ - هوپ!

مېھمانلار كەلدى...

جېنىم ئاچا، قوپ! - دەپتۇ.

كېنىزەكلەر، بۇ نىمە ئىشتۇر، بىرىسى باقايلى دەپ، تونۇر بېشىغا يۈگرەپتۇ.

ئۆگەي ئانا:

— ۋاي، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي قىزىم... ئۇ تۇزلۇق باشنىڭ تېزى يۇقىدۇ، بىرىشمىسىلا! ۋاي، ئۇ تومپاي توگرۇلۇقتا ئالتۇن كەش نەدە خوپ كەلسۇن... - دەپ قاخشاپتۇ.

كېنىزەكلەر تونۇر بېشىغا شۇنداق چىقىشىغا تونۇرنىڭ ئىچىدىن بىر قىز چىقىپتۇ. قارىسا ئەسكى لاتىلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاي تۇرغىدەك. باشلىرىدا ئالتۇن كوكۇلا... ئۆزى كۆلۈپ تۇرغىدەك. كېنىزەكلەر كەشنى پۇتىغا شۇنداق كىيگۈزۈپتىكەن، خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپ كېتىپتۇ. نېرى - نېرى تۇرغان ياساۋۇللارنىڭ بىرى "سۈيۈنچە" دەپ شازادىگە يۈگرەپتۇ. كېنىزەكلەر:

— ئۇكام، سىزدە بۇ كەشنىڭ ھەمرىيى بارمۇ؟ - دەپ سوراپتىكەن، قىز نىمە دىيىشنى بىلمەي يەرگە قاراپتۇ. ئاگىچە پاتمەك كېلىپ:

— بۇ گادايدا ئالتۇن كەشنىڭ ھەمرىيى نىمە قىلسۇن! -

يەۋاتمەن» دەپ قويۇپتۇ. كۆندۈزلىرىمۇ مىڭ بىر پەدەز، مۇغەم-
بەرلىك ئاۋازلار بىلەن سەزدۈرمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەجەر قىزنىڭ ئولۇمىدىن ئاڭلايلى:

ھەرجەر قىز ھىلقى بېشىغا قايناقسۇ قۇيۇلغان ۋاقىتتا بىر
چىقىراپلا يەرگە يىقىلىپتۇ. ئىچىدە يىغلىغاندەك بولۇپ قىينىلىپ
جان ئۈزۈپتۇ. ئوگەي ئانا كېچىدە پاتمەك بىلەن بىللە ھەجەر قىزنى
پۈت قولىدىن تۇتۇپ سورەپ، ئارقىدىكى باققا ئەپچىقىپ كومۇۋېتىپتۇ.
قىز سۆرۈلۈپ كېتىپ بارغاندا، كوزىدىن تېمىپ قالغان بىر تامچە قان
بىر تورغاي بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تورغاي ھەر كۈنى چۈش-
لەردە شازادىنىڭ بېغىغا ئىشلەيدىغان باغۋەننىڭ مۇرىسىگە قونۇپ
سايرايدىغان بولۇپتۇ. سايرىغاندا:

— شازادە خوتۇنى بىلەن ئەپمۇ؟ — دەيدىكەن.

باغۋەن:

— ئەپ — دىسە، تورغاي بىردەم:

— چىر — چىر، يېشىلمەپتۇ سىر.

ھى، ھى — ھى! چۇكوچۇ — چىر، — دەپ سايراپ، يىغلاپ
كېتىپ قالىدىكەن.

باغۋەن:

— ئەپ ئەمەس، — دىسە! تورغاي يەنە بىردەم:

— چىر — چىر — يېشىلىدىكەن سىر.

ھاھ، ھاھ، ھا! چۇكوچۇ — چىر... — دەپ سايراپ كۈلۈپ —
كۈلۈپ كېتىپ قالىدىكەن. باغۋەن كۈندە ھەيران بولۇپ، بۇ ۋە-
قەنى ئۇنىڭغا — بۇنىڭغا سوزلەپ بېرىپتۇ. بىر كۈنلىرى بۇ سوز
بېرىپ شازادىنىڭ قۇلىغىغا يېتىپتۇ. شازادە باغۋەننى قىچقارتىپ:

كۆندۈز توي قىلىپ، ئۇز ئەمرىگە ئاپتۇ، ئۇگەي ئانىسنى تويغا قىچقارماپتۇ. بۇنى ئۇقۇپ، ئۇگەي ئانا تېخىمۇ ئەلەمدە قېلىپ پۇچۇلۇنۇپتۇ، خەپ توختا! دەپ قىزى بىلەن گېپىنى بىر قىلىپ، نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەجەر قىز جۇمەلەپمۇ كەلمەپتۇ.

تېخى بىر جۇمە ئۇتە ـ ئۇتمەيلا ئۇگەي ئانا ھەجەر قىزنىڭ ئۇيىگە يوقلىغان بولۇپ بېرىپتۇ.

ــ نىمىشقا جۇمەلەپ بارمايسىز، بىزنىڭمۇ دىمەك، ئۇز ئانىڭىز-نىڭ قەدەم جايىنىمۇ سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ ـ دەپتۇ. يىتىم قىزنىڭ ئانىسى تېخىمۇ يوقلىنىپ (ئېسىگە چۈشۈپ)، تۇغۇلۇپ ئۇسكەن ئۇيى كوزىدىن ئۇچۇپتۇ. ھەجەر قىز شازادىدىن رۇخسەت سوراپ-تىكەن، ئىجازەت بېرىپ، قىزنى ئۇيىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇگەي ئانا ھەجەر قىزنى "ۋاي كېلىنىڭ، مەلىكەم" دەپ لۇللىق بىلەن مېھمان قىپتۇ. كەچتە: "ھەر قانداق بولسا مەنمۇ ئانىڭىز، چېچىڭىزنى يۇيۇپ تاراپ قوياي" دەپ قىزنىڭ بېشىنى تەگلىگە تۇتۇپتۇ. پاتمەك ئارقىدىن كورسەتمەي كېلىپ بىر چىلەك ۋاراخلاپ تۇرغان قايناقسۇنى ھەجەر قىزنىڭ بېشىغا قويۇۋېتىپتۇ... ئالتۇن كوكۇلىسى سويۇلۇپلا يەرگە چۈشۈپتۇ... ئۇگەي ئانا قىزنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسنى پاتمەكنىڭ بېشىغا ئەتمە چاچ قىلىپ سېلىپتۇ، ئۇستىگە ھەجەر قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۇرۇپ، چاناماس قىلىپ ياساپ، شازادىنىڭ ئۇيىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شازادە سەزمەي پاتمەك بىلەن ئۇي بولۇشۇپ كېتىۋېرىپتۇ. پاتمەك كېچىلىرى بېشىنى ئاستا كارتىلدىتىپ تاتىلىغان ۋاقىتلاردا شازادە سورىسا: "سېزىك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، قوماچ

ئاستا ئۈزۈپ شازادىگە تۇتۇپتۇ. شازادە گۈلنى پۇراي دىگىلى تۇرغاندا، پاتمەك ئارقىسىدىن ماراپ كېلىپ، گۈلنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. گۈلنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پاتمەك "ئويناشتىم..." دەپ تولغىنىپ گەپنى تۈگىتىپتۇ...

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئانغىچىلىك تورغاينىڭ سۆڭىكى بىر تۈپ چىنار بولۇپ ئۈنۈپتۇ، ناھايىتى چىرايلىق يوغان دەرەخكە ئايلىنىپتۇ. ئەمدى شازادىنىڭ بۇ چىنارغا كوزى چۈشۈپ، ئەتە-ئاخشىمى شۇ چىنارغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپتۇ.

ئانغىچىلىك پاتمەك بىر بالا تۇغۇپتۇ. شازادىنىڭ چىنارغا قارىشىدىن قىزغىنىپ، نىيىتىنى يەنە بۇزۇپتۇ:

— ئاشۇ چىنارنى كېسىپ يىقىتىپ، ياغىچىدىن بالامغا بۆشۈك ياسىتىپ بەرمىسلە، بۇ ئۆيدە مېنىڭ تۇرارىم يوق، — دەپ كۈندىلا شازادىنى قىستاپتۇ.

شازادە ئاخىرى ئۇستا بىر ياغاچچىنى قىچقارتىپ، چىنارنى كېسىپ، بۆشۈك ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاغزى قۇلىغىغا يەتكەن پاتمەك ئۆزىگە غىزا قىلىپ بېرىدىغان مالاي خوتۇننى قىچقىرىپ:

— سەن ياغاچچىغا قاراپ تۇرغىن، چىنارنىڭ شاخ-پۇتاقلىرىنى، بۆشۈكتىن ئاشقان چېپىندى-خەشەكلىرىنى قويماي ئۇتتۇرلۇقچە كويدۇرۇۋەتكىن. ئەگەر چىنارنىڭ بىر تال ئۇۋۇغى كويدۇرۇلمەي قالسا، ئۆزەڭنى ئوتقا سېلىپ كويدۇرگۈزىمەن. ئۇقتۇڭمۇ گاداي! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئۆزىمۇ چىناردىن نېرى كەتمەي، بالا كوتەرگەن بولۇپ، ئۇستام بىلەن مالاي خوتۇننىڭ كوزىگە تىقىلىۋاپتۇ. ئۇستام چۈش بولغاندا قوسۇغۇم ئېچىپ كەتتى

— شۇ تورغاينى نەدىن بولسا تۇتقايسەن، ئالتۇن قەپەزگە سېلىپ چىق، سىرىنى ئۆزەم ئۇققايمەن! — دەپتۇ.

باغۋەن ئىلاجسىز:

— خوپ، — دەپ كېتىپ، تورغاينى تۇتۇپ، ئەكىلىپ بېرىپتۇ. تورغاي قەپەزدە تۇرۇپ يىغلىغاندەك ئاۋاز بىلەن كۈندە سايراپتۇ. سايرىغاندا:

— چىر - چىر - چىر، چۇكۇچۇ - چىر،

بۇ ئۆيدە بار يوشۇرۇن سىر... — دەپ سايراپتۇ. دۇنيانىڭ نەچچە تۈرلۈك قىزىغى مېنىڭ قولۇمدا دەپ پەرۋاسىز يۈرگەن شازادە بۇنىمۇ سەزمەپتۇ. لېكىن ئانىسىنىڭ شۇملىغىدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان پاتمەك تورغاينىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاغرىپ يېتىۋاپتۇ. داخانلارغا گەپ ئۆگىتىپ، پۇل سۇڭگۇتۇپ، ھىلى تېپىپتۇ: "داخاننىڭ ئېيتقىنى توغرا، مەن ئاشۇ تورغاينىڭ يۈرىگىنى پىشۇرۇپ يىسەم ساقىيىمەن" — دەپتۇ. ئاخىرى دىگىنىنى قىلىپ، تورغاينى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ.

بۇ تورغاينىڭ يىتىم قىزلىغىنى سەزگەن باغۋەنىنىڭ خوتۇنى: "ئېسىت جانۋىرىم! يۈرۈگۈم، جىگىرىم!..." دەپ يىغلاپتۇ. ھىچكىمگە سەزدۈرمەي، تورغاينىڭ پەي - گوش سۆڭەكلىرىنى باغنىڭ ئىچىگە ئېشىكتىن كىرىدىغان يەرگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. تورغاينىڭ قېنىدىن قىزىلگۈل، پەيىدىن ئەمبەگۈل ئۈنۈپتۇ؛ ئىككىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق ئىككى پورەك كامالچە بولۇپ ئۆسۈپ، بىر - بىرىنى پۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ...

شازادە باققا كىرىدىغان ۋاقتىدا بۇ گۈللەرنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ. ئاڭغىچە ھىلىقى باغۋەنىنىڭ خوتۇنى ئىككى پورەكنى

"يىتىم سىگىلم، جىنىم سىگىلم!..." دەپ قوچاغلاپ سۆيۈپ، كاتتىن چىقىرىپ ئاپتۇ. مالاي خوتۇن ئەمدى ئاغزىمىزنى ئاچمىساق، قاچان ئاچىمىز، دەپ ۋەقەنى شازادىگە بايان قىپتۇ. ئاخىرىدا مالاي خوتۇن شازادىگە: "...يالغان بولسا، ئۇزلىرى ئاستا ئۇيۇمگە كىرىپ كورۇپ باقسىلا" دەپتۇ.

شازادە مالاي خوتۇننىڭ ئۇيىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، باشتىكى ئۇزىنىڭ ئاي يۇزلۇك، ئالتۇن كوكۇلۇك پەرى خوتۇنى! شازادە:

— توۋۋا قىلدىم، ئاھ!......— دەپ ھەجەر قىزغا قاراپ سەنتۇرۇلۇپتۇ. قىز:

— يىقىن كەلمەڭ! غايىپ بولىمەن... توۋۋىڭىز راست بولسا، سوزۇمنى تىڭشاڭ، نىرى تۇرۇڭ!!— دەپتۇ. شازادە مۇردىدەك قېتىپ، سوزنى تىڭشاپتۇ.

— ئەگەر مەن بىلەن يارىشىمەن دىسىڭىز، ئوردىنىڭ بىر تەرىپىگە خالايىقنى، بىر تەرىپىگە پۇتۇن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ بىرىسىز. مەن شۇ كاتتا سورۇندا بىشىمدىن ئوتكەن سەرگۇزەشتىلىرىمنى خالايىققا سوزلەپ ئوتىمەن. شۇ يەردە توۋۋا قىلسىڭىز، ئاندىن ئەمرىڭىزگە ئوتىمەن...— دەپتۇ. شازادە قەسەمىيات ئەيلەپ ماقۇل بوپتۇ.

ئەتىسى قىزنىڭ دىگىنىدىن ئارتۇق سورۇن تۇزۇپ بىرىپتۇ. ھەجەر قىز چۇۋۇلغان چاچلىرىنى يۇزىگە چۇمبەل قىلىپ، قولىدا يوغان بىر سەنگە ساپالنى (قۇم ئاياقنى) كوتىرىپ، سورۇنغا كىرىپتۇ. ساپالنى يەرگە قويۇپ، خالايىققا تازىم قىلىپ، سەرگۇزەشتىسىنى يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق بايان قىپتىكى، كوزلىرىدىن تارامىلاپ

دەپتۇ. مالاي خوتۇن شۇ ۋاقىتتا قارىسا، ئۇستامنىڭ ساقىلىغا بىر تال كىچىككىنە خەشەك چاپلىشىپ قالغان ئىكەن. مالاي خوتۇن دەررۇ:

— ئۇستام، كات بەك يوغانتى، ناننى كاتتىن ئۇزلىرى ئالسىلا... — دەپتۇ.

ئۇستام:

— ماقۇل، ئەمسە سىلى بىر ھىجىر سۇ بەرسىلە، ناننى چىلاپ يىگىلى، — دەپ ئۇيىگە كىرىپ كاتتىن ناننى ئۇزى ئېپ چىقىپتۇ. ئۇستام كاتتىن ئېڭىشىپ ناننى ئالغىچە، ساقىلىدىكى ھىلىقى خەشەك كاتقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پاتمەك بوشۇكنى ياستىپ، چىنارنىمۇ جەمىقتۇرۇپتۇ. ئەمما بوشۇكنى تەۋرەتكەندە، بوشۇكتىن دائىم:

غىچچاڭ - غىچ، دۈشمەن - تاز،

غىچچاڭ - غىچ، شۇمپەن تاز.

دىگەن ئاۋاز كېلىدىغان بوپتۇ. شازادە بوشۇكنىڭ بۇ ئاۋازىنى نەچچە قېتىم ئاڭلاپ قاپتۇ، يەنە ھىچنىمىنى سەزمەي يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پاتمەك يەنە ئويغا چۈشۈپ قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ئۇستامنىڭ ساقىلىغا يېپىشىپ قالغان خەشەكتىن ئاڭلايلى:

مالاي خوتۇن كېلىپ قارىسا، كاتقا چۈشۈپ قالغان ھىلىقى خەشەك بىر كۈندىن كېيىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر توقاچ بولۇپ قاپتۇ. مالاي خوتۇن توقاچنى قولىغا ئېلىپ، يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، سۆيۈپ يەنە كاتقا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسىگە قارىسا، توقاچ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، قىزنىڭ بېلىگىچە جان كىرىپ قاپتۇ. 3 - كۈنى قارىسا، ھىلىقى ھەجەر قىز تىرىلىپ قاپتۇ. مالاي خوتۇن:

# ئۆژمە سايىسى

بۇرۇن بىر يېزىدا بىر باي بولغان ئىكەن. بازارغا ئۆتىدىغان چوڭ يول ئۈستىدە ئۇنىڭ يوغان بىر ھويلىسى، ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى چوڭ بىر تۈپ ئۆژمە دەرىخى بار ئىكەن. دەرەخنىڭ سايىسى چۈش ۋاقىتلىرىدا يولغا، ھويلىغا ۋە ھويلىنىڭ كەڭ شادىلىق ئايۋانلىرىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دېخانلار ۋە يولۇچىلار ئىسسىق كۈنلەردە ھېرىپ-ئېچىپ كېلىپ، شۇ ئۆژمە سايىسىدا ھاردۇق ئېلىپ ئۆتمەكچى بولسا، باي چىقىپ:

— ماڭ، كەت، باشقا يەرگە بېرىپ سايىداش ...... — دەپ قوغلايدىكەن. شۇ يېزىدا ئەپچىلەم دىگەن بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ يىگىت باينىڭ ئەشۇنداق پەسلىك-پىخسىقلىغىغا غەزەپلىنىپتۇ. ئۇ: "قانداق قىلساق دەردىمىز چىقار؟" دەپ ئويلاپ-ئويلاپ "كۆلۈپتۇ"، قوساققا بىر ئىش پۈكۈپتۇ، لېكىن قوسىغىدىكى جۇرىنى چىقارغىچە، كۆز ئۇتۇپ، قىش كەپتۇ، كەلگەنىدىمۇ قاتتىق كەپتۇ. "قىش ئۇچىغى تار، قوپ ئويۇڭگە بار" دىگەنىدەك، ئاغىنىلىرى بىلەن مورا، ئوچاق ئالدىدا مۇڭداشقىدەكمۇ ياكى بىرەر دەرتنىڭ سىرىنى ئاچقىدەكمۇ بولالماپتۇ. ئۇ ياققا يۈگرەپ بېقىپتۇ، بۇ ياققا يۈگرەپ بېقىپتۇ، جاڭگالدىن توغراق توشۇپ سېتىپتۇ، ئۆۋاقلىرىنى ئەكېلىپ ئوچاققا يېقىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئاتا-ئانىلىرىنى بېقىپتۇ.

قوساقلار تارتىشىپ پەي بولغاندا؛ سۆگەكلەردە يىلىك تۈگەپ

ئاقـقان ياش يوغان ساپال قاچـىغا توشۇپ، بىر دەمدىـلا تېشىـپ كېتىپتۇ. تاشقان ياشـلار دەرياغا ئايلىنىـپ، پۈتۈن ئوردا ئەھـلى دەرياغا غەرق بوپتۇ. ئوگەي ئانا، پاتمەكـلەرمۇ ئېقىـپ كېتـىپتۇ. ھەجەر قىز بوشۇكنى قولىدا تۇتۇپ قاپتۇ. شازادە دەريادىن ئاران بېشىـنى چىقىرىـپ قىزنىڭ پۇتىـغا ئېسىلىۋاپتۇ. خالايىـققا قاراپ يىغلاپ تووۋا قىپتۇ...

*　*　*

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

دىگەن ناخشا، بىر رىۋايەتتە، دانا شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن.

— يول كوپنىڭ بولغان بىلەن ئۈژمىنىڭ سايىسى مېنىڭ.

— بىرئاز دېمىمنى ئېلىۋالغىچە ئۈژمىلىرىنىڭ سايىسى تۈگەپ قالماس.

— تۈگەپ قالسا بولامتى ئەمىسە؟ ئۈژمە ئۇستۇرۇپ بەرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ. بىلەمسەن، بۇ ئۈژمىنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىغى بىر ئاق تەڭگىگە توختىغان! ......

— بۇ گەپچە، مەن پۇلنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپتىمەن - دە؟

— توغرا. لېكىن، پۇلنىڭ سايىسىدا باي ئۆزى ئولتۇرىدۇ. مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئەگەر پۇلۇڭ بولسا سەنمۇ ئولتۇرۇ- سەن.

— پۇلۇم بولسا ئولتۇرامدىم؟

— ھە، ئەلۋەتتە.

— ئانداق بولسا، ئۈژمىلىرىنىڭ سايىسىنى ساتامىلا؟

— چوڭ سوزلىمەي، يولۇڭغا ماڭساڭ بولارمىكىن!

— پۇلنىڭ چوڭ سوزلىتىدىغانلىغىنى ئۆزلىرى بىلمەمىلا؟

— ......

باي دۇدۇخلىنىپ قاپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بوپتۇ، قۇلاق- لىرى دىڭ بوپتۇ. ئاخىر تاقەت قىلالماي، تىلى سوزگە كەپتۇ، سوزگە كەلگەندىمۇ، ئاۋال باھاغا — پۇلغا كەپتۇ.

ئەپچىلەم:

— سودا ئىشى ئاسان ئەمەس، سىلىمۇ ئىمام - مەزىنلىرىنى قىچقارسىلا. مەنمۇ بىر - ئىككى ئاغىنەمنى قىچقىراي، خەت - موھىر قىلىشايلى ...... - دەپتۇ. باي:

— گېپىڭ راست بولسا، سەن توختىمامسەن. ئاۋال باھاسىنى

ئەي بولغاندا ئەتىياز كەپتۇ. بالىلار چېچەك تېرىشىپ ئويناپتۇ، ئېتىزلاردا مۇڭلۇق ناخشا، تېرىكچىلىك قايناپتۇ. چوغلۇقلار ئېچى-لىپ، كاككۇك سايراپتۇ.

ئەپچىلەم ئېتىز يوللىرىدا ئاغىنىلىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر تۈگۈنگە كېلىشىپ، كۆڭلى ئامان بوپتۇ؛ ئاندىن بىر كۈنى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىپ شەھەرگە راۋان بوپتۇ:

بازار يولى يىراق يول،
تومۇزدا باللا يىغلايدۇ.
سايىدا ياتاي دېسەڭ،
بايلار چىقىپ قوغلايدۇ.

بۇ ئالەمنى كەڭ دەيدۇ،
بىلەلمىدۇق زادىلا.
ئالقانچىلىك يەر تۇرماق،
يېتەلمىدۇق سايىغا.

ئەپچىلەم ماڭا-ماڭا تاق چۈشلەر بىلەن ھېرىپ-ئېچىپ، ئەركە پىشىپ، ھىلىقى باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۆلىشا-ئۆلاشمايلا ئىتلىرى قاۋاپتۇ؛ "ئۇھ!" دەپ ئۈژمە سايىسىغا ئوزىنى تاشلىشىغا باي چىقىپ تۇۋلاپتۇ:

—ھەي گاداي، ئەمدى سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ، ئوت بۇ ياققا!

—باي ئاكا، بۇ كوپچىلىك ئوتىدىغان يول ئوستىغۇ.

مەجلىس ئالدىدا تۇتىۋېلىنغان ئىچكى ئادەم بولغانلىقى، دەۋانى...

مەجلىس ئالدىدا توتىۋىز تەڭگە كۈمۈشكە ساتتىم. تاكى ئۈژمە ئۆزى قىرىپ يوقالغىچە ئۇنىڭ سايىسىدىن ئەپچىلاخۇن ۋە ھەتتاكى ئۇنىڭ ئاغىنە، خىشى ئەقرىبالىرىمۇ ھەر قاچان، ھەر زامان بىمالال پايدىلىنىدۇ. مۇبادا بۇنىڭغا 'پېقىر' ۋە مېنىڭ ئەۋلادىم نارازى بولۇپ دەۋا قىلسا، يۇرت، شەرئى ئالدىدا دەۋاسى باتىل بولغاي" دىگەن گەپلەر يېزىلىپتۇ. ئاخىرىغا ساتقۇچى، ئالغۇچى ۋە گۇۋاشاھىتلار قول قويۇپتۇ. ئىمام:

— مۇبارەك بولسۇن، ئەپچىلاخۇن! سىلىدەك ماكانسىز بىر ئادەمنىڭ باي غوجامنىڭ ئىشىگى ئالدىدا مۇنچىلىك مۈلۈككە ئىگە بولغانلىرى خۇدانىڭ چوڭ ئىلتىپاتى. سىلىنىڭ باشلىرىغا ئۈژمىنىڭ سايىسى ئەمەس، باي غوجامنىڭ سايىسى چۈشتى......— دەپ موھىر ھەققى ئېلىپ، قويىنىغا ساپتۇ. مەزىناخۇنۇمۇ قۇرۇق قالماپتۇ، ئۇلار باي غوجامدىن قانچىلىك موھىر ھەققى ئالدى، بۇنىسى مەلۇم ئەمەس. ئىش قىلىپ توختام "پۇتۇپتۇ"، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە كېتىپتۇ.

كۈندىن-كۈنگە ھاۋا ئىسسىپتۇ. ئەپچىلەم بازارغا باراردا ۋە ياناردا ھىلىقى ئۈژمىنىڭ سايىسىغا كېلىپ بىخارامان ئېغىنايدىغان، سايىدا راۋاپ چېلىپ ئوينايدىغان، ئاغىنىلىرى قوشۇلۇپ ناخشا توۋلايدىغان بوپتۇ. باي چىقىپ:

— نىمە ۋاراڭ-چۇرۇڭ بۇ؟-دەپ ۋاقىراپتۇ، ئەپچىلەم:

— ئۈژمە سايىسى ئاكاڭ قارىغاينىڭ، ياغىچى باي غوجامنىڭ،— دەپ پەرۋا قىلماي جاۋاپ بېرىپتۇ.

باي: "پىيازنىڭ پوستى كوپ، ئەخمەقنىڭ دوستى" دىگەندەك، بۇ كاساپەتنىڭ ئەۋلادى ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك كوپ ئىكەن" دەپ

كېلشەيلى، ئاندىن ئۈچمىدىن بىر نەرسە بەر، قالغان ئىشلار بولسا ئاسان ...... ـ دەپتۇ.

ئۇ ياققا تارتىشىپ، بۇ ياققا تارتىشىپ ئاخىر ئۈژمە سايىسىنىڭ باھاسى 400 تەڭگە ئاق كۆمۈشكە توختاپتۇ. ئۈچمىدىن 50 تەڭگە بېرىپ ئورنىغا بايدىن تىلخەت ئېلىپ، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرىنى قىچقارغىلى مېڭىپتۇ.

باينىڭ ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپ: "خۇدا ئۇرغان ئەخمەقنى ئەمدى باي ئاكاڭنىڭ ئۇرغىنىنى كور! مۇنداقمۇ ئولجا بولارمۇ..." دەپتۇ ـ دە، موللامغا كىشى يۇگەرتىپتۇ. ئارقىدىن "توختا!" دەپتۇ، كوڭلىدە "بۇنى كىشىلەر تويمىسۇن، ئىش بۇزۇلمىسۇن، موللامنى توغرىلاش ئۈچۈن، ئوزەم بېرىشىم كېرەك" دەپ، ئوزى يۇگرەپتۇ.

ئەتىسى بۇلار يىغىلىپتۇ، ئىمامىمۇ باي ئاكاملار بىلەن ماقۇللۇشۇۋېلىپ، موھرىنى يالاپ ئولتۇرۇپتۇ؛ ئەپچىلەممۇ روزىمەتكە ئوخشاش بىر ـ ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ، ئالدىدىن تەييارلىغالغان سوزلىرىنى دىللىرىغا پۇكۇپ، جايلىغالغان پۇللىرىنى بەللىرىگە تۇگۇپ يېتىپ كەپتۇ.

موللام:

ئەلىۋەدۇ مىنەل ئىمان، بىزلەر بولساق شاھىت ...... ـ دەپ قەلەمنى قەغەزگە سۇۋاشقا باشلاپتۇ. خەتنىڭ بېشىغا "تەخىيى بىر مىڭ، ئېشىگى ئۈچىيۈز، توقۇمى ئون توققۇز، ماھى سەپەر خوشنىسىدا، باي غوجامنىڭ ھويلىسىدا" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر، ئاندىن "مەنكى سەلەي باي ھويلامنىڭ كوچا پاسلىدىكى چوڭ ئۈژمىنىڭ سايىسىنى ئەپچىلاخۇنغا ئوز ئىختىيارىم بىلەن ھازارى

ــ ۋاي بېشىمنى يەيدىغان گادايلار ... ئەمدى ئولۇپتۇق! ھەممە كونا تويىماس يوھا① شۇنىڭدا... پۇل دېسە بىزنىمۇ سېتىشتىن يانمايدۇ. يىغلىماڭلار، ئوبدان بالىلىرىم. خەپ! داداڭلار كەلسۇنچۇ، نى ئات، نى نومۇس...

تالادا راۋاپنىڭ ئاۋازى ھويلىدىكى ۋاڭ-چۇڭنى كوزگە ئىلمىغاندەك تازا قىزىپتۇ ۋە ئۇزاقتىن كېيىن پەسىيىپ قاپتۇ.

بىر كۇنى باي ئېتىزدىن كەپتۇ، ئولگىچە ھېرىپ يىقىلاي دەپتۇ. ئوزى تەرگە چوملۇپ، يوزلىرى ئېسىلىپ، كالپۇكلىرى ئوروس توخۇسىنىڭ بورنىدەك ساڭگىلاپ، خىرىلداپ قاپتۇ. باينىڭ قاق شۇ كەلگەن ۋاقتىدا ئوزىمنىڭ سايىسى دەرۋازىغا چۇشكەن چېغىكەن، باي دەرۋازىدىكى سايىغا ئېتىنى دېۋېتىپ شۇنداق كېلىشىگە، ئەپچىلەم:

ــ توختىسىلا باي ئاكا، پۇل كىمنىڭ بولسا، سايىسىدىن شۇ ئوزىلا ئوتىدۇ... ــ دەپتۇ. باي ئاران زوۋانغا كەلسىمۇ، دەردى ئىچىگە ئورۇپ، كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتالماي قاپتۇ. باي ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقسا، يولۇچىلار يىغىلىپ زاڭلىق ئىچىدە قېلىشتىن قورققانمۇ:

ــ ئەمىسە، مەن ئوز پۇلۇمنىڭ سايىسىدىن ئوتىمەن. قانچە ئالىسەن؟ تېز گەپ قىل! ــ دەپتۇ.

ئانغىچە بازاردىن قايتقانلار بۇ ئارىغا يېقىنلاپ:

ــ 50 تەڭگە، ــ دېيىشىپتۇ.

---

① يوھا ــ ئەژدەرھا.

مۈچكىنى قوغلىيالماپتۇ، ساقىلىنى چىشلەپ ئۈزەلىيالماپتۇ.

ئاندا باي پالتىسىنى ئەپچىقىپ، ئۈژمىنى كېسىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. ئاچچىقىدا پايلىيالماي ئۇرۇلغان پالتا ئۆزىدىن كەمتۈك بولۇپ قالغان سايىسىنى تولەپ بېرىشكە تاس-تاس قاپتۇ. باي تېخىمۇ جىلە بولۇپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ.

بىر كۈنى باي ئايۋاندا سېسىق كېكىرىپ سوزۇلۇپ ياتسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ، باينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەپتۇ. باي:

— ۋاي، نىمە گەپ؟ — دېسە، ئەپچىلەم:

— تەقسىر، سايىمىز ھويلىغا كىرىۋاپتۇ. شۇنى ئىستەپ كىردۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئېشەكلىرىنى سايىغا قوزۇق قېقىپ باغلاپ، چاپانلىرىنى يېشىپ تاشلاپ، پاڭشىلىك ئولتۇرۇشۇپتۇ……

باي "ھىم" دەپ ئۆز گوشىنى ئۆزى يېگەندەك بوپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ خوتۇنلىرى ئۆسما قويۇشۇپ ئولتۇرسا، باينىڭ باللىرى ھويلىغا يىغلاپ كىرىشىپ كەپتۇ. ئاغىچا-خېنىملار سۇپىلارغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ-قوپۇپ، شۇنداق چىقسا، باللىرى يۈزلىرىنى تاتىلاپ، يەرگە يېتىپ ئۆلگەندەك ھوكىرەك ئېتىپ يىغلاۋاتقىدەك.

— ۋاي ئالتۇن قوزىلىرىم، نىمە بولدى، كىم ئۇردى؟ — دەپ سوراپتۇ خېنىملار.

باللار يىغلاپ تۇرۇپ سوزلەپتۇ.

ئۈژمە سايىسىدا ياتقان ئېشەكچىلەر: "سايىغا يېقىن كېلىشمە، ھارىملار!" دېدى، ھى… ھى! ئۈژمىگە چىقىمىز دېسەك، "سايە يوق يەردىن چىقىش" دېدى، ھى…ھى! دادام قېنى؟ ھى…ھى!

مىتى ـ يا؟! نىمە ئانچىلا گەپ قىلالماي قېتىپ قالدىلا؟! ـ دەپتۇ.
باي بىر چوگىلىگەندەك بولۇپ ئېسىگە كەپتۇ ۋە ئەپچىلەمگە:
ـ خۇدا ھەققى، ھەر ئىش بولسا كېيىن سوزلىشەيلى، قېنى سىلەرمۇ مېھمان، ئەيەردە ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ داستىخان سالسۇن ...... ـ دەپتۇ. روزىمەتلەر:
ـ بايكاملارنى نەدە مېھمان قىلسىلا ـ قىلسىلا. بىز سىلدىن داستىخان سېتىۋالمدۇق ...... ـ دەپتۇ ۋە ئېشەكلىرىنى سېتىۋالغان سايە چۇشكەن شادىلارغا باغلاپتۇ، چاپان ـ چورۇقلىرىنى سۇپىنىڭ سايە چۇشكەن يەرلىرىگە تاشلاپتۇ. مېھمان بايلار:
ـ ئاش ھارام بولدى... ـ دېيىشىپ ئېرى چىقىپتۇ...ئەپچىلەم:
ـ ئاش ھارام بولسىغۇ چاغلىق گەپ، لېكىن بىزنىڭ 400 تەڭگىلىك سايىمىز ھەر قايسىلىرىنىڭ "ئاستىدا" قېلىپ ھارام بولغىنى يامان بولدى، ـ دەپ سىرنى ئېچىپ تاشلاپتۇ. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار كوتىرىلىپتۇ. روزىمەتلەر بوش كەلمەپتۇ... مېھمانلار بىر تەرەپتىن ئىچىدە "ھە، بىزگە چوڭ سوزلەيدىغان سەلەيباي، كاراستىڭ ئاشكارە بولدىمۇ؟"دەپتۇ. ئۇچىنى ئالغاندەك قىلىپ، بايغا بولاش-قىلىمۇ پېتىنالماپتۇ، بىر ـ بىرلەپ شەھەرگە قاراپ قۇيرۇغىنى تىكىپتۇ. باينىڭ گەژگىسى تارتىشىپ ئويگە كىرىپ يىقىلىپتۇ...
ئەپچىلەملەر سايىدا بىردەم ھاردۇقلىرىنى ئېلىشىپ، يېزىلىرىغا كېتىپتۇ.
بۇ ۋەقە ئەمدى شەھەرگە يېتىپتۇ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا تاراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەپچىلەملەر شۇ بازار كۈنى موھىر خەت-تىن بىرنى كوچەرتىپ، بازاردىكى چوڭ مىچىتنىڭ ئالدىغا چاپلاپ قويغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش خەلقى ـ ئالەمگە

باي يولدا كېلىۋاتقان خەقلەرنى كۆرۈپ، ئىچىدە، ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى سېزىپ:

— 50 تەڭگىنى هازىر ئەپچىقىپ بېرىمەن، — دەپ ئاتىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، چوڭچىلىق بىلەن هويلىسىغا ئۆزىنى ئاپتۇ. ئەپچىلەمنىڭ موھىر ھەققىگە كەتكەن پۇللار تولۇنۇپتۇ.

ئەمما باي شۇندىن كېيىن، دايىم مۇنداق چوڭ چىقىملارنى تولىمەسلىك ئۈچۈن، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىلارنى ئۆزى ۋە ئائىلە جەمەتلىرىنىڭ بېمالال ئۆتۈۋېرىشى ئۈچۈن يەنە 50 تەڭگە بېرىپ، دەرۋازىغا چۈشكەن سايىنى ئاران ئىختىيارىغا ئېلىۋاپتۇ. "ئېقىللىق" باينىڭ ئېسىگە "ئەخمەقلەر"نىڭ يەنە قانداق كارامەتلىرى بارلىغى كەلمەپتۇ.

بىر بازار كۈنى، باي شەھەرلىك ئەل - ئاغىنىلىرىنى چايغا قىچقىرىپتۇ... مېھمانلار داستىخاننى شادلىق ئايۋانغا — كوچىدىكى يوغان ئۈژمىنىڭ سايىسى چۈشكەن سۇپىغا يوتكەپ، تېخى ئەمدىلا ياسىن پولۇنىڭ ئۈستىگە يېغىلاي، دەپ تۇرغاندا، بىرنەچچە كىشى ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ، چورۇقلىرىنى سورۇشۇپ كىرىپ كەپتۇ...

ئەپچىلەم ۋە زوزىمەتلەرنىڭ نىمىگە كەلگەنلىگىنى بىلگەن باي سۇپىدىكى سايىغا بىر قاراپ قېتىپ قاپتۇ، ئاسمانغا قاراپ ئالىيىپتۇ، بۇغدىيەكلىرى لىپىلداپ قاپتۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن مېھمانلار ھەيران قاپتۇ، بايغا قاراپ كۈلۈشكىلى تاس قاپتۇ. مېھمان بايلاردىن بىرى بۇ كەلگەنلەر باينىڭ مالايلىرى بولسا كېرەك دەپ:

— قېنى، سەلياخۇن، ماۋۇ چورۇقۋايلارغا بىر نەرسە دېمەملا، ئېشەكلىرىنى نېرى تارتىشسۇن! تۇگىتەلمەيدىغان قەرزلىرى بار-

كاكىراپتۇ.

— چۈشەكەپلا تەقسىر، ئۆيلىرىگە كىرىپ مورىخەتكە قاراپ باقسىلا، "بىمالال"، "ھەر قاچان ـ ھەر زامان"دىگەن يەرلىرىنى ئوبدان ئوقۇسىلا. ـ دەپتۇ. راۋاپ بىلەن ناخشا يەنە قايناپتۇ.

باي ئۆيگە كىرىپ ئويلاپتۇ، لېكىن خوتۇنلىرى تەنە ـ تاپا بىلەن بېشىنى ئوچاق ئېتىپ، ئويلىغىلى قويماپتۇ. شۇنداقتىمۇ يەنە ئويلاپ "ئېقىل" تېپىپتۇ، ئوگزىگە يەنە چىقىپتۇ:

— ئەمسە، ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ئۆزەمگە سېتىپ بەرسەڭلار ... ـ دەپتۇ باي. ئۇ لوللىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۈژمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى مىڭ بالالىقتا 350 تەڭگە كۆمۈشكە سېتىۋاپتۇ. لېكىن ئەمدى ئۆزى تېخىمۇ "ئويغا" قاپتۇ. تالاغا چىقسا يۇرت ـ جامائەت، رەقىپلىرىنىڭ دەردى، ئۆيگە كىرسە، بالا ـ چاقا، رېپىقىلىرىنىڭ دەردى؛ زاڭلىق ـ مەسخىرە، چىقىم ... باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "گادايلار"نىڭ بۈگۈن كېچە بېشىغا چىقىۋالغانلىغى، ئۈژمىسىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا پۇل تولىگەنلىگى باينىڭ يۈرەك ـ باغرىنى خۇن ـ خۇن قىلىۋېتىپتۇ.

"دەرەخنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسى تالاغا تارالسا، يەنە نىمە گەپلەر بولۇپ كېتەر". بۇ تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىگىگە كوزى يەتكەن باي ئۇزاققا قالماي، يۈك ـ تاقلىرىنى ئۇلاقلارغا ئارتىپ باشقا يۇرتقا كوچۈپ كېتىپتۇ.

ئۈژمىنىڭ سايىسى خەلققە قاپتۇ. ئەپچىلەملەر بايدىن دەردىنى ئەنە شۇنداق ئاپتۇ.

پۈر كېتىپتۇ.

ئەمدى باي ئۆيدىن ھېچيەرگە بارالماي ماراپ يېتىپتۇ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ:

چىقىر ئۈزۈمە سايىسىنى،
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
ھويلىسىدىن چىقالماي،
چاشقان بولۇپ ياتقان باي.
......

دىگەن ناخشىسىدىن تويۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، كۈنلەر ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ، "گادايلار" بىرئاز جىمىقاندەك تۇيۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە باي ئولگەندەك ئۇخلاۋاتسا، ئوگزىدە گۈپۈر - گۈپۈر ئاۋازلار، بىردەمدىن كېيىن ناخشا، راۋاپلارنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپتۇ. باي مەڭدەپ ھويلىغا چىقسا ئۆتى بىر نەرسىنى غاجاپ ياتقان، باي قاراپمۇ قويماپتۇ، ئۆيگە كىرسە خوتۇنلىرى ئاھانەت قىلىپ ئارام بەرمەپتۇ. باي شوتىغا يامىشىپ چىقىپ قارىسا، ئەپچىلەم ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرغىدەك. ئۇلار سۇتتەك ئايدىڭدا ئوگزىنى بېشىغا ئاپتۇ. باي شوتىدىن يىقىلغىلى تاس قاپتۇ ۋە ئۈزىنى ئاران تۇتۇپ توۋلاپتۇ. ئەپچىلەم:

— بىز ئۈزىمىز سېتىۋالغان سايىدا ئولتۇردۇق. باشقا كىشىلەر يوق. كىرىپ ئۇخلاۋەرسىلە، تەقسىر، - دەپتۇ. باي چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ:

— مەن ئۈزۈمنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان... - دەپ

كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن پادىشا ھېلىقى مومايىنى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئاخشامقى 3 تۈرلۈك كېيىنىڭ مەزمۇنىنى سوراپتۇ. موماي پادىشادىن قورققان ھالدا، پادىشانىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— شاھلارنىڭ شاھى، ئۇلۇغ شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشا:

— تۇر ئورنىڭدىن، يىغلىما. بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. قانداق گەپ - سوز بولسا ئېيتىۋەرگىن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ. موماي كوز يېشىنى سۇرتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشاغا تازىم قىلىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يالغۇز بىر موماي. مېنىڭ ئېرىم يوق ياكى بىرەر بالا - چاقام يوق. ئىلگىرى باينىڭ ئويىدىن پاختا ئەكىلىپ ئېگىرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئازىراقلا ئىش ھەققى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەن ئىدىم، ئەمما ئوتكەن جۈمە كۇنى كۇن چىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىر ۋەزىر ئېتىنى يۇگۇرتۇپ كېلىپ، مېنىڭ ئويۇمنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئېگىرگەن بارلىق يىپىمنى ئېلىۋېلىپ، مېنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ھەر قانچە يالۋۇرساممۇ، پادىشانىڭ بۇيرۇغى، دىدى. باي يىپنى دەپ كەلگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا يوقۇرىقى بولغان ۋەقەنى ئېيتسام ئىشەنمەستىن ئۇرۇپ، ئويلىرىمدىكى بىرمۇنچە نەرسىلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. بۇ ھەپتە يىپ ئېگىرىش ئۇچۇن باشقا بىر باينىڭ ئويىدىن پاختا ئەكەلسەم. تۇنۇگۇن، دەل مەزىن جۇمەگە ئەزەن ئوقۇغان

# تەدبىرلىك پادىشا

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇقرالىرى ناھايىتى بەختلىك ھەم خوشال-خورام كۈن كەچۈرىدىكەن. پادىشادىن ھەممە رازى ئىكەن. شۇڭا خەلق پادىشاغا "ئادىل پادىشا" دەپ نام بەرگەن ئىكەن. پادىشا ئۆزىنىڭ ئادىللىقىغا ھەۋەسى كېلىپ: "مەن شۇنداق بىر ئادىل پادىشا ئىكەنمەن، زادى مېنىڭ ئۈستۈمدىن يامان دەپ شىكايەت قىلىدىغانلارمۇ بارمىدۇ؟" - دەپ ئويلاپتۇ-دە، كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنى پۇقراچە ياسىنىپ، ئاخشىمى شەھەرگە كىرىپ، ئادەملەر كوپ-رەك توپلاشقان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپ-سوزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما، پادىشانى يامان دەيدىغان بىرەر گەپ-سوز ئاڭلىيالماپتۇ. بۇنىڭغا قانائەتلەنمىگەن پادىشا شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ، نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تىڭشاپ بېقىپتۇ. ئۇ جايلاردىنمۇ پادىشا ھېچبىر يامان گەپ-سوز ئاڭلىماپتۇ، ئاخىرى يالغۇز تۇرغان بىر ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە بارسا، دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى مومايىنىڭ: "مەزىننىڭ جېنى چىقسا، پادىشا يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئېتى پۇتلىشىپ پۇتى سۇنسا" دەپ خۇداغا نالە قىلىپ، يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. پادىشا بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئوردىسىغا قاراپ

ھەيران بولۇپتۇ ۋە ھېچ ئويلاپ تۇرماستىن ئۆزىنى ھالقى كولگە ئېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كوزىنى ئاچسا، ئۆزىنى ئاجايىپ چوڭ شەھەردە كورۇپتۇ. بۇ شەھەر شۇنداق چىرايلىق شەھەر-كەنكى، ۋەزىر ئومرىدە بۇنداق چىرايلىق شەھەرنى كورمىگەن ئىكەن. شەھەر ئىچى پۈتۈنلەي قىزلار بىلەن تولغان بولۇپ، ھېچبىر ئەر كىشى كورۇنمىگەندەك. شەھەر كوچىلىرى شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەنكى، ئەتراپلىرى تۇرلۇك گۇللەر بىلەن تولغان. ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەر-مەردىن ياسالغان، ئۇستىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن. بۇ ئىمارەتلەر خۇددى كۆن نۇرىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. بۇ جاي سۇ ئاستى پادىشالىغى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قىزلىرى ۋەزىرنى كورۇشى بىلەنلا ھەيران بولۇپ، دەرھال پادىشانىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. بۇ جاينىڭ پادىشاسىمۇ قىز بولۇپ، بۇنى "قىز پادىشا" دەپ ئاتىشىدىكەن.

قىز پادىشا ۋەزىرنى ناھايىتى چوڭ ھورمەت بىلەن كۇتۇۋېلىپ مېھمان قىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاغا ئۆزىنىڭ كىملىگىنى ھەم بۇ يەرگە نېمە سەۋەپ بىلەن كېلىپ قالغانلىغىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ ۋە قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئەمما قىز پادىشا بۇ توغرۇلۇق "كېيىن بىلىپ قالارسىز" دەپتۇ-دە، باشقا گەپ-سوز قىلماپتۇ. بىر قانچە كۈنلەر مېھمان بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۆزىنىڭ شەھرىگە قايتىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشا:

— سىز بۇ جايغا كەلدىڭىز، بىر قانچە كۈن مېھمان بولدىڭىز، ئەمدى بۇ قىزلارنىڭ بىرىنى تاللاڭ. شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىرگە كېتىڭ، — دەپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭغا ناھايىتى خوشال

مەزگىلدە، يەنە قارا ئاتقا مىنگەن بىر ۋەزىر كېلىپ يىپىنى ئېلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ بايغا نىمە دېيىشىمنى بىمەي يىغلاپ ئولتارغان ئىدىم، بۇ قارا ئاتلىق ۋەزىر باشقا كۈندە كەلمەيدۇ، پەقەت جۈمە كۈنى مەزىن جۈمەگە ئەزەن ئوقۇشى بىلانلا يېتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن: "مەزىننىڭ جېنى چىقسا، مېنىڭ يىپىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلغان پادىشا يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئېتى پۇتلىشىپ پۇتى سۇنسا، مېنىڭ ئۆيۈمگە كەلمەس ئىدى. يىپىمنى ئېلىپ كەتمىسە، مەنمۇ بۇنداق ۋەيران بولماس ئىدىم" دېگەن سۆزلەرنى قىلغان ئىدىم، ــ دەپ موماي سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

پادىشا بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي، كېلەركى جۈمە كۈنى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئۆز ۋەزىرىگە بۇيرۇپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ، ئەتىگەندە ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈگۈرۈك ئېتىنى مىنىپ، مومايىنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدىكى بىر كونا ئۆيگە موكۇنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دېگەندەك، دەل مەزىن جۈمەگە ئەزەن ئوقۇغان مەزگىلدە، كۈن چىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىرسى كەپتۇ-دە، مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ توختاپ، مومايىنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، ئېگىرگەن يىپلىرىنى ئېلىۋاپتۇ. موماي ھەر-قانچە يالۋۇرسىمۇ "پادىشانىڭ بۇيرۇغى" دەپتۇ-دە، باشقا گەپ-سۆز قىلماستىن ئېتىغا مىنىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ قويۇنىدەك چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ئېتىغا مىنىپ كەينىدىن قوغلاشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئېتىنى ھەرقانچە چاپتۇرسىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن، بىر چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر كۆل پەيدا بولۇپتۇ-دە، قارا ئاتقا مىنگەن ۋەزىر كۆلگە كىرىپلا كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر

ئۇنىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارغا تولۇپ، قۇلاقنى يارغىدەك ئاۋۇشلار ئاڭلىنىپتۇ. ئەمما قىز پادىشا مىدىر قىلماپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشانىڭ قۇلاقى تۈۋىگە كېلىپ ۋاقىراپمۇ بېقىپتۇ. ئاخىرى پۈت-قوللىرىغا يىڭنە سانچىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. ۋەزىر كېچىچە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ھەم ھېچ ئىلاج قىلىپ قىز پادىشانى ئويغىتالمىغانلىقتىن خاپا بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ۋەزىر ئورنىدىن تۇرسا، ئۆز ئۆيىدە — خوتۇنىنىڭ قېشىدا تۇرغىدەك. دەرھال ئادىل پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادىل پادىشا ھەيران بولۇپ، كېلەركى جۈمە كۈنى ئۆزى بېرىپ بارلىق ئىشنى بىلىپ كېلىشكە قارار قىپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا تاڭ سەھەر بىلەن كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېتىنى مىنىپ، قېرى مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ...... ئۇمۇ ھېلىقى قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ۋەزىر ئېيتقانىغا ئوخشاشلا بىر چوڭ شەھەردە ئۆزىنى كۆرۈپتۇ. بۇ سۇ ئاستى خانلىقىدىكى قىزلار ئۇنى دەرھال قىز پادىشانىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قىز پادىشا ئادىل پادىشانى كۆرۈپ، ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قارشى ئاپتۇ ۋە ئۇنى ۋەزىرنى مېھمان قىلغاندىنمۇ ئارتۇق مېھمان قىلىپتۇ. ئادىل پادىشا قىز پادىشادىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سورىغان ئىكەن، بۇنىڭغىمۇ، "كېيىن بىلىپ قالارسىز" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئادىل پادىشا قايتار ۋاقتىدا قىز پادىشا بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. قىز پادىشا ماقۇل بولۇپ ئادىل

بولۇپ، ماقۇل كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزىگە بۇ قىزلارنىڭ بىردىن-بىرى چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. زادى قايسى قىزنى تاللىشنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر پادىشا قىزنىڭ ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشا:

— سىز مېنى خالىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنلىسىڭىز مەن ئۆمۈرلۈك سىزنىڭ بولىمەن، ئەمما شەرتىمنى ئورۇنلىيالمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەردە كۆرىسىز، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— قانداق شەرت بولسا ئېيتىڭ، قەتئىي ئورۇنلايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

مېنىڭ شەرتىم، — دەپتۇ قىز پادىشا، — مەن توي بولغان كېچىسى ناھايىتى قاتتىق ئۇخلايمەن. شۇ بىر كېچىدە مېنى 3 قېتىم ئويغۇتالىسىڭىز شەرتىمنى ئورۇنلىغان بولىسىز. بولمىسا شەرتىمنى ئورۇنلىيالمىغان بولىسىز.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر "بۇ ھېچقانچە ئېغىر شەرت ئەمەسكەن. ئۇخلىغان كىشىنى ئويغاتماقمۇ تەسمۇ؟ بىر كېچىدە 3 قېتىم ئەمەس، بىرقانچە قېتىممۇ ئويغاتمايمەنمۇ" — دەپ ئويلاپتۇ.

توي ئاياقلاشقاندىن كېيىن، قىز پادىشا بىلەن ۋەزىر ئىككىسى ئايرىم ياسالغان بىر ئۆيدە قاپتۇ. قىز پادىشا بېشىنى ياستۇققا قويۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشانى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ بېقىپتۇ، قىچىغلاپتۇ. چىمداپتۇ. قىز پادىشا ئويغانماپتۇ. تۇن تەڭ بولۇپتۇ. 3 قېتىم تۇرماق بىر قېتىممۇ ئويغىتالماپتۇ. ئاخىرى ۋەزىر ھېچ ئىلاج قىلالماي داپ-دۇمباق، كانايلارنى ئېلىپ كىرىپ ئۆي ئىچىدە قالايمىقان چېلىشقا باشلاپتۇ.

ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەسنەشكە باشلاپتۇ. ئۇ، ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسۋاپلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ-دە، ئەتراپىدا تۇرغان بىكار ياغاچلارنى يونۇپ، ئۇنىڭدىن تازا كېلىشكەن بىر قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەمدى ئىككىنچى نۆۋەت كىيىم تىكىدىغان ماشىنىچىغا كەپتۇ. ماشىنىچى ياغاچچىنىڭ قىلغان ئاجايىپ ئىشىغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىر قۇر كىيىم تىكىپ، ياغاچ قىزغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى گۈزەتكە ئاخۇنۇم چىقىپ قارىسا، بىر چىرايلىق قىز تۇرغان. بۇنى كۆرگەن ئاخۇنۇم بىر تۇرۇپ خۇشال بولۇپتۇ، بىر تۇرۇپ قورقۇپتۇ. قىزغا گەپ قىلىسىمۇ، ۋاقىرىسىمۇ جىم تۇرغىدەك. تاش ئېتىپمۇ جاۋاپ ئالالماي، ئاخىرى قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا، چىرايلىق بىر قىزنىڭ ھەيكىلى. ئاخۇنۇم بۇنى ئاۋال گۈزەتتە تۇرغان ئىككى ئۇستامنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ قاراپ تۇرغۇسى كەلمەپتۇ. تەرەت ئېلىپ، كالامۇللانى ئېچىپ، خۇداغا يىغلاپ مۇشۇ قىزغا جان ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ دۇئايى ئىجاۋەت بولۇپ، قىزغا جان كىرىپ، سوزلەشكە باشلاپتۇ. ئانغىچە تاڭ يورۇپ، كۈنمۇ چىقىپتۇ. ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئۇستام ئويغىنىپ، چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغىنىنى كورۇپ ھەۋىسى كەپتۇ ۋە بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ يالغۇز ئۆزىنىڭ قىلۋالغۇسى كەپتۇ. ئەمما بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا تالاش-تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ياغاچچى بىرىنچى بولۇپ سوز باشلاپ:

— بۇ قىز جەزمەن مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاۋال مەن

پادىشاغىمۇ يوقۇرىقى ۋەزىرگە قويغان شەرتىنى قويۇپتۇ. ئادىل پادىشا بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي بولىۋاتقان مەزگىلدە بىر كېنىزەك ئادىل پادىشاغا يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت بېرىپتۇ. ئادىل پادىشا بۇ خەتنى ئوقۇپ كورسە: "سىز قىز پادىشانى ئويغىتىش ئۈچۈن ۋەزىرگە ئوخشاش قالايمىقان ئىشلارنى قىلماستىن، قىز پادىشا ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە 3 قېتىم ھىكايە ئېيتىپ، ھىكايىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزىڭىزگە ئۇزىڭىز سوئال قويۇپ، قەستەنگە خاتا جاۋاپ بەرسىڭىز، بۇنى ئاڭلاپ ياتقان قىز پادىشا جاۋاۋىڭىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئويغىنىدۇ" ـ دەپ يېزىلغان ئىكەن. بۇنى كورگەن پادىشا ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ، مەخسۇس ياسالغان ئويدە ئادىل پادىشا بىلەن قىز پادىشا قاپتۇ. قىز پادىشا ياستۇققا بېشىنى قويۇشى بىلەنلا، كوزىنى يۇمۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ئادىل پادىشا ھىلىقى كېنىزەكنىڭ خېتىگە بىنائەن ھىكايە ئېيتىپتۇ. ئۇ بىرىنچى ھىكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

"بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى، بىر كىيىم تىككۈچى ھەم بىر ئاخۇن بولغان ئىكەن. بۇ ئۈچ كىشى بىر كۈنى باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ ئوقەت قىلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ يولغا چىقىپتۇ.

بۇلار يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىر چولگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. شۇ جايدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ، ئەمما بۇ جايدا ياۋايى ھايۋانلار كوپ بولغانلىغى ئۈچۈن، كېچىنى ئۈچى نوۋەت بىلەن گۈزەت قىلىپ ئوتكۈزمەكچى بولۇشۇپتۇ. بولۇنغان مەسلىھەتكە مۇۋاپىق بىرىنچى قېتىم ياغاچچى گۈزەتكە چىقىپتۇ. ياغاچچى گۈزەتتە بىرئاز ۋاقىت

ئۇتمەي خوتۇنمۇ ئۇلۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى يېتىم قاپتۇ. بۇ باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ "بىزدەك يېتىم باللارغا بۇنداق ئاتا - ئانىمىز يوق شەھەردە ياشاش لايىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن كورە باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ ياشىغىنىمىز ئەۋزەلرەك" دىگەن خىيال بىلەن مال - دونيالىرنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كۆنلەپ، ئايلاپ مېڭىپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى ئاچا يولغا يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يول ساپتۇ.

ئارىدا بىر قانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. ئاكىسى چوڭ بىر شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي مال - دونيالىرى تۈگەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ، كۆن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئېغىرچىلىق تېخىمۇ كۆچۈيۈپ يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن: "نىمە بولسىمۇ بولسۇن، ئۇكامنى ئىزلەپ تېپىشىم كېرەك" دىگەن خىيال بىلەن بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ، ئاۋالقى ئاچا يولغا كېلىپ، ئۇكىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر قانچە كۆن ماڭغاندىن كېيىن، بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردىمۇ قەلەندەرچىلىك بىلەن كۆن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇكىسى بولسا، ئاكىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ سودىگەرلىك قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، مال - دۇنياسى ئاۋالقىدىن بىر قانچە ھەسسە كوپيۈپتۇ، بالا - چاقىلىقمۇ بولۇپتۇ. ئۇكىسى بىر كۆنى شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، ئاكىسىنىڭ جۇل - جۇل ئەسكى كىيىملەر بىلەن نان تىلەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگەنلىگىنى كورۈپ قاپتۇ - دە، ئاكىسىنى دەرھال چاقىرىپ تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئىككىسى يىغلاپ، قۇچاغلىشىپ

ياغاچتىن قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياسىمىغان بولسام، ھېچقايسىڭلارنىڭ خىيالىڭغا كەلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ.

ماشىنىچى:

— مەن، سەن ياسىغان ياغاچلارغا كىيىم كىيگۈزۈپ ئادەم سىياقىنى بەردىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ. ئاخىردا ئاخۇنۇم سۆزگە تۇرۇپتۇ:

— سىلەرنىڭ قۇرۇق ياغىچىڭلار ھېچنەرسىگە كېرەككە كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ جېنى يوق. مەن ئاخۇنلۇق سۈپىتىم بىلەن خۇدادىن تىلەپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدۈم. شۇڭلاشقا قىزدا ھېچقايسىڭلارنىڭ ھەققى يوق“. ئادىل پادىشا بىرىنچى ھىكايىسىنى ئەنە شۇنداق تۈگىتىپتۇ-دە، ئۆز-ئۆزىگە: ”ئۇنداق بولسا، بۇ قىز مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ بولۇشى كېرەك؟“ -دەپ سوئال قويۇپتۇ ھەم ئۆزى: ”بۇ قىز ئاخۇنۇمنىڭ بولۇشى كېرەك“ - دەپ توختاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشا كۆزىنى ئېچىپ، بېشىنى كۆتىرىپ:

— ياق، خاتالاشتىڭىز، قىز ياغاچچىنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ دەسلەپ قېلىپ ياسىمىغان بولسا، بۇنىڭغا ھېچقايسىسىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى، - دەپ تۈزىتىش بېرىپ، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئادىل پادىشا قىزنى بىرىنچى قېتىم ئويغۇتالىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خوشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ، ئوبدان بىر يوتۇلۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ، ئىككىنچى ھىكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

— بۇرۇنقى زاماندا بىر باي كىشى ئۆتكەن ئىكەن. كۆنلەردىن بىر كۈنى باي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇزۇن

شەھەردە كورگەن چىغىمدىلا ئۇيگە باشىلاپ ئەكەلمىدىم ياكى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرمۇدۇم. ئاكام ئويۇمگە كىرىشكە خىجا-لەت بولۇپ ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. ئاكامسىز بۇ دۇنيادا مېنىڭمۇ ياشىشىم لازىم ئەمەس" - دەپ ئۆزىنىڭ بويىنىنى ئۆزى قىلىچ بىلەن كېسىۋېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇكىسىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى ئىزلەپ تاشقىرىغا چىقسا، دەرۋازا ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ بېشى كېسىلگەن ھالدا ياتقىدەك. ئايال ئېرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ھەم كېسىلگەن بۇ باشلارنى تەنگە چاپلاپ قويۇپ، خۇداغا نالە قىلىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئايالنىڭ دۇئايى ئىجاۋەت بولۇپ، بۇ ھەر ئىككى بىر تۇققانغا جان كىرىپ مىدىر-لاشقا باشلاپ، ئاخىرى، ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، ئەمما ئايال باشنى چاپلىغان ۋاقتىدا دىققەتسىزلىك بىلەن ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئۇكى-سىنىڭ تېنىگە، ئۇكىسىنىڭ بېشىنى ئاكىسىنىڭ تېنىگە چاپلاپ قويغان ئىكەن. بۇ ئايالنىڭ ئېرى زادى قايسىسى بولۇشى كېرەك؟" دەپ ئادىل پادىشا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ - دە: "بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان ئاكىسىنىڭ تېنى بولۇشى كې-رەك"، دەپ جاۋاپ بېرىپ، ھىكايىسىنى تۈگىتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز پادىشا كوزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ياق، خاتالاشتىڭىز، ئۇنداق قىلسا، ئۇ ئىككىسى بىر تۇققان بولغانلىقى ئۈچۈن راۋا بولمايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئاكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان، ئۇكىسىنىڭ تېنى بولۇشى كېرەك، - دەپ تۈزى-تىش بېرىپتۇ - دە، يەنە بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇخلاشقا باش-لاپتۇ.

ئادىل پادىشا بولسا قىز پادىشانى ئىككىنچى قېتىممۇ ئويغات-

كورۇشۇپتۇ. ئۇكىسى، ئاكىسىغا:

"مېنىڭ ئۆيۈم شەھەر تېشىدىكى ئوستەڭنىڭ بويىدا، هازىر تارتىنماي دەرھال مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ. ئۆيدە خوتۇن بالىلىرىم بار. ئۇلار سىزنى كورگەندە سىز مېنىڭ ئاكام ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، مەن هازىر يېتىپ بارىمەن، - دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ. ئاكىسى بىر تۇرۇپ ناھايىتى خوشال بوپتۇ، بىر تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىدىن خاپا بولۇپ ئاخىرى، نېمە بولسىمۇ ئۆزەمنىڭ بىر تۇغقان ئۇكىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۆيىگە باراي، دەپ ئويلاپ، ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇكىسى بولسا ئىشىنى تۈگىتىپ ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىدىن سورىسا، بۇ جايغا باشقا كىشىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. تاشقىرىغا چىقىپ شەھەرنى ئىزلەپ تاپالماي يەنە قايتىپ كەپتۇ - دە، خوتۇنىغا تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇپ، بىرئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئاكىسى كەلگىدەك بولسا، ناھايىتى چىرايلىق بىر ئىمارەت تۇرغىدەك. ئۇ، "مەن بۇ ئەسكى كىيىملەر بىلەن ئۆيىگە كىرسەم، ئۇكام بولسىغۇ بولدى، ئەگەر بولمىسا، باشقا كىشىلەر مېنى سەن نېمە قىلىدىغان ئادەم، ئوغرىمۇ؟ دەپ ھويلىدىن قوغلاپ چىقارسا نېمە قىلارمەن؟ ئۇنداق ئىزا تارتىپ يۈرگەندىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ،" دەپ ھويلىنىڭ تېشىدا ئۆزىنى-ئۆزى پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇكىسى، ئاكام كەلگەن بولسا كىرەلمەي يۈرمىسۇن، دەپ تاشقىرىغا چىقىپ قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا ئاكىسىنىڭ بېشى كېسىك ھالدا ياتقانلىغىنى كورۇپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، يىغلاشقا باشلاپتۇ ھەم ئۆز-ئۆزىنى ئېيىپلاپ: "مەن نېمە ئۈچۈن ئاكامنى

قانلىغىنى كورۇپ، شۇ جايغا قاراپ مېڭىپتۇ، يېتىپ كېلىپ قاردىمدەك بولسا، ئوڭكۇر ئىچىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز يىغلاپ ئولتۇرغىدەك، يىگىت قىزدىن:

— بۇ ئوڭكۇردە نىمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بولسا تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. يىگىت قىزغا تەسەللى بېرىپ:

— قانداق سوزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن ئورۇنلايمەن، — دىگەن ئىكەن، قىز:

— مەن بىر شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلاپ باققان بىرلا قىزى ئىدىم، بىزنىڭ شەھەرگە ھەر يىلى بىر ئاپەت كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، مۇشۇ ئوڭگۇردىكى ئەژدەرھاغا ھەر يىلى بىر قىزنى بەرمىسە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇ يىل نوۋەت ماڭا كەلگىنى ئۈچۈن مېنى ئەژدەرھاغا تاشلاپ بېرىشتى. ھازىر ئەژدەرھا ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا كەتكەن. كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. شۇڭا ئوز ئولۈمىمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن، — دەپتۇ. يىگىت:

ھېچقاچان سىزنى ئەژدەرھانىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ كەتمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ. مەن ئەژدەرھانى ئولتۇرۇپ، سىزنى ساق-سالامەت ئاتىڭىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپ قىزنى خاتىرجەملەندۈرسىمۇ، قىز ئانچە ئىشەنمەي:

— رەخمەت سىزگە، سىز دەرھال قايتىپ كېتىڭ، ھەر ئىككىمىز ھالاك بولمايلى، — دەپتۇ. يىگىت بولسا ئەژدەرھانى ئولتۇرىدىغانلىغىنى ئېيتىپ قەسەميات قىلىپتۇ ۋە ئەژدەرھانىڭ قايسى ۋاقىتدا كېلىدىغانلىغىنى سوراپتۇ. قىز:

— ئەژدەرھا كېلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىدۇ.

قانلىغىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ-دە، ئۈچىنچى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

"بۇرۇن بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇلار بىر-بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىدىكەن. يېشىمۇ ئانچە پەرق قىلمايدىكەن، بىر قېتىم كۆرگەن كىشى بۇلارنى ئانچە پەرق قىلالمايدىكەن. باتۇرلۇقتا ئۇكىسى ئاكىسىدىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۇلار چوڭىيىپ بالاغەتكە يېتىپ قاپتۇ، لېكىن پادىشانىڭ قول ئاستىدىكى يۇرت ئىچىدىن بۇ ئىككى ئوغۇلغا لايىق تېپىلماپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى يىگىت مەسلىھەتلىشىپ، باشقا يۇرتقا بېرىپ لايىق تېپىپ كەلمەكچى بولۇشۇپتۇ. ئەمما ئىككىسى بىرلا بارماستىن، ئاۋال ئاكىسى بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇكىسى بېرىشقا قارار قىپتۇ. پادىشا نۇرغۇن تەييارلىقلار بىلەن ئاكىسىنى يولغا ساپتۇ. ئاكىسى بىر كۈنلۈك يولغا بېرىپ كەينىگە قارىسا، ئۇكىسىنىڭ قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ تۇرۇپتۇ. ئۇكىسى يېتىپ كېلىپ ئاكىسىغا: "ئاكا، بىر ئىش ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. سىزنىڭ قىلىچ غىلىپىڭىز مەندە قالسۇن. مېنىڭ قىلىچ غىلىپىمنى سىز ئېلىپ كېتىڭ، ئەگەردە قايسىمىز خەۋپ-خەتەرگە يولۇقساق، قىلىچ غىلىپىمىز لىق قانغا تولىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىر-بىرىمىزگە ياردەمگە بارايلى دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاكىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال قىلىچ غىلىپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇكىسى بولسا ئاكىسىغا ئاق يول تىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئاكىسى بولسا ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

تاغ-جەزىرىلەردە بىر قانچە كۈن يول مېڭىپ، ئاخىرى بىر تاغنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭ ئۆڭكۈردىن تۈتۈن چىقىۋات-

بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى كۆرگەن قىز خاپا بولۇپ، ئاتىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئاتىسى: ‘قىزىم، ئەگەر مۇشۇ يىگىت بولمىسا، بىز سېنى نەدىن كۆرەلەيمىز؟ مۇشۇ يىگىت ئەجدەرھانى ئۆلتۈرۈپ، سېنى قۇتۇلدۇردى. شۇڭا يىگىت بىلەن ئاۋال كۆرۈشتۈم’ ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. قىز بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا 7 كېچە ـ كۈندۈز چوڭ توي ـ مەرىكە قىلىپ، قىزنى يىگىتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ، يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر كېچىسى يىگىتنىڭ كۆزى تامدىكى بىر سۈرەتكە چۈشۈپتۇ ـ دە، خوتۇنىدىن:

— بۇ قىز كىمنىڭ قىزى؟ ئۇ قەيەردە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— بۇ سۈرەتتىكى قىز بىزنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماينىڭ قىزى. ئۇ موماي: ‘كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن، ئەگەر يېڭەلمىسە، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن’ دەپ جاكالىغان. ئەمما بۇ قىزغا قىزىققان نۇرغۇن پالۋانلار، باتۇرلار بۇ موماي بىلەن چېلىشىپ يېڭەلمىگەن. ئۇلارنى بولسا، موماي ئىتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، ـ دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت دەرھال: ‘ھە، بۇ قىز مېنىڭ ئۇكامنىڭ لايىقى ئىكەن. مەن موماينى يېڭىپ، قىزنى ئۇكامغا ئېلىپ بېرىمەن’ ـ دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى يىگىت خوتۇنىغا ھەم ئوردىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، يالماۋۇز موماينىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ساپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن موماينىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياۋۇز موماي ‘ھەي ئادىمىزات، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ ياكى جېنىڭدىن

ئۇ شۇ ۋاقىتتا كېلىدۇ، ـ دەپتۇ. يىگىت:
ــ ئۇنداق بولسا مەن بىرئاز دەم ئېلىۋالاي. سىز ئەژدەرھا كېلىشتىن ئىلگىرى مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ، لېكىن مەن قاتتىق ئۇخلايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مانا بۇ قىلىچنى ئوڭ پۇتۇمغا سانچىڭ. شۇ ۋاقىتتا ئويغىنىمەن، ـ دەپ قويۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.
بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلىشقا باشلاپتۇ. قىز يىگىتنىڭ تاپىلىشى بويىچە قىلىچنى ئۇنىڭ پۇتىغا سانچىشقا يۈرىكى چىدىماي، ۋاقىراپ ئويغاتماقچى بولۇپتۇ. بىراق يىگىتنى ئويغىتالماپتۇ. قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. قىز ئىلاجى قىلالماي ئاخىرى يىگىتنىڭ پۇتىغا قىلىچنى سانچىپتۇ. يىگىت ئويغىنىپ:
ــ ئەژدەرھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
ــ ئەنە كېلىۋاتىدۇ، ـ دەپتۇ قىز. يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى ئېلىپ ئەژدەرھا كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەژدەرھا بۇ يىگىتنى كورۇپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، يەۋېتىش ئۈچۈن ئىچىگە شورىغان ئىكەن، يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى توغرا تۇتقان پېتى ئەژدەرھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇغىدىن چىقىپتۇ. ئەژدەرھا ئۆلۈپتۇ. بۇنى كورگەن قىز ناھايىتى خوشال بولۇپ، يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئوزىنى ئېتىپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇلار شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. قىزنى كورگەن پادىشا بىلەن پادىشانىڭ خوتۇنى خوشاللىقىدىن ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار ھۇشىغا كېلىپ، يىگىتنىڭ ئەژدەرھانى ئولتۇرۇپ، قىزنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولۇشۇپ، ئالدى بىلەن يىگىتنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كورۇشۇپتۇ. ئاندىن قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاۋال ئوزى

دەپتۇ. 'ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ' دەپ يەنە بىر سوزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. قىز ئېرىگە سوزلەپ بەرگەن ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى تولۇغى بىلەن سوزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت: 'ئۇنداق بولسا ئاكام مۇشۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بېرىسەن دەپ، شۇ مومايىنىڭ ئۆيىدە پالاكەتكە يولۇققان ئوخشايدۇ' - دەپ ئويلاپ، ئەتىسى سەھەردە ئېتىغا مىنىپ مومايىنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئاكىسى ئاجايىپ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنى كورۇپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە موماي بىلەن چېلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئوتمەي، يىگىت مومايىنى يېڭىۋاپتۇ - دە، ئاكىسىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ بېرىشىنى سوراپتۇ، موماي دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئاكىسىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇپ بېرىپ، قىزىنى يىگىتكە بېرىپتۇ. بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى مومايىنىڭ قىزىنى ئېلىپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردىغا بارغاندا بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىنى پادىشامۇ ئايرىۋالالماپتۇ. ھەتتا ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ قايسىسى ئوزىنىڭ ئېرى، قايسىسى ئېرى ئەمەسلىگىنى بىلەلمەي قاپتۇ." - دەپ ئادىل پادىشا ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ - دە، "بۇ خوتۇن ئوز ئېرىنى قانداق تونۇۋېلىشى كېرەك؟" - دەپ ئوز - ئوزىگە سوئال قويۇپتۇ ۋە ئوزىگە: "ئايال ئىككى ئاكا - ئۇكىدىن، مېنىڭ ئېرىم قايسىڭلار؟ دەپ سوراپ بىلىۋالسا بولىدۇ،" دەپ ھېكايىنى توختىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشا كوزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن قوپۇپ:

— "خاتالاشتىڭىز، ئايال كىشىنىڭ ئۇنداق سورىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەم باشقىلار ئاڭلاپ قالسىمۇ ئۇيات. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايال ئىككى يەرگە ئورۇن ھازىرلاپ، بىرىگە ئوزى ئاۋال بېرىپ يېتىشى كېرەك. قايسىسى بۇ ئايالنىڭ ئېرى بولسا، شۇ كىشى ئايالنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتىدۇ" - دەپ تۈزىتىپتۇ ۋە قىز پادىشا كۈلۈپ ئورنىدىن

تۇيدۇڭمۇ؟' - دەپ ۋاقىراپتۇ. ئەمما يىگىت پەرۋا قىلماستىن: 'شەرتىڭنى ئورۇنلاپ، سەن بىلەن چېلىشىپ، قىزىڭنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم' - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى چېلىششقا باشلاپتۇ. ئۇزاقىچە بىر-بىرسىنى يېڭەلمەپتۇ. بۇ ۋاقىتدا موماي بىر ھىلى ئىشلىتىپ: 'ھەي ئاددىمزات، ناھايىتى ئۇسساپ كەتتۇق. بىر سۇ ئىچىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن چېلىشايلى' - دەپتۇ. يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپ، كۆلنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ. موماي تۇمشۇغىنى سۇغا چوكۇرۇپ سۇ ئىچكەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. يىگىت بولسا سۇنى ناھايىتى كۆپ ئىچكەنلىكتىن، پۈتۈن تېنى بوشىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي چېلىشتا يىگىتنى يېڭىۋاپتۇ-دە، ئۇنىڭ ئاستىنى ئىت، ئۈستىنى ئادەم قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئۇكىسى قىلىچ غىلىپىغا قارىسا، غىلاپ لىق قانغا تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ بىر پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ياردەمگە مېڭىپتۇ. بىر قانچە كۈن يول مېڭىپ، ئاخىرى ئاكىسىنىڭ تۇرغان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا ئۆزىنىڭ كۈيوغلى دەپ ھېساپلاپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. يىگىت بولسا: 'ئاكام مۇشۇ شەھەر پادىشاسىنىڭ قىزىنى ئالغان بولۇشى كېرەك، پادىشا مېنى ئاكامغا ئوخشىتىپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ. مەن ئاكامنى تاپىدىغان بولدۇم' - دەپ ئويلاپتۇ-دە، كېچىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنى بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ، ئەمما ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ بۇ يىگىتنى تونۇماستىن ئۆزىنىڭ ئېرى دەپ ئىشىنىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭمۇ كۆزى ھىلقى تامدىكى سۈرەتكە چۈشۈپ، بۇ سۈرەتنىڭ سىرىنى سورىغان ئىكەن، قىز ئاچچىغلاپ 'ئۆتكەندە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىمغۇ'

# ياماقچى بىلەن پادىشا

بۇرۇن ئەمەس، بۈگۈن. ھە راست تۈنۈگۈن. مەن بوۋامدەك چاغدا، بوۋام مەندەك چاغدا، يىراق بىر يەردە، مۇشۇ شەھەردە سەكسەندىن ئاشقان، توقسەنگە ياندىشقان، بېلى ئېگىلگەن، پۇتىسى چېگىلگەن تۇرسۇن ئىسىملىك ياماقچى بولغان ئىكەن. بۇ ياماقچى خەلقنىڭ يىرتىلغان مەسە، كالاچ، ئۆتۈك، پوپۇچلىرىنى ياماپ جان باقىدىكەن. ھەركۈنى 3 داچەن تاپىدىكەن. بىر داچەنگە نان، بىر داچەنگە چىراق يېغى، بىر داچەنگە ھاراق ئېلىپ، ھەر كېچىسى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزى خوش قىلىپ ياشايدىكەن.

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى: "مېنىڭ ئۈستۈمدىن كىم غەيۋەت قىلىدىكىن؟" دەپ گۇمانلىنىپ، ھەركۈنى كەچتە دىۋانە سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، كوچا-كوچىلاردا يۈرۈپ، ئىشىك-تۈڭلۈك مارايدىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى، پادىشا ئادىتى بويىچە، كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرگىنىدە، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پەنجىرىسىدىن چىراقنىڭ يورۇغىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئىشىگىنىڭ يۈچۈغىغا كېلىپ قاراپتۇ. ياماقچى ئويۇقتىن ياغاقنىڭ شاكىلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قارا ھېجىردىكى ھارىغىدىن قۇيۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ، توت-بەش قېتىم ئېچىپتۇ، ئاندىن كېيىن قوزۇقتىن تەمبۇرنى ئېلىپ:

دەردى يوق موزدۇز دىمە،

تۇرۇپ، — "سىز مېنىڭ شەرتىمنى تولۇق ئورۇنلىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك خوتۇنىڭىز بولىمەن" — دەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئادىل پادىشا قىز پادىشادىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سورىغان ئىكەن. قىز پادىشا:

— مەن سىزنىڭ ئادىل، ھەققانىي ئىكەنلىكىڭىزنى ئەزەلدىن بىلەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۆز كېنىزىكىمنى ۋەزىرچە ياساندۇرۇپ، يەر ئۈستى خانلىقىغا چىقىپ، ئەشۇ مومايىنىڭ يىپىنى ئەكىلىشكە بۇيرىغان. بۇ ئايالنىڭ دەردىنى سىزنىڭ ئاڭلاپ ئاخىرى مۇشۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئەمدى ئۇ مومايىنىڭ يىپىنى ھېچكىم ئوغرىلىمايدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئىككىلىسى يەر ئۈستى خانلىقىغا چىقىپ، تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىكەن ھەم يۇرتنى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ھەققانىي سورىغان ئىكەن. قول ئاستىدىكى خەلقلەرمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولۇشقان ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، قېرى مومايىنىڭ يىپىنىمۇ ھېچكىم ئېلىپ كەتمەيدىغان بوپتۇ.

قات ـ قات تىكىپ قامچىلار
دۈمبىلەر يېغىر بولدى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كوز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا چىدىيالماستىن:
—ۋاي بىچارە ئاكا، قانچىلىك دەردىڭىز بار؟ نىمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
تۇرسۇن ياماقچى ئاچچىغلاپ:

سورىما سوراق،
ئىچكىنىم هاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئولتۇر ئولگۇر! ـ دەپتۇ.

پادىشا شوك بولۇپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى چېلىپ:

كۇندە تاپتىم ئۇچ داچەن
گىردە، چىراق، هاراققا.
ئىشىنمىدىم بىر داچەن،
گوش ـ ياغ نەدە قوساققا. ـ دەپتۇ.

دەردىم ئىچىمدە بىر تۈلۈم.
پادىشانىڭ شەھرىدە
نەگە بارساڭ بار زۇلۇم.

— دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئىشىكنىڭ يۇچۇغىدىن قاراپ تۇرغان پادىشا بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ غەزىۋىنى ئىچىگە يۇتۇپ "زادى بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن بىر گەپلىشىپ باقاي" دەپ، ياماقچىنىڭ ئىشىگىنى قېقىپتۇ. ياماقچى:

— كىم سەن؟ — دەپ ئىشىگىنى ئېچىپ، تالاغا چىقىپتۇ. دىۋانە سۈرەتلىك پادىشا:

— مەن بىر مۇساپىر دىۋانە. خۇدانىڭ ھەققىدە بۈگۈن بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم...... — دەپتۇ. ياماقچى:

— قوندۇرسام قوندۇراي، ئەمما مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا زادى ئارىلاشمايسەن، "بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟" دەپ سورىمايسەن، گەپ قىلماستىن شۈك ئولتۇرسەن ياكى ئۇيقۇڭنى ئۇخلايسەن. مۇشۇ شەرتكە كونسەڭ قونغىن، — دەپتۇ.

"دىۋانە" ماقۇل بولۇپ، ئۆيگە كىرىپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپتۇ. ياماقچى بىر "ئۇھ" تارتىپ، قارا ھېجىردىن ياڭاقنىڭ شاكىلىغا ھاراقنى قۇيۇپ ئىچكىلى تۇرۇپتۇ. ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، تەمبۇرنى ئېلىپ، مۇڭلۇق ئاھاڭغا چېلىپ، مۇنۇ قوشاقنى توقۇپ، غەزەل قىلىپ ئوقۇپ، يىغلاپ كېتىپتۇ:

بۇ زاماندا پادىشانىڭ
ئالۋىڭى ئېغىر بولدى.

تارقىتىپتۇ.

خەلقلەر بۇ پەرمانغا ھەيران قېلىشىپ، ئىچىدە پادىشانى تىللىشىپتۇ.

پادىشانىڭ ياساۋۇل - قاراۋۇللىرى بىر كوچىغا كەلسە، ھىلىقى ياماقچى ياماقچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنى كورگەن ياساۋۇللار:

— سەن پادىشانىڭ پەرمانىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟! - دەپ ۋاقىراپ - جاقىراپ، ياماقچىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى تېپىپ - چېقىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

بىچارە ياماقچى يىغلاپ - قاخشاپ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ. "بىر ەر ئۇقەت قىلمىسام قوساق ئاچ قالىدۇ" دەپ، بورەندىسىنى① ئېلىپ، سەراغا چىقىپ، ئادىراسمان ئورۇپ، بازارغا ئەكېلىپ سېتىپ، يەنە نان، چىراق يېغى، ھاراق ئېلىپ، ئاخشىمى ھاراقنى ئىچىپ، تەمبۇر چېلىپ، قوشاق قوشۇپ ئولتۇرسا، ھىلىقى پادىشا باشقا بىر دىۋانىنىڭ سۇرىتىگە كىرىپ، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىشىگىنى قېقىپتۇ.

تۇرسۇن ياماقچى:

— كىم سەن؟ - دەپ ئىشىككە چىقىپ قارىسا، بىر غېرىپ بىچارە تۇرغىدەك. "قەلەندەر" تۇرسۇننى كورۇشى بىلەن:

— جېنىم بۇرادەر، بۇگۇن بىر ئاخشام قونۇپ، ئەتە سەھەردە كەتسەم... - دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

— مەن ئادەم قوندۇرمايمەن. ئاخشام بىر دىۋانە كېلىپ ئاغزىنى ئۇششۇتۇپ، شۇملۇق قىلدى. نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار! - دەپتۇ. "قەلەندەر":

---

① بورەندە — مۇزدۇزلارنىڭ چەم كېسىدىغان ئەسۋاۋى.

پادىشا بەنە چىدىيالماي:

— ۋاي ىچارە ئاكا، نىمە تىجارەت قىلىسىز؟ - دەپ سوراپتۇ.

تۇرسۇن ياماقچى:

تىجارىتىم موزدوزلۇق،
يامايمەن ئۆتۈك، پوپۇش.
تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇق،
ھىچ بولمىدى كوڭلۇم خوش. —

دەپ ھوڭگۇرەپ يىغلاپ كىتىپتۇ. پادىشا ئىچىدە كۈلۈپ، ئاغزىدا كوڭلىدىكىنى ئىيتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي ھاراقكەش ياماقچى، كورگەن كۈنۈڭگە شۈكرى دىسەڭ بولمامدۇ. ئەگەر سىنىڭ مۇشۇ قوشاقلىرىڭنى پادىشا ئاڭلاپ قىلىپ، ئەتىدىن باشلاپ «ھىچكىم ياماق ياماتمايدۇ، ھەر كىم ئوزىنىڭ ئۆتۈك، پوپۇچىنى ئوزى ياماپ كىيسۇن» دەپ جاكا قىلسا، قانداق قىلىسەن؟ - دەپتۇ.

ياماقچىنىڭ ئاچچىغى كىلىپ، ھاراق ئالغان قارا ھىجىرىنى «قەلەندەر»نىڭ بىشىغا ئىيتىپ:

— ھەي شۇم ئىغىز دىۋانە، ئويۇمدىن چىق! - دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

پادىشا ئوردىسىغا بىرىپ، ئەتىسى «ھىچكىم باشقىلارغا ياماق ياماتمايدۇ ھەم ھىچكىم باشقىلارنىڭ يامىغىنىمۇ يامىمايدۇ! پەرمانغا بويسۇنماي، ياماق ياماتقان ياكى ياماق يامىغانلار جازاغا تارتىلىدۇ»، دەپ جاكا چىقىرىپ، ياساۋۇل، قاراۋۇللىرىنى كوچا - كوچىغا

تېخىمۇ مۇڭلۇق پەدىگە چېلىپ، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

موزدوزلۇق قىلىۋىدىم،
ئاچ قېلىپ تاياق يىدىم.
بورەندىنى ئوغاق قىلىپ،
ئادىراسمان ئوراي دىدىم.

ئاران تاپتىم ئۈچ داچەن،
گىردە، چىراق، هاراققا.
بۇ هۈنەرنى توسسا شاھ،
ئەمدى كېتەي يىراققا.

بۇنى ئاڭلىغان «قەلەندەر»:
— پادىشا ئەتە «هېچكىم ئادىراسمان ساتمايدۇ» دەپ جاكا قىلسا، قانداق قىلىسىز؟ ئانداق نا شۈكۈرلۈك قىلماڭ. — دەپتىكەن، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ قويۇقا چىچى تىك تۇرۇپ:
— يوقال، شۇم ئېغىز قەلەندەر! ئۇنىڭغۇن بىرنىڭ موزدوزلۇق تىجارىتىمدىن ئايرىدىڭ. بۈگۈن سەن كېلىپ بۇ هۈنىرىمدىن ئايراي دەمسەن!؟ — دەپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.
پادىشا ئەتىسى «هېچكىم ئادىراسمان ساتمايدۇ، ئادىراسمانىمۇ ئالمايدۇ» دەپ جاكا قىلىپ، ياساۋۇل - قاراۋۇللىرىنى يەنە كوچىغا چىقىرىپتۇ.
بىر ياساۋۇل كوچىدا كېتىۋاتسا، تۇرسۇن ياماقچى «ئادىراسمان، ئادىراسمان، ئاغرىققا شىپا، ئاجىزغا دەرمان» دەپ ۋاقىراپ كېتىۋاتقىدەك. بۇنى كورگەن ياساۋۇل يۈگرەپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى

— بايلار "پېتلىق گاداي" دەپ بولاتمىسا، ئۆزەمگە ئوخشاش گادايغۇ دەپ سىزگە كەلسەم، سىزمۇ قوغلىسىڭىز، قانداق قىلارمەن ئەمدى. بۇ پادىشانىڭ شەھرىدە كۆن ئالماق تەس بولدى، — دەپ يالغاندىن يىغلاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئىچى ئاغرىپ:

— بولدى يىغلىما، ئەمما ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، مېنىڭ قىلغان ئىشىمغا ئارىلاشما. بۈگۈن جىم يېتىپ، ئەتە كەت، — دەپ ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. كېيىن تەمبۇرنى ئېلىپ مۇڭلۇق مۇقامغا يەنە چېلىشقا باشلاپتۇ:

ئاتام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە،
ئانام ئۆتكەن بۇ شەرىڭدە.
يورۇق كۆن بولارمىكىن
زالىم شاھ بۇ دەردىڭدە.

دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشا چىدىيالماي:

— ۋاي بىچارە ئاكا، نېمە ئوقەت قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

تۇرسۇن:

— سورىما سوراق،
ئىچكىنىم ھاراق،
چالغىنىم تەمبۇر،
جىم ئولتۇر ئولگۇر، — دەپتۇ.

پادىشا بىردەم شۈك ئولتۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى تەمبۇرنى

تۇشۇك سوغامنى ياماپ،
سۇچىلىق قىلدىم بۇگۇن.
ئادالەتسىز پادىشانى
قوشاققا قاتتىم بۇگۇن.

دەپ قوشاق قېتىپ يىغلاپتۇ.

پادىشا چىداپ ئولتۇرالماپتۇ، سوراي دېسە، ئۇرارمىكىن دەپ قورقۇپتۇ. ئاخىرى:

— ۋاي جېنىم ئاكا، ئەتە پادىشا "ھېچكىم سۇچىلىق قىلمىسۇن"، دەپ جاكا قىلسا قانداق قىلارسىز؟ — دەپتۇ. تۇرسۇن ياماقچىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ - دە:

— قوپ شۇم ئېغىز، يوقال بۇ يەردىن! — دەپ ئەپكەش بىلەن ئۇرۇپ - سۇرۇپ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ.

ئەتىسى تۇرسۇن ياماقچى سوغىسىنى كوتىرىپ، ئاشپۇزۇلمۇ - ئاشپۇزۇل يۈرۈپ، سۇ ساتالماپتۇ. چۈنكى، پادىشانىڭ ئەمرى بويىچە، ھېچكىم سۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى يىغلاپ - قاخشاپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندىن كېيىن، "ئەمدى پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ ھالىمنى ئېيتاي، ھالىمغا يەتسە يېتە، يەتمىسە باشقا كەلگەننى كوردۇم" دەپ ئوردىغا مېڭىپتۇ.

ئوردىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، "كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ؟" دەپ ئىككىلىنىپ تۇرسا، سېمىز ئارغىماقنى مىنگەن بىر باي كەپتۇ. بۇ باي يىراق جايدىن كەلگەن ئىكەن. ئاتتىن چۈشۈپلا ئوردىنىڭ ئالدىغا كىچىك تاھارەت قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنى كورگەن تۇرسۇن ياماقچى "بۇ باينىڭ بىر جاجىسىنى بېرەي" دەپتۇ - دە، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلىگىدىن تۇتۇپ:

ئادىراسماننى نارتىۋېلىپ ھەيدىۋېتىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى يەغلاپ-قاخشاپ ئۆيىگە كېلىپ ئىككى سوغىسىنى ئېلىپ، بىر ئاشپۇزۇلغا سۇ توشۇپ، توققۇز داچەن تېپىپتۇ. ئۈچ داچەنگە نان. ئىككى داچەنگە چىراق يېغى. تۆت داچەنگە هاراق ئېلىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

كېچىسى پادىشا باشقا بىر دىۋانىسىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ يەنە تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ، بىراق پادىشا بۈگۈن سەل كېچىكىپ قاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى بولسا، هاراقنى ئىچىپ بولۇپ، شىر كەيپ ئولتۇرغان ئىكەن. پادىشا:

—بارىدىغان يېرىم يوق، بىر كېچە ئۆيىڭىزدە قونۇپ كەتسەم، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئۇنۇماپتۇ. كېيىن "قەلەندەر" يىغلاپ:

—كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قايىشى ئەمەسمۇ. — دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياماقچى "خەير بوپتۇ" دەپ دىۋانىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆزى بولسا، ئادىتى بويىچە تەمبۇرنى ئېلىپ:

بۈگۈن هاۋا تۇتۇلۇپ،
باشلىدى قار ياققىلى.
نىمشقىمۇ تورەلدىم
هەممە دەرتنى تارتقىلى.

ئادالەتسىز پادىشانىڭ
تولا تارتتىم دەردىنى.
ئادىراسمان ساتاي دىسەم،
چېچىۋەتتى بارىنى.

ئادالەتسىز پادىشا
ھېچبىر ئۇقەت قىلالدۇرماي،
باينى باپلىدى تۇرسۇن،
ھېچ كىشىگە تۇيدۇرماي.

دەپ غەزەل ئېيتىپتۇ.

پادىشا بۇ كېچە گەپ قىلماي جىم يېتىپتۇ. ئەتىسى ئوردىغا بىر نەپەر ياساۋۇللىرىغا تۇرسۇن ياماقچىنى دەرھال ئېلىپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ.

ئىككى ياساۋۇل تۇرسۇن ياماقچىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەككۈزمەي پادىشانىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەپتۇ. پادىشا:

— ھە، بوۋاي، سەن قىزىق ئادەم ئىكەنسەن، ماڭا ھورمەتسىزلىك قىلىپ ئوردىنىڭ ئالدىغا تاھارەت قىلغان باينى باپلاپ، ئېتى بىلەن پۇلىنى ئاپسەن. شۇ قىلغان خىزمىتىڭ ئۈچۈن سېنى ئۇزەمگە جاللات قىلىۋالىمەن، - دەپتۇ ۋە ياماقچىلىق قىلغانلىغى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان بىر مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىپ:

— مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنمىغان مۇشۇ گۇناھكارنى كوز ئالدىمدا ئۆلتۈرگىن! - دەپتۇ.

بۇ گۇناھكار تۇرسۇن ياماقچىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. پادىشانىڭ بىگۇنا ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرىغىنىغا غەزەپلەنگەن تۇرسۇن ياماقچى قىلىچنى ياللىغاچلاپ "نىمە بولسام شۇ بولاي، بۇ قانخورنىڭ بىر ئەدىۋىنى بېرەي" دەپتۇ - دە، تەختتە ئولتۇرغان پادىشانىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. زالىم پادىشانىڭ زۇلمىدىن تويغان خەلق خوش بولۇپ، تۇرسۇن ياماقچىنى پادىشا قىپتۇ. شۇندىن باشلاپ يۇرتقا ئادالەت ئورناپتۇ.

—سەن يەر تېپىلمىغاندەك ئوردىنىڭ ئالدىغا تاھارەت قىلام-
سەن؟! بۇ، پادىشاغا ھاقارەت ئەمەسمۇ؟! جۇر ئوردىغا! — دەپ
سورەپتۇ. باي قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي بەزگەكتەك
تىترەپ، كوزلىرىنى پاقىرىتىپ:

—ۋاي جېنىم ئاكا، ئۇقماپتىمەن، تووۋە قىلدىم، — دەپ
يالۋۇرۇپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

—ياق، مەن زادى سېنى پادىشانىڭ ئالدىغا ئەكىرىمەن، —
دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپ:

—جېنىم بۇرادەر، مۇشۇ ئېتىمنى بېرەي، بىر نووەت گۇنايىم-
دىن ئوتكىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى:

—ياق، مەن ئېتىڭنى ئېلىپ ئوزەمنى ئولۇمگە تۇتۇپ بېرەي-
مۇ، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

باي يىغلاپ، يالۋۇرۇپ، يانچۇغىدىن بىر ئۇچۇم تىللانى
ئېلىپ ئات بىلەن قوشۇپ بېرىپتۇ. تۇرسۇن ياماقچى ئات بىلەن
تىللانى ئېلىپ كېتىپتۇ. بايمۇ قۇتۇلغىنىغا خوش بولۇپ، ئوز يولىغا
راۋان بوپتۇ.

تۇرسۇن بازارغا بېرىپ ئاتنى سېتىپ، كېگىز، گىلەم، چىنە،
چەينەك، گوش-ياغ، ھاراق ئاپتۇ، بۇگۇن ئۇ كۇندىكىدىن زىيادە
كوڭۇل ئېچىپ ئولتۇرسا، پادىشا باشقا بىر دىۋانىنىڭ سۇرىتىگە
كىرىپ يەنە كەپتۇ. قارىغىدەك بولسا، تۇرسۇن ياماقچىنىڭ ئويى
كۇندىكىدىن نەچچە ھەسسە ئازادە بولۇپ كەتكەن. پادىشا ھەيران
بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇ. "بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بار" دەپ
ئويلاپتۇ-دە، بىر بۇلۇڭغا كىرىپ جىم ئولتۇرۇۋاپتۇ. تۇرسۇن
ياماقچى تەمبۇرنى ئېلىپ:

— ھەسەل بىلەن ناۋات تاتلىق.

سوئالنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەنمىگەن شاھ:

— جاللات! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

جاللات قان تېمىپ تۇرغان قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ:

— كىمنىڭ ئەجىلى توشتىكىن، شاھىم؟ — دەپ يېتىپ كەپتۇ.

— قاسىم ۋەزىرنىڭ، — دەپتۇ شاھ غەزەپ بىلەن، — مېنىڭ تۇزۇمنى يەپ، ئۈچ ئېغىز سوئالىمغا تۇزۇككىنە جاۋاپ بېرەلمىگەن ھارام تاماقنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

تۇيۇقسىز ئۆلۈم گىرداۋىغا چۈشۈپ قالغان ۋەزىر يىغلاپ تۇرۇپ:

— شاھىم، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىڭىز، سوئالىڭىزغا جاۋاپ تاپسام، — دەپ يېلىنىپتۇ.

باشقا ۋەزىرلەرمۇ بۇ قىسمەتنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاسىم ۋەزىرنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. شاھ:

— خەير، ئۈچ كۈنگىچە تاپالمىساڭ، بېشىڭ ئۆلۈمگە، مال-مۈلكۈڭ غەزىنىگە، — دەپ ھوكۇم قىپتۇ.

ئۆلۈپ-تىرىلگەن ۋەزىر شاھنىڭ ئالدىدىن چىققان پېتىچە ئۆيىگە كېلىپ، ئىشكىنى تاقاپ كىشىگە كورۇنمەي ئىككى كۈننى تۇرلۇك ئوي بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ۋەزىر ئايالىنى ھەم قىزىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارغا پادىشانىڭ ئۈچ سوئالىغا جاۋاپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈن ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ رازىلىق سوراپتۇ. دادىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان قىز:

— پادىشانىڭ سوئالىنى مەنمۇ بىر ئاڭلاپ باقسام، — دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ گەپكە ئاچچىغلىنىپ، قىزىغا كايىماقچى بوپتۇ، بىراق

# گۇل تاجىغا نىمە قىلدى؟

ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرسىدە ئادىل شاھ دەيدىغان بىر پادىشا بار ئىكەن، ئۇنىڭ قىرىق بىر ۋەزىرى بار ئىكەن. پادىشا قىرىق بىرىنچى ۋەزىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، بارلىق مەسلىھەت ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىنى شۇ ۋەزىرىنىڭ كېڭىشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىلىدىكەن. بۇ ۋەزىرنىڭ ئېتى قاسىم ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا:

— قاسىم، مەن سەندىن ئۈچ نەرسىنى سورايمەن، ئەگەر توغرا جاۋاپ بەرسەڭ، ئۆڭ قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەيمەن: ئەگەر جاۋاپ بېرەلمىسەڭ، دارغا ئاسىمەن، — دەپتۇ.

— خوپ شاھىم، — دەپ تازىم قىلىپ تۇرۇپتۇ ۋەزىر.

— دۇنيادا نىمە قاتتىق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— پولات قاتتىق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ۋەزىر.

— بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟

جاۋاۋىم توغرا كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ۋەزىر:

— پولاتتىن ياسالغان ئەسۋاپقا ھىچقانداق نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

— خوپ، يۈگرۈكلۈكتە نىمە يۈگرۈك؟!

— ئەسلىلىك، ياخشى ئاسراپ بېقىلغان ئارغىماق.

— تاتلىقلىقتا نىمە تاتلىق؟

دوستلىرى بىلەن ئوخشاش كىيىنىپ ئوردىغا كىرىپتۇ.

شاھ قىزلارنى كوزدىن كەچۇرۇشكە باشلىغاندا، ۋەزىرنىڭ قىزى ئوزىنى توختىتۇۋېلىپ:

— سوئالىڭىزنى سوراڭ، — دەپتۇ.

پادىشا سوئالنى تەكرارلاپتۇ. قىز:

— دۇنيادا ھەممىدىن يوقسۇللۇق قاتتىق؛ ھەممىدىن كوڭۇل يۇگرۇك؛ ھەممىدىن بىر-بىرىگە سادىق ئەر-ئايالنىڭ مۇھەببىتى تاتلىق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

شاھ:

— سىز بىر دولەتمەن ۋەزىرنىڭ قىزى، ھەممە نەرسىڭىز تولۇق. يوقسۇللۇقنىڭ قاتتىقلىغىنى نەدىن بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دۇرۇس ئېيتتىڭىز شاھىم، بىزنىڭ ئويدە ھەممە نەرسە ھاجەتتىن ئاشقىدەك تولۇق، لېكىن قازىنىمىز بىر ئىدى. بىر كۇنى خوشنىمىزنىڭ ئويىگە مېھمان كېلىپ قېلىپ، قازان سوراپ كىرىپ-تىكەن بەردۇق. ئۇلار خوش بولۇشۇپ، ئاشقا تۇتۇش قىلغاندا بىزنىڭمۇ ئويىمىزگە مېھمان كېلىشتى. غىزا قىلايلى دىسەك قازان يوق، قىلمايلى دىسەك ئىززەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئاخىرى قازاننى قايتۇرۇپ چىقىشتۇق. بىچارىلەر چۇقۇرۇشۇپ قالدى. يوقسۇللۇقنىڭ قاتتىقلىغىنى شۇنىڭدىن بىلدىم.

— كوڭۇلنىڭ يۇگرۇكلىگىنى نەدىن بىلدىڭىز؟

ھەرقانداق ئادەم ئوزى بىر قەدەم ماڭغىچە، كوڭۇل دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن بىلدىم.

— سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

بارى-يوقى بىر قىز بولغاچقا، تەرسالىقىدىن يېنىپ، پادىشانىڭ سوئالىنى قىزىغا بىرمۇ-بىر دەپ بېرىپتۇ.

قىز پەسىگىدە بىر كۈلۈپ قويۇپ:

— ھېلىمۇ پادىشانىڭ ئىنساۋى بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ قىزىم؟ — دەپتۇ ھەيران بولۇپ ۋەزىر.

— ھەقىقەتەنمۇ، پادىشانىڭ كۆزلىگىنىدەك جاۋاپ بېرەلمەيسىز. ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، بېرىپ "بۇ سوئالنىڭ جاۋاۋىنى قىزىم بەرسە بولامدۇ؟" دەپ پادىشادىن سوراڭ، — دەپتۇ.

ۋەزىر قىزىنىڭ سۆزىنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا:

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ۋەزىر ئۆيىگە كېلىپ پادىشانىڭ رۇخسەت قىلغىنىنى ئېيتىپ، قىزىنى ئوردىغا باشلاپ بارماق بوپتۇ. قىز:

— مېنىڭ ھاجىتىم پادىشاغا چۈشكىنى يوق، پادىشانىڭ ھاجىتى ماڭا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭمۇ دېگىنىمنى ئورۇنلىسا، ئوردىغا بارىمەن. بولمىسا پادىشا ئۆزى كېلىپ جاۋاپ ئالسۇن، — دەپتۇ.

ئىلاجىسىز قالغان ۋەزىر قىزىنىڭ سۆزىنى پادىشاغا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشا بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ:

— قىزىڭنىڭ ھەرقانداق شەرتى بولسا ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز:

— مېنىڭ شەرتىم: پادىشا بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن ئوردىسىغىچە پاياندار سالسۇن ھەم ئون كىشىلىك قىز كىيىمى ئەۋەتسۇن، — دەپتۇ.

پادىشا قىزنىڭ سورىغىنىنى تەل قىپتۇ، ئاندىن قىز ئۆزىنىڭ

بېرىڭ؟ ئاندىن كېيىنكى ئىختىيار دادام بىلەن ئانامدا. ـ دەپتۇ قىز.
ئوردا ئەھلى بىلەن قىزنىڭ ئالدىدا خىجىللىقتا پاتقان شاھ تەختتىن چۈشۈپ قاسىم ۋەزىرنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، قەلەندەر جەندىسنى كىيىپ، توققۇز ئايلىق مۆھلەت بىلەن يولغا چۈشۈپتۇ.
ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، شەھەرمۇ ـ شەھەر، تاغمۇ ـ تاشنى ئاختۇرۇپ، بىرمۇ غەمسىز كىشىنى تاپالماپتۇ. ئاخىرى بىر پادىچىغا يولۇقۇپ، "مۈشۈنىڭ غېمى بولمىسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، قېشىغا بېرىپ:
ــ پادىچى دوستۇم، سېنىڭمۇ غېمىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
ــ مېنىڭ غېمىمگە دۇنيادىكى ھەممە كىشلەرنىڭ غېمى ياماقمۇ بولالمايدۇ. مال يوقالسا، پۈتۈن ئۆمرۈم بايىغا بېقىندى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا كېلىدىغان تىل ـ تاياق. ئاھانەتچۇ. ـ دەپتۇ.
پادىچىنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان پادىشا غەمسىز كىشىنى تېپىشقا كوزى يەتمەپتۇ ـ دە، ئاخىرى قىزنىڭ ئىككىنچى شەرتىنى ئورۇنلاشقا بەل باغلاپتۇ.
شەھەرمۇ ـ شەھەر كېزىپ يۈرۈپ، ئۇچرىغانلا كىشىدىن "گۈل تاجىغا نىمە قىلدى؟"دەپ سوراپتۇ. ھېچكىم بۇ تۇگۈننى ئويلاپ يېشەلمەپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. كوچىلارنى ئايلىنىپ بىر مۇساپىرخانىنى تېپىپ چۈشۈپتۇ. ئاخشىمى يەنە بىر مۇساپىر بىلەن بېشىدىن ئوتكەن ـ كەچكەنلىرىنى ئېيتىشىپ كېلىپ ئاخىرى "ھىلىقى گەپنى بىر سوراپ باقايچۇ"دەپ سورىغان ئىكەن. ئۇ مۇساپىر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:
ــ سەن يامان يولغا كىرىپ قاپسەن، ـ دەپتۇ.

— ئۇن ئالتە ياشقا.

— ياتلىق بولدىڭىزمۇ؟

— ياق، بۈگۈنگىچە نامەھرەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىر-بىرىگە سادىق ئەر-ئاياللىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟

— بۇنى مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ مۇھەببىتىدىن بىلدىم. مەن كىچىك ئىدىم. بىر كۈنى ئانام بىلەن دادام ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى، دادام ئانامنى ئۇرۇپ، بىر قولىنى كوكەرتىپ قىمىرلىتالماس قىلىپ قويدى. شۇ كۈنى مەن ئانامنىڭ ئىچىدە ياتتىم. تۈن يېرىمىدا ئويغانسام، ئانام يوق، ئىزلەپ چىقسام، دادام بىلەن شىپاڭدا ئوخلاپ قاپتۇ، ھېلىقى دادام كوكەرتىپ قويغان قولى ياستۇقنىڭ ئورنىنى ئاپتۇ. بۇنى شۇنىڭدىن بىلدىم.

— خوپ، جاۋابىڭىز توغرا بولدى. ئەمدى يەنە بىر گېپىم بار، ئۇنىڭغا نىمە دەيسىز؟ — دەپتۇ شاھ.

— ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ قىز.

— مەن سىزنى ئوردىنىڭ تورىگە گۈل قىلماقچىمەن؟

— شاھىم، — دەپتۇ قىز، — سىز بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. ئەگەر قەتئى قارارغا كەلگەن بولسىڭىز، مېنىڭ ئىككى تۆرلۈك شەرتىم بار، شۇنىڭ بىرسىنى ئويلاپ كورۇڭ، — دەپتۇ قىز.

— ھەرقانداق شەرت بولسا ئورۇنلاشقا تەييارمەن، — دەپتۇ شاھ كورەڭلەپ.

— ئۇنداق بولسا، ئوردا ئەھلى گۇۋا بولسۇن: مېنىڭ بىرىنچى شەرتىم، دۇنيادا غەمسىز كىشى بارمۇ؟ بولسا، بىرنى تېپىپ بېرىڭ، ئەگەر بۇنى تاپالمىسىڭىز، گۈل تاجىغا نىمە قىلىدى؟ شۇنى دەپ

قىزنى ئېلىپ گۈلنى ئۈزۈشكە ئالدىراپ كەتمە. ئالغان كۈنۈڭ قۇرۇق ساندۇقنى ئەكىرىپ قىزغا كۆرسىتىپ، ئاغزىنى موھرىلىك بىلەن بېكىت، كېيىن شىكارغا ئاتلان ۋە قىزغا: "مەن يەتتە يىللىق ئوۋغا ماڭدىم، مەن كەلگىچە بالام 6 ياشقا كىرسۇن، ساندۇق تىللاغا توشسۇن، ئېتىمنىڭ يېنىدا مېنىڭ ئېتىمغا ئوخشاش يەنە بىر ئات باغلاغلىق تۇرسۇن، ئۆز ئېتىم بىلەن ئۇ ئاتنى ئايرىيالماي قالاي، مېنىڭ دىگەنلىرىمنى ئورۇنلىمىساڭ بېشىڭ ئولۇمگە"دەپ ئارقىغا قارىماي چىقىپ كەت. قىز سېنىڭ دىگەنلىرىڭنى ھالاللىق بىلەن ئورۇنلىيالىسا، ئۆمرۈڭنى شۇ قىز بىلەن ئۆتكۈز، -دەپتۇ ۋە كېيىن ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە كۆچۈپتۇ، - ماڭا بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىغى ئاتا مىراس، ئېتىم تاجى، دادام ئۆلگەندىن كېيىن، شىكارغا چىقىپ قايتىشىمدا بىر پادىچىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قالدىم. كىشى قويسام پادىچى :"قىزىمىز ئوردىنىڭ خىلى ئەمەس"دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئاچچىغىم كەلدى، زورلاپ نىكايىمغا ئالدىم. قىز-نىڭ ئېتى گۈل ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بارلىق يارلىقتا قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ "گۈل تاجى پادىشا"دەپ يېزىشنى بۇيرۇدۇم. لېكىن قىز قىرىق كۈنگىچە ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. قاتتىق قوللۇق قىلماقچى بولغان ئىدىم، قولىغا پىچاق ئېلىپ "ئۆلۈۋالىمەن"دەپ قورقۇتتى. "ئاسقىدا گوش بولسا، بىر كۈن مېھمانغا ياراپتۇ"دىگەندەك، بۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەسقېتىپ قالار، دەپ ئىختىيارىغا قويۇپ قويدۇم. بىر كۈنى كۆزۈم سەل ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئىدى، مېنى يەلپۈپ ئولتۇرغان ئىككى كېنىزەك سۆزگە كىرىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرسى: "پادىشا ئۆز كۆچىگە سويۇنۇپ ئىككى بىچارىنى ئوتقا سالدى" دىدى. يەنە بىرسى؛

— بۇ گېپىڭدىن ھېچنەرسە چۈشىنەلمىدىم، — دەپتۇ پادىشا.
— بۇنى چۈشىنىش ئۇڭاي ئەمەس، بېشىڭدىن كېچىشىڭ لازىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىلىقى مۇساپىر.
— مەيلى، كەچسەممۇ كېچەي، ئەمما نىمە ئىش ئىكەنلىگىنى بىر ئۇقاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ پادىشا.
— خوپ بولمىسا، بۇندىن ئون كۈنلۈك يىراقتا بىر شەھەر بار، ئۇ مېنىڭ يۇرتۇم، سەن سورىغان گەپ خۇددى شۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى بىلەن مەلىكىسى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى شۇ پادىشا بىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورىغان ئادەمگە بىرىنى قويماي دەپ بېرىدۇ، دەپ بولۇپلا ئاڭلىغان ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. مېنىڭ ئىنىممۇ شۇ سەۋەپتىن ئۆلگەن، مەن دەرتكە پايلىماي قەلەندەر كىيىمنى كىيىپ، شەھەرمۇ - شەھەر كېزىپ يۈرۈيمەن، — دەپتۇ.
ئەتىسى پادىشا ھىلىقى مۇساپىر بىلەن خوشلىشىپ، گۈل تاجە-نىڭ شەھرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئون كۈندىن كېيىن ئۇ شەھەرگە كەپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قارىماي ئۇتتۇر پادىشانىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ.
پادىشا تۇرۇپ كېتىپ:
— مەن سىرىمنىڭ ئەتراپقا يېيىلىشىدىن قورقاتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بېشى دارغا ئېسىلغان. مەن يوشۇرغان بىلەن ئۇ ئىش ئاللىقاچان چەتكە تارالغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ قىز بۇ سىرنى بىلمىسە ساڭا شەرت قىلىپ قويماس ئىدى. بوپتۇ، مەن ساڭا قىزنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىغىڭ ئۈچۈن ھەممىنى دەپ بېرەي، لېكىن سەن

كېيىن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى نىكايىغا ئېلىپ، بوسۇغىدىن كىرمەي تۇرۇپ ساندۇقنى، بېكىتىپ، ئاتنى مىنىپ، بالا ھەققىدىكى گېپىنى تاپىلاپ، شىكارغا كېتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاسىم ۋەزىر يەنە تەشۋىشكە چۈشۈپتۇ. مەلىكە دادىسىغا تەسەللى ئېيتىپ، قىرىق كېنىزەك تەييارلاپ ئەرچە كىيىندۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قاسىم ۋەزىر قىزىنىڭ دېگىنىنى تەل قىلىپ بېرىپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلىرى بىلەن يۈزگە يېقىن لەشكەرنى ئېلىپ، پادىشانىڭ شىكارگاھىنىڭ قارشىسىدىن چىقىپتۇ.

پادىشا قارىسا ئۇزۇن سايدا بىرمۇ كىيىك كۆرۈنمىگىدەك. بۇ چاغدا مەلىكە ئۆزىنىڭ كىچىگىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان بىر كىيىگىنى دەرھال بوشىتىپ قوغلاپتۇ، كىيىك قورقىنىدىن ئۆزىنى سايغا ئېتىپتۇ.

پادىشا بىر كىيىكنىڭ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىگە:

— كىيىكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، قاچۇرماي تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

پادىشانىڭ لەشكەرلىرى كىيىكنى ئۆزۈكىنىڭ كۆزىدەك ئوتتۇرىغا ئېلىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشا:

— كىيىكنى تىرىك تۇتۇڭلار، كىم قاچۇرسا شۇنىڭ بېشى ئولۇمگە، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

لەشكەرلەر كىيىكنى قىستاپ كەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا كىيىك بىرلا سەكرەپ پادىشانىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەلىكە تەرەپكە قېچىپتۇ.

مەلىكە كىيىكنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، چېدىر بارگاھلىرىنى

"نەدىكىنى، پادىشا ئۆزىنى ئۆزى ئۆتقا سالدى. ئۇلار كۈندۈزى ئايرىلغاندەك قىلغان بىلەن كېچىسى پەيت تاپسىلا بىللە" دىدى. مەن سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىككى كېنىزەككە قاراپ: "ھازىر ئېيتقان گېپىڭلارنى يەنە بىر ئېيتىڭلار"دەپ قىستىدىم. ئۇلار، مېنىڭ غەزىپىمدىن قورقىنىدىن سىرنى ئېيتىپ قويدى: مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن، قىز ئۆزىنى ياساپ ئاتخانىغا چىقىدىكەن، ئات باقار قىز ئۈچۈن ھەركۈنى بىر ئاتنى توقۇپ بېرىدىكەن. قىز شۇ ئاتقا مىنىدىكەن-دە، شەھەرنىڭ تېشىدىكى غارغا بارىدىكەن. يىگىتنى ئۇنى شۇ يەردە كۈتىدىكەن. مەن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئىككىنچى كۈنى قىزنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم. شۇنداق قىلىپ. غارغا باردىم. ئاخىرى چىداپ تۇرالماي، يىگىت بىلەن ئېلىشىپ قالدىم. كېيىن چېلىشتۇق. قىز بولسا، مېنىڭ پۇتۇمغا تاش ئىرغىتىپ، يىگىتنىڭ ئايىغىغا ئېتىكى بىلەن قۇم توكەتتى. تاڭغا يېقىن پادىچىنى يىقىتتىم. ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قىلىچىمنى كوتەرگەن ئىدىم، قىز ئۆزىنى يىگىتكە ئاتتى ۋە "ئاۋال مېنى ئۆلتۈر، ئاندىن كېيىن، بۇنى نىمە قىلساڭ ئىختىيارىڭ" دىدى. قىزنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارمىدى. ئىككىلىسىنى ئالدىمغا سېلىپ ئوردىغا قايتتىم. شۇندىن بۇيان ئۇلارنى ئىككى قەپەزگە سېلىپ ئۆز ئۆيۈمدە ساقلايمەن. مەن قىزنىڭ جامالىنى كورگىنىمگە خوش. قىز بىلەن يىگىت بىر-بىرسىنىڭ تىنىقىنى ئاڭلىغىنىغا خوش. گۈل تاجىغا شۇنى قىلدى.—دەپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ.

مۇساپىر پادىشا تاجى پادىشانىڭ بېشىدىن يولەپ دور! پۇركۈپ ھۇشىغا كەلتۈرۈپ، خوشلىشىپتۇ. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ قاسىم ۋەزىرنىڭ قىزىغا گۈل تاجى ۋەقەسىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاندىن

چېدىردا شەخمەت باشلىنىپتۇ. پادىشا شەخمەت تاختىسىدا ئىككى قەدەم ماڭمايلا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئىزا تارتقىنىدىن قولىدىكى ئۈزۈكنى چىقىرىپ بېرىپ، ئېتىغا مىنىپ، ئۇزىنىڭ چېدىرى تەرەپكە سالپىيىپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، موھىرلەنگەن ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىنى تىللا بىلەن توشقۇزۇپ، قايتىدىن موھىرلەپ قويۇپتۇ، ئاندىن:

— بىزنىڭ شاھىمىز سىزنى موھىرىڭىزدىن ئايرىپ قويۇشنى خالىمىغانلىقتىن بۇنى سىزگە ئەۋەتتى دېگىن، — دەپتۇ.

خىزمەتچى تەڭ يولدا شاھقا يېتىشىپ ئۈزۈكنى بېرىپتۇ.

كىيىكنى تۇتىمەن دەپ موھىردىن ئايرىلغان پادىشا "قايسى يۈزۈم بىلەن شەھىرىمگە بارارمەن؟" دەپ ئەندىشە قىلغان ئىكەن. ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ "جاھاندا مۇنداقمۇ مەرت ئادەملەر بار ئىكەن" دەپ چېدىرغا بېرىپ، ۋەزىرلىرىگە نىقاپلىق پادىشانىڭ سېخىيلىقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مەن ئەتە شۇ پادىشانى چايغا تەكلىپ قىلسام دەيمەن، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ — دەپتۇ. ۋەزىرلەر رازىلىق بىلدۈرۈپ:

— بىزمۇ سىلىنىڭ چايلىرىنىڭ بانىسىدا نىقاپلىق شاھنى كۆرۈۋالدىكەنمىز، — دەپتۇ.

پادىشا مەخسۇس ئادەملەرنى نىقاپلىق پادىشانى چايغا تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ. مەلىكە ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى مەلىكە بىرقانچە سىرداش ئادەملىرىنى ئېلىپ چايغا كەپتۇ.

مېھماندارچىلىق قىزىغاندا، پادىشا مەلىكىگە:

— شەخمەتنى يەنە بىر ئوينىساق، — دەپ تەكلىپ قىپتۇ.

تىكىپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن.

كېيىك كەلگەن پېتىچە ئۇتتۇر مەلىكىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزىنىڭ ھوكۇمىدىن قايتالمىغان پادىشا ئەسكەرلىرىگە:

— كېيىكنى يالغۇز ئۇزەم قوغلايمەن، ھېچكىم مېنىڭ ئارقامدىن كەلمىسۇن، — دەپ يۇرۇپ، كېيىكنىڭ ئىزىدىن مەلىكىنىڭ بارگاھىغا كەپتۇ. مەلىكىنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى پادىشانى ئاتتىن چۈشۇرۇپ، مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشا قارىسا ھەشەمەتلىك بارگاھتا يۈزى نىقاپلانغان بىر پادىشا ئولتۇرىدەك. پادىشا ئەدەپ - قائىدە بىلەن تۇرۇپ:

— مەن بىر كېيىك ئوۋلىغان ئىدىم، مېنى غەپلەتتە قويۇپ ئالدىمدىن قاچتى، قوغلىغان ئىدىم، سىزنىڭ بارگاھىڭىزغا كىرىپ غايىپ بولدى. مېنى ئۇزىڭىزگە مېھمان دەپ تونۇسىڭىز شۇ كېيىكنى بېرىڭ، — دەپتۇ.

— پانا ئىزلەپ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى ئازاپ قىلىغۇچىغا بېرىش بىزنىڭ قائىدىمىزدە يوق. تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا، سىزمۇ بىر مەملىكەتنىڭ شاھىدەك كورۇنىسىز. سىزگە ئەگەر مالال كەلمەسە، ئىككىمىز شەخمەت ئوينايلى. ئۇتتۇۋالسىڭىز ئېلىڭ، مەن ئۇتتۇۋالسام سىز نىمە بېرىسىز؟ — دەپتۇ.

پادىشا كوڭلىدە: "ئۇ پادىشا مېنىڭ شەخمەتكە ئۇستىلىغىمنى بىلمىسە كېرەك، ئەگەر بىلگەندە ماڭا بۇ شەرتنى قويمىغان بولار ئىدى" دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— مەن ھازىر ئۇزەم بىلەن ھېچنەرسە ئېلىپ كەلمەپتىمەن. خالىسىڭىز، مەن ئۇتتۇرسام ئۇزۇكلۇك موھرىمنى بېرەي، — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل بوپتۇ.

چاقىرىپتۇ.

مەلىكە كەپتۇ. چاي قىزنىغاندا يەنە شەخمەتكە چۈشۈشۈپتۇ. بۇ نۆۋەت مەلىكە قەستەن يولىنى خاتا مېڭىپ ئۇتتۇلۇپتۇ. پادىشا ناھايىتى خوش بولۇپ، كورەڭلەپ مەلىكىدىن ئۇتۇق سوراپتۇ. مەلىكە:

— مېنىڭ ئەڭ يېقىن كورىدىغان بىر كېنىزىگىم بار ئىدى، چېدىرىمغا بېرىپلا ئۇنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرەي، ئەمما دىلىنى رەنجىتمەڭ، — دەپتۇ ـ دە، ئۆز چېدىرىغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى مەلىكە ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ، پادىشا ئالدىغا بېرىپ:

— مېنى پادىشاھىم سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە ئەۋەتتى، ـ دەپتۇ.

پادىشا قارىسا ئاي دىسە ئاغزى بار، كۈن دىسە كوزى بار بىر قىز. "ۋاي بۇنى مەن نەدە كوردۇم؟"دەپ ئويلاپتۇ. كېيىن "كىم بولسا، شۇ بولمامدۇ؟ بۇ قىز مېنىڭ قولۇمغا ئاسانلىقچە كەلدىمۇ" دەپ ھوجرىسىدىن چىقارماپتۇ. ئۇن كۈن بولغاندا قىز:

— مېنى شاھىمىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىسىڭىز "بۈگۈن ـ ئەتىنىڭ ئىچىدە كوچكۈدەك"دەپ ئاگلاۋاتىمەن، خوشلىشىۋالسام، ـ دەپتۇ. پادىشا:

— ھېچقاياققا مىدىرلىمايسەن، ـ دەپتۇ. قىز پادىشانىڭ ئۇيقۇغا بېرىلگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سىرتقا چىقىپ، ئېتىغا مىنىپ ئۇتتۇر ئۆز چېدىرىغا كەپتۇ ۋە كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، چېدىرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كوچۇپتۇ.

پادىشا ئويغىنىپ قارىسا قىز يوق، سىرتقا چىقىپ قارىسا، نىقاپلىق شاھنىڭ چېدىرلىرىمۇ يوق، پادىشا ئوسال بوپتۇ.

مەلىكە:

— ماقۇل، بۇ نوۋەت ئۇتتۇرسىڭىز نىمە بېرىسىز؟ - دەپتۇ.

— سىز نىمە خالىسىڭىز شۇنى بېرەي، - دەپتۇ.

— مەن بۇگۈن ئويۇن بولماس دەپ ھېچنىمە ئالماي كەپتە-مەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەمنى تىكىمەن، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى تىكىڭ. مەن ئۇتتۇلسام سىزگە قۇل بولاي، سىز ئۇتتۇلسىڭىز ماڭا...... - دەپتۇ. پادىشا:

— ماقۇل، - دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە شەخمەت باشلىنىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشانى يەنە ئۇتتۇۋاپتۇ. مەلىكە ھوجرىسىنى خالى قالدۇرۇپ، پادىشانىڭ دولىسىغا تامغىسىنى بېسىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشتىن ئەلەم تارتقان پادىشا مەلىكىنى ئۇزۇتۇپمۇ چىقماپتۇ.

ئەتىسى مەلىكىنىڭ ئادەملىرى پادىشانى چايغا چاقىرىپ كەپتۇ. پادىشا چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. چاينىڭ ئاخىرىدا ئات تىكىشىپ شەخمەت ئوينىشىپتۇ. بۇ نوۋەتمۇ پادىشا ئۇتتۇرۇپ، ئېتىنى بېرىپتۇ، ئۆزى ھەمرالىرىنىڭ ئېتىغا مىنىپ قايتىپتۇ. مەلىكە ئۇ ئاتنىڭ ئورنىغا دەرھال شۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا بىر ئاتنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ.

پادىشا ھەيران بولۇپ: "بۇ ئادەم ئۇزۇكنىمۇ ئەۋەتىپ بەردى. ئۆزەمنىمۇ ئۇتتۇۋالدى، ئېتىمنىمۇ ئۇتتۇۋالدى، ئۆزەمنىڭ بولمىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئات ئەۋەتىپتۇ. خېلى مەرت پادىشا بولسا كېرەك" دەپ ئويلاپتۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشا نىقاپلانغان شاھقا ئۆزرە ئېيتىش ئۈچۈن، داغدۇغىلىق چاي قىلىپ يەنە

# دانىشمەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ تۇتقان يولى تار، پۇخرالىرى خار ئىكەن. مانا شۇ زالىم شاھنىڭ تەۋەسىدە بىر دانىشمەن ئادەم بار ئىكەن، ئۇنى كىشىلەر بەكمۇ ھورمەت قىلىشىدىكەن. پادىشانىڭ بۇنداق كىشىلەر بىلەن كارى بولمىغاچقا، ئۇ دانىشمەن خەلقنىڭ مەسلىھەتى، كېڭەشلىرىگە كەتكەن ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىپ كۈن كەچۈرىدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. دانىشمەننىڭ يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىمۇ قورامىغا يېتىپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ تۇنجىسى يىگىرمە، كەنجىسى ئون ئالتىگە كىرگەنىنى كۆرگەن دانىشمەن، بىر كۈنى ئوغۇللىرىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىنى سىناپتۇ. بالىلىرىمۇ سوئال-سوراقلارغا ئۆز لايىغىدا جاۋاپ بېرىپ، دادىسىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىپتۇ. ئوغۇللىرىنىڭ ئەقلى-ھوشىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دانىشمەن ئۇلارغا جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغىقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىپ، ئۆز ئىدرىكىنى ئاشۇرغان جاھان-كەشتى كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى دانىشمەن بالىلىرىغا:

— سىلەر ئەقىل-ئىدرەكتە ھەرقانداق چېچەن كىشىدىن

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپتۇ، مۇددەت توشۇپتۇ، شىكاردىن قايتقان پادىشا ئوردىغا كىرىپ مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ-دە:

— ساندۇقنى ئېلىپ كەل، كۆرەيمەن، دەپتۇ. كېنىزەكلەر ساندۇقنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ.

پادىشا قارىسا موھىرلىرى ساق، ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسە ئىچىدە لىق تىللا، يۇگرەپ سىرتقا چىقسا، ئۆز ئېتى باغلاغلىق تۇرغان. قايتىپ كىرىپ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى ئويلاپ كۆرۈشكە ئولتۇرغان ئىكەن، ئالتە ياشقا كىرگەن بىر ئوغۇل كېلىپ:

— دادا، شىكاردىن كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ تىزىغا ئولتۇرۇپتۇ.

پادىشانىڭ جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ-دە:

— ھوي خوتۇن، بۇ نىمە ئىش؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ قىزى پەسەنت قىلماستىن:

— نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى مۇرىڭىزدىكى تامغىدىن سوراڭ، — دەپتۇ.

بۇ گەپتىن كېيىن پادىشا دەرھال شىكاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپتۇ-دە، شەخمەتتە ئۆزىنى مات قىلىپ قويغان نىقاپلىق پادىشانىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. خوتۇنىنىڭ چېچەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، ئەلگە يېگىۋاشتىن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ، مۇرات-مەقسىدىگە يېتىپتۇ، ساقىلى كوكسىگە چۈشۈپتۇ.

ىناڭ چېچەكلىگىدىن زوقلانغان ئۇتتۇرانجى ئوغۇلمۇ، يولدىن بىرەر ئالامەت تاپقۇسى كېلىپ، ئىزغا قاراپ چىقىپ:

— ئۇنىڭ ئوڭ كوزى يوق، ئۇتتۇر چىشى سۇنغان بىر توگىسمۇ بار ئىكەن — دەپتۇ.

— بۇ توگىگە يۇك ئارتىلغان ئىكەن، — دەپتۇ ئوغۇللارنىڭ كەنجىسى سوزگە كىرىشىپ. — توگىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئارتىلغان يۇك ئاچچىق، سول تەرىپىگە ئارتىلغان يۇك تاتلىق نەرسە ئىكەن، بۇ يولۇچى بىلەن بىللە قۇيرۇغى يوق بىر ئىتمۇ ماڭغان ئىكەن.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەر ئۇچىلىسى ئىزلىرى تاپىقان بۇ ئالامەتلەر توغرىسىدا قىزىقىپ پاراڭغا چۇشۇپ، قانچىلىك يول ماڭغانلىقلىرىنىمۇ بىلمەي قېلىشىپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىزىق سوھبەت بىلەن كېتىپ بارغاندا، ئالدىدىن ئاتلىق بىر كىشى چىقىپتۇ. ئۇ كىشى بۇ ئۇچەيلەنگە قاراپ:

— ياخشى يىگىتلەر، ئالدىڭلارغا توگە بىلەن كېتىپ بارغان بىرەر كىشى يولۇقمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ كىشى ئېغىر ئاياقمىدى؟ — دەپتۇ دانىشمەنىنىڭ چوڭ ئوغلى.

— ھە... ھە... شۇنداق، — دەپتۇ ئاتلىق ھولۇقۇپ.

— توگىنىڭ ئوڭ كوزى قارغۇ، ئۇتتۇر چىشى يوقمىدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

— خۇددى شۇنداق، سىز ئېيتقاندەك ئوڭ كوزى قارغۇ ئىدى، ئەمما ئۇتتۇر چىشىنىڭ بار - يوقلۇغى ئېسىمدە يوق. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئاتلىق.

— توگىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئاچچىقمۇ، سول تەرىپىگە ھەسەل

قىلىشمايدىغان ھالغا كەپسىلەر. ئەمدى سەپەر مۇشەققەتلىرىنىمۇ تېتىپ كۆرۈڭلار، رېھىنگلارنى ئاشۇرۇڭلار، ــ دەپتۇ.

دانىشمەنىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ دادىسىغا ئۆزلىرىنىڭ سەپەرگە قىزىققەندىغانلىقلىرىنى، ئەمما نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ سوزنى ئاغزىدىن چىقىرىشنى ئەدەپسىزلىك دەپ تونۇپ يۈرۈشكەنلىكلىرىنى ئېيتىپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، بىزدە "لەگلەكنىڭ كەتكىنىنى سورىماي، كەلگىنىنى سورا" دىگەن سوز بار. مەن سىلەرنىڭ شۇ ماقالىغا لايىق ئىش قىلىپ كېلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن، ــ دەپتۇ دانىشمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى سوھبەت تۈگەپ، سەپەر تەييارلىقى باشلىنىپتۇ. دانىشمەن ئوزى يىققان ئاز ـ تولا نەرسىلىرى بىلەن سەپەرگە يەتكىدەك يىمەك ـ ئىچمەك ۋاسلاپ بېرىپ، بالىلىرىنى يولغا سېپتۇ.

ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ياقا ـ يۇرتلارغا قاراپ يولغا چىققان بالىلار كۈننى تۈنگە ئۇلاپ مېڭىپ بىر يەرگە كەپتۇ. قارىسا، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، سۈيى ھەسەلدەك شىرىن، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىمىش. ئەتراپىغا كوز يۈگۈرتسە، چەكسىز بىر يايلاق جىلۋىلىنىپ تۇرغىدەك. ئۇچەيلەن با مەسلىھەت بۇ يەردە بىر كۈننى ئوتكۈزۈپ، ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ. بۇلار چۈشكە يېقىن بىر يولغا ئۇلىشىپتۇ. قارىسا، يولنىڭمۇ ئىككى چېتى قويۇق ئوسكەن خۇشپۇراقلىق گۈللەر بىلەن قاپلانغان. ئۇلار بۇ گۈللەر ئارىسىدا كېتىۋېتىپ بىر ئىزنى كورۈپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئادەم بار جايغا يېقىن كېلىپ قالغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپتۇ. ئاكىسى ئۇكىلىرىغا قاراپ:

ــ بۇ يولدا ماڭغان ئېغىرئاياق ئايال ئىكەن، ــ دەپتۇ. ئاكىسە-

باقايچۇ، نىمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟" دەپ بۇرۇلۇپ قارىسا، ھېلىقى ئۈچەيلەن بىر خىلدا گەپ قىلىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىۋاتقىدەك. بۇنى كورگەن ئاتلىقنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ، ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ئۈتتۇر پادىشانىڭ ئوردىسىغا بېرىپ توختاپتۇ-دە:

— دات پادىشاھى ئالەم! — دەپتۇ ئەرزىسىنى باشلاپ، ئوزىنىڭ ھېلىقى ئۈچ يىگىت ھەققىدىكى بىلگەنلىرىنى ۋە گۇمانلىرىنى پادىشاغا ئېيتىپتۇ.

پادىشا بۇ ئادەمنىڭ ئەرزىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ياساۋۇل قوشۇپ يولۇچىلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمىر قىپتۇ. ياساۋۇللار بىلەن ئاتلىق كىشى يىگىتلەر بىلەن شەھەرنىڭ تېشىدا ئۇچرىشىپتۇ. ياساۋۇللار ئۇلارنى شۇ يەرنىڭ ئوزىدىلا باغلاپ، ئالدىلىرىغا سېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. تۇتقۇنلارنى كورگەن شاھ:

— ئېغىر ئاياق ئايال بىلەن توگە ۋە ماللارنى نەگە يوشۇردۇڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىزنىڭ ئولۇمدىن خەۋىرىمىز بار، بۇنداق ئىشتىن خەۋرىمىز يوق! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دانىشمەنلەرنىڭ ئوغۇللىرى.

— ئانداق بولسا، — دەپتۇ پادىشا ھېلىقى ئاتلىق كىشىنى كورسىتىپ، — سىلەر بۇنىڭغا ئايالىنىڭ ئېغىر ئاياقلىقىنى، توگىسىنىڭ قارىغۇلىقىنى، ئۇنىڭغا ئارتىلغان يۈكنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق ئىكەنلىكىنى، ھەتتا توگىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىتىغىچە دەپ بېرىپسەلەرغۇ، ھېچنىمىدىن خەۋىرىڭلار بولمىسا بۇنى نەدىن بىلدىڭلار؟!

ئۈزلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن باغلانغانلىقلىرىنى چۈشەنگەن ئۈچ

ئارتىلغانىدى؟ ئۇنىڭ كەينىدىن بىر قۇيرۇغى يوق ئىتمۇ ماڭغانىدى؟ — دەپ سوراپتۇ دانىشمەنىنىڭ كەنجى ئوغلى.

— يۇكنى خۇددى ئۇزەڭلار قاچىلىشىپ بەرگەندەك ساندۇقتىكى نەرسىلەرنىمۇ، باشقىلىرىنىمۇ توغرا ئېيتتىڭلار، دىگىنىڭلارنىڭ ھەممىسى توغرا. ھىلىقى ئېغىر ئاياق ئايال دىگىنىڭلار مېنىڭ خوتۇنۇم ئىدى. بىز يېزىغا كېتىپ باراتتۇق، مەن يولدا بىرسى بىلەن كورۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدىم، ئارقىسىدىن كەلسەم، ئۇ، بولەك يولغا كىرىپ قاپتۇ، بولمىسا بىز بۇ يول بىلەن ماڭماقچى ئەمەس ئىدۇق. شۇڭلاشقا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كېتىپ باراتتىم. ياخشى يىگىتلەر، ئېيتىڭلار، ئۇ قەيەردىرەك كېتىپ باردۇ؟ مەن يەنە قانچىلىك ماڭسام ئۇنىڭغا يېتىشۋالالايمەن؟

ئانداق بولسا، — دەپتۇ ئۇچەيلەن مەسلىھەتلەشكەندەك، — بىز ھېچنەرسىنى كورمىدۇق. شۇنىڭ ئۇچۇن سىزنىڭ يەنە قانچىلىكرەك يول مېڭىشىڭىزنى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ھازىر قەيەرگە يېتىپ بارغانلىغىنى بىلمەيمىز. تېزرەك ماڭسىڭىز بەلكى يېتىشىپمۇ ئالارسىز.

ئاتلىق كىشى ئۇچەيلەننىڭ ئاغزىدىن بىردەك چىققان بۇ گەپتىن چوچۇپ قاپتۇ-دە، ئۇنىڭ كوڭلىگە بىردىنلا "ئېھتىمال بۇلار قاراقچى بولسا كېرەك، بولمىسا خوتۇنۇمنىڭ، توگەمنىڭ ھەممە بەلگۈ-ئالامەتلىرىنى كوزى بىلەن كورگەندەك ئېنىق قىلىپ ئېيتىپ بەرگەن ئادەم قانداق قىلىپ ئۇنى كورمەي قالىدۇ؟" دىگەن ئوي كەپتۇ. كېيىن بۇ ئوي ئۇنىڭ كوڭلىدە مۇقەررەرلىشىپ: "بۇلار مېنىمۇ گەپكە تۇتۇپ گوللاپ يوقاتمىسۇن" دىگەن ئەندىشە بىلەن ئارقىسىغا يېنىپتۇ. ئازراق مېڭىپ: "ئۇلارغا بىر قاراپ

بۇرۇلۇپ.

— مېنىڭ توگىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان يۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاچچىق سۇ، سول تەرىپىدىكى ھەسەل دېيىشىمدىكى سەۋەپ، يول بويى توگىدىكى يۈكنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپىدىكىسى ئېقىپ مېڭىپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكىسىگە بولسا، ھېچنېمە قونماپتۇ، سول تەرەپتىكىسىگە چۈۋىن ئولىشىۋاپتۇ. مەن بۇنى شۇنىڭدىن بىلدىم. توگىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىتنى بولسا، ئىزىدىن بىلدىم، قۇيرۇغىنىڭ يوقلۇغىنى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يېرىدىن بىلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا بۇلارنىڭ گېپىنىڭ راست ياكى يالغانلىغىنى ئېنىق بىلىپ، ئاندىن ھۆكۈم قىلىش نىيىتىدە، ئايال كەتكەن تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. دانىشمەنلەرنىڭ بالىلىرىنى بولسا، ئوردا قاراۋۇلىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، پادىشانىڭ ئەۋەت-كەن كىشىلىرى ھېلىقى ئايال بىلەن توگىنى يۈك-تېقىغىچە سالامەت تېپىپ كەپتۇ. پادىشا ئايالدىن يولدا ئادەم ئۇچرىغان-ئۇچرىمىغانلىغىنى سوراپتىكەن، ئايال يولبويى ھېچكىمنى كۆرمىگەن-لىگىنى ئېيتىپتۇ.

بۇ ئوغۇللارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ھەيران قالغان شاھ ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم سىناپ كۆرۈشنى، ئەگەر ئۇلار بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سالالىسا، ئوردىدا ئېلىپ قېلىپ خىزمەتكە سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۆيىدىن ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ يۇمۇپ چىقىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— يولدىكى توگە ۋە ئايال ھەم ئۇنىڭ ئىتى توغرىسىدا ئېيتقان ئالامەتلىرىڭلار توغرا چىقتى. ئەمدى ئالقىنىمدا نېمە بارلىغىنى

ئوغۇل بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ-دە، كېيىن شاھقا قاراپ:

— بىز ئۇ كىشىنىڭ توگىسى بىلەن ئايالىنىڭ ئالامەتلىرىنى يولدا كۆرگەن ئىز بويىچە ئېيتىپ بەردۇق. بىرىنچىمۇ كۆزىمىزگە شۇ ئىزدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە چېلىققىنى يوق. — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— قېنى، ئەمىسە ئۇ ئالامەتلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار، مەنمۇ بىر قۇر ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ شاھ قىزىقىپ.

— بىز تۈندە قونغان يېرىمىزدىن خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر يولغا چىقىپ قالدۇق، — دەپتۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ چوڭى. — يولدا بىردىنلا كۆزۈمگە بىر توگىنىڭ ئىزى چېلىقتى. ئۇنىڭغا قاراپ توگىنى يالقۇز ئىكەن دېدىم. ئازراق ماڭسام بىر كىشىنىڭ يەرگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرغان ئىزىغا كۆزۈم چۈشتى، ئۇنىڭغا قاراپ بۇ كىشى ئېغىر ئاياق ئايال بولسا كېرەك، دېگەن يەرگە كەلدىم-دە. بۇ ئويۇمنى سەل بۇرۇن ئۇكىلىرىمغا، كېيىن بولسا بۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئېيتىپ بەردىم. ئۇكىلىرىممۇ، بۇ كىشىمۇ مېنىڭ بۇ قىياسلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلاشتى.

— سەنچۇ؟ دەپتۇ دانىشمەننىڭ ئوتتۇرانجى ئوغلىغا قاراپ شاھ ئويلىغان قىياپەتتە.

— توگە ماڭغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى بوك ئوت ئىكەن، ئەمما ئوڭ تەرەپتىكى ئوتقا ھېچقانداق ئېغىز تەگمەپتۇ، چەپ تەرەپتىكى ئوتنىڭ بولسا، ئىككى چېتى ئۈزۈپ ئېلىنىپ، ئوتتۇرىسى قاپتۇ. شۇنىڭغا قاراپ، توگىنىڭ ئوڭ كۆزى قارغۇ ۋە ئوتتۇر چىشىنىڭ سۇنۇقلۇغىنى بىلدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— سەنچۇ؟ — دەپتۇ پادىشا دانىشمەننىڭ كەنجى ئوغلىغا

ئولتۇرۇپ، ئۇزلىرىنى مېھمان قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن شاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئولتۇرۇشىدىن يەنىمۇ ئاجايىپراق ئىشنىڭ چىقىشىنى كۆزىتىپ، ئىشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، سوزلىرىنى تىڭشاشقا باشلاپتۇ.

شاھنىڭ ماراپ تۇرغىنىدىن خەۋىرى يوق، دەسلەپ قىلىپ مۇسەللەس قۇيۇلغان چىنىنى قولىغا ئالغان دانىشمەنىڭ تۇنجى ئوغلى ئۇنى تېتىپ بېقىپ:

— مۇسەللەسكە ئىشلەتكەن ئۈزۈم ھەددىدىن زىيادە ياخشى ئىكەن، بۇنىڭ بۇنداق ياخشى بولۇشىغا قارىغاندا تۈۋىگە ئادەم جەسىدى كومۇلگەنمىكىن دىگەن ئويدىمەن، — دەپتۇ.

ئوتتۇرانچىسى قوزىنىڭ گوشىدىن بىر چىشلەم تېتىپ بېقىپ، يۇتماي تۇرۇپلا:

بۇ قوزا ئىت ئېمىپ چوڭ بولغان ئىكەن، — دەپتۇ.

نانىنى ئوشتۇشقا باشلىغان كىچىگى بولسا:

— سىلەر بايقىدىڭلارمۇ، پادىشانىڭ ئەسلى ئاتىسى ناۋايدەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ھېچنىمگە قارىماي ئۇز ھوجرىسىغا يېنىپ بېرىپتۇ-دە، ئانىسىنى چاقىرىپ كىرىپ:

ئانا، سىز بىرلا ئېغىز سوز بىلەن راست گېپىڭىزنى ئېيتىڭا، مېنىڭ ئاتا-ئانام كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشانىڭ ئانىسى ئوغلىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كېتىپتۇ-دە، "بۇ بۇگۈن بىرەر يەردىن ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەمدى مەن سىرنى يەنە يوشۇرسام ئۇزەمگە

تاپساڭلار، مەن سىلەرنى ئازات قىلىپ، ھەرقايسىڭلارغا لايىق خىزمەت بېرىمەن، ــ دەپتۇ.

ــ قولىڭىزدىكى يۇمىلاق نەرسە، ــ دەپتۇ دانىشمەنىنىڭ چوڭ ئوغلى بىر قاراپلا.

ــ ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل ــ دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

ــ ئانداق بولسا، ــ دەپتۇ كەنجىسى، ــ بۇ شەكسىز ئانار.

ــ تاپتىڭلار، تاپتىڭلار! ــ دەپتۇ پادىشا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇختىتالماي، كېيىن قولىنى ئېچىپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىپتۇ. ــ دىگىنىڭلار تامامەن توغرا. ئەمدى بۇنى قانداق پەم قىلغىنىڭلارنى دەپ بەرمىسەڭلار قولۇڭلارنى يېشىش يوق!

ئىككى قولىڭىزنىڭ يۇمىلاق يۇمۇلۇشىغا قاراپ، قولىڭىزغا يوشۇرۇلغان نەرسىنىڭ يۇمۇلاقلىقىنى بىلدىم ــ دە، ئۆز قىياسىمنى ئېيتتىم، ــ دەپتۇ دانىشمەننىڭ چوڭ ئوغلى.

ــ قولىڭىزنىڭ ئارىسىغا دىققەت بىلەن قارىسام، ــ دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى، ــ بارماقلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن قىزىل نەرسىنىڭ شولىسى كۆرۈندى، شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك نەرسەلىكىنى بىلدىم.

ــ مېنىڭ ئۇنى تېپىشىم يەنىمۇ ئاسان بولدى، ــ دەپتۇ كەنجىسى، ــ ئۇنىڭ ئۆزى يۇمىلاق بولسا ھەم قىزىل رەڭلىك بولسا، بۇ چوقۇم ئانار بولماي نىمە بولسۇن شاھىم؟!

پادىشا بۇلارنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ قولىنى بوشىتىپ، بىر كوزا مۇسەللەس، بىر قوزا ۋە توققۇز نان ھەدىيە قىپتۇ. بۇلار ئۆزىگە ئوردىدىن بېرىلگەن ئۆيگە كېلىپ قوزىنى پىشۇرۇپ، مۇسەللەسنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ،ناننى داستىخانغا تىزىپ

سىز مېنىڭ بالام، رەمەتلىك پادىشا بولسا، دادىڭىز بولۇپ كەلگەن ئىدى. ھالا بۈگۈنگى كۈنگىچە بۇ ئىشنى ناۋايدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، بۈگۈن سىزگە بۇ سىرنى قانداق تەتۈر پىشانە يەتكۈزگەندۇ؟! ـ دەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ.

پادىشا بۇ سۆزگە ھەيران بولۇپ، باغۋەننى قىچقارتىپتۇ.

ـ مۇسەللەس قايناتقان ئۈزۈمنىڭ تۈۋىگە نىمە كومگەن ئىدىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ پادىشا غەزەپ بىلەن.

باغۋەننىڭ رەڭگى ئۇچۇپ، بىر ھازاغىچە تىگىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، كېيىن:

ـ كېرەملىك شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، ئېيتىپ بەرسەم، ـ دەپتۇ.

ـ پەقەت راستىنىلا ئېيتىدىغان بولساڭ، ھەرقانداق گۇنايىڭ بولسا ئۆتىمەن، ـ دەپتۇ شاھ.

ـ بىر كۈنى قارىسام، ھەزرەتلىرىگە ئاتاپ پەرۋىش قىلغان ئۈزۈمنى بىر خۇمسا ئوغۇرلۇقچە يىگىنىگە تويماي، ھەدەپ ئۈزۈپ قوينىغا تىققىلى تۇرۇپتۇ. ئاچچىقىمغا بەس كېلەلمەي، ماراپ بېرىپ كالتەك بىلەن گەدەن تۈۋىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغان ئىدىم، تىنىن تارتماي ئۆلۈپ قالدى. ئوپ ـ چۆرەمگە قارىسام ھېچكىم يوق، جاناپلىرىنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ، ئۈزۈمنىڭ تۈۋىنى كولاپلا، ھىلىقى ئۆلۈكنى شۇ يەرگە كومگەن ئىدىم، پەمىمچە بۇنى بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەس دەپ يۈرەتتىم، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا مالچىسىنى قىچقارتىپ كېلىپ:

ـ بۈگۈن ماڭا ئەۋەتكەن قوزا نىمىنى ئېمىپ چوڭ بولغان؟

بالا تېپىپ ئالىمەن" دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە:
— بېشىمدىن قورقىمەن ئوغلۇم، — دەپتۇ.
— ھەرقانچە گۇنايىڭىز بولسا ئوتتۇم. ئەمما سىز شۇنىڭ بەدى-لىگە ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى قىلچىمۇ يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىشىڭىز شەرت، — دەپتۇ پادىشا ئانىسىغا.
— مەن دادىڭىزغا چۇشۇپ ئۈچ قىز تۇغدۇم. شۇڭا دادىڭىز ماڭا "ھەممىشە قىزلا تۇغىسەن، قىز بالىمۇ بالا بولامدۇ، ئەگەر بۇ نۆۋەت ئوغۇل تۇغماي يەنە قىز تۇغىدىغان بولساڭ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن،" — دەپ قورقۇتاتتى. نەق شۇ كۈنلەردە مەن يەنە ئېغىرىبوي بولۇپ قالدىم. كوزۇم يورۇيدىغان كۈنلەر يېقىن-لىشىپ كەلگەندە، دادىڭىزنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ ئوۋغا ماڭ-دىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا سەپەر ۋە ئوۋ تەييارلىقىنى تەييارلاپ بەردىم. ئۇ، ئوۋغا مېڭىش ئالدىدا مەن بىلەن خوشلە-شىۋېتىپ:"بۇ نوۋەت يەنە قىز تۇغىدىغان بولساڭ ياخشىسى كوزۇمگە كورۇنمە" دېدى-دە، چىقىپ كەتتى. مەن يىغلىدىم، قاخشىدىم، خۇدادىن ئوغۇل تىلىدىم. ئاي-كۈنۇم يېتىپ، كوزۇم يورىدى، قارىسام تۇغۇلغان بالا يەنە قىز. دايەلىرىمگە: "بېرىڭلار، ياخشىراق ئىستەڭلار، مۇشۇ سائەتتە مەن بىلەن تەڭ كىمنىڭ ئايالى ئوغۇل تۇققان بولسا تېپىڭلار-دە، ماڭا خەۋەر قىلىڭلا!" دېدىم. ئۇلار ئىستەپ كېتىپ قايتىپ كېلىشتى ۋە: "ئوردا نېنىنى ياقىدىغان ناۋاينىڭ ئايالىنىڭ مەن بىلەن تەڭ كوزى يورىغانلىقىنى، بالىسى-نىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ كوڭلۇمنى ئىمىن تاپتۇرۇشتى. مەن ئۇلار بىلەن سوزلىشىپ، سىزنىڭ بەدىلىڭىزگە قىزىمنى بېرىپ، مال-دۇنيا بىلەن رازى قىلدىم. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ

ئاساسلىنىپ ئېيتقانلىغىنى سوراپتۇ.

— مەن، - دەپتۇ دانىشمەنىنىڭ چوڭ ئوغلى، — مۇسەللەسنى تېتىشىم بىلەنلا ئۇنىڭدىن ئادەم قېنىنىڭ تەمى كەلدى، شۇنىڭدىن بىلدىم.

— مەن، - دەپ سوزگە كىرىشىپتۇ ئوتتۇرانجىسى، — قوزىنىڭ گوشنى ئاغزىمغا ئېلىشىم بىلەنلا، قۇرۇتۇلغان ئىتنىڭ گوشىدىن كېلىدىغان سېسىق پۇراق بۇرنۇمغا گۇپپىدە كېلىپ ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىت ئېمىپ چوڭ بولغانلىغىنى شۇنىڭدىن قىياس قىلدىم.

— مەن، - دەپتۇ كەنجى ئوغۇل شاھتىن سەل ئوڭايسىزلىنىپراق، — ئوردىغا كىرىشىم بىلەن سىزنىڭ بىزگە ھەدىيە قىلغان نانىنى ئالقىنىڭىزدا ئايلاندۇرۇپ، چورۇپ ئولتۇرغانلىغىڭىزغا كوزۇم چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭدىن شاھىمىزنىڭ ئەسلى ئاتىسى ناۋاي بولسا كېرەك، دىگەن ئويغا كېلىپ دىگەن ئىدىم.

بۇلارنىڭ جاۋاۋىدىن رازى بولغان شاھ بۇلارنى ئوز ئويىگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بېرىپ، ئوردىدا خىزمەت قىلىپ قېلىشلىرىنى ئوتۇنۇپتۇ. ئۇچ ئوغۇل شاھنىڭ سوزىگە مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپ، ئاتىسىدىن بىمەسلىھەت ھېچ ئىشقا قول سالالمايدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ، شاھ شۇنداق زىرەك ئوغۇل چوڭ قىلغان ئادەمنى بىر كورۇشكە ئىنتىزار ئىكەنلىگىنى بىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتىسىنى ئەكەلدۇرۇپ بېرىشنى ئوز ئۇستىگە ئاپتۇ. بۇ ۋەدىنى ئاڭلىغان ئۇچەيلەن شاھنىڭ سوزىنى رەت قىلالماي، ئوز رازىلىغىنى بېرىشىپتۇ.

ئەيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قالغان ئومرىنى شۇ يەردە ئوتكۇزۇشكەنمىش.

ـ دەپ سوراپتۇ. پادىشانىڭ غەزنۇدىن چوچىگەن مالچى:

ــ پادىشاھى ئالەم، ئۇنىڭ نىمە ئەمگەنلىگىنى ئېيتىشتىن قورقىمەن، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ــ سەن راستىڭنى ئېيتساڭ، ئۇنىڭغا نىمە ئەمگۈزگەن بولساڭمۇ گۇنايىڭدىن ئۆتىمەن، ـ دەپتۇ شاھ.

ــ بۇ قوزىنىڭ ئانىسى ناھايىتىمۇ ساغلام قوي ئىدى، ئۇ ھەر يىلى بىر قوزا تۇغۇپ قاتارغا قوشاتتى. تەلىيىمگە ئۇ، بۇ نوۋەت مۇشۇ قوزىنى تۇغۇپلا ئۆلۈپ قالدى. قوزىنىڭ يىتىم قالغانلىغىغا ئىچىم ئاغرىپ يۈرەتتى، مالغا قارايدىغان قانچۇق كۈچۈكلاپ قالدى. قارىسام ئۇنىڭ كۈچۈكلىرىنى خەق ئېلىپ قېچىپتۇ. قوزىنى ئەمچەك خۇمارىدىن چىقىرىپ قاتارغا قوشۇشقا، ئىتنى بالا خۇمار-لىغىدىن چىقىرىپ، تىنىجىتىشقا ئۇرۇنۇپ كورگەن ئىدىم. ئىشىم ئەپلىشىپ قالدى. قوزا ئىتقا ئۆگىنىپ راسا سەمرىۋاتاتتى. جاناپلىرىغا "قوزا لازىم ئىكەن" دىگەن پەرمان بېرىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە مالدا بۇنىڭدىن سېمىزرەك قوزىنىڭ يوقلۇغىغا كوزۈم يەتكەندىن كېيىن. شۇنى ئەۋەتكەن ئىدىم، ـ دەپتۇ مالچى قورقۇپ تۇرۇپ.

"سۇبھاناللا، ـ دەپتۇ پادىشا ئۆزىگە كېلىپ، ــ ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىگە ھىچنىمە توغرا كەلمىگىدەك. ئەمدى مەن بۇلارنىڭ بۇ سىرىنى قانداق پەملىگەنلىگىنى ئۆزلىرىدىن بىر سوراپ كورەيچۇ" دەپ ئۈچ ئاكا - ئۇكا دانىشمەننىڭ ھوجرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۇلتۇرۇشنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ كەلگەن شاھنى كورگەن ئۈچ ئوغۇل ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ. شاھ ئۇلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئولتۇرۇشنىڭ بېشىدا ئېيتقان گەپلەرنى نىمگە

كەلسە، پۈتۈن ئالەمگە جاكا قىلاي، ـ دەپتۇ.

ـ ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغاننى ئېيتالىغان يىگىتكە ياتلىق قىلىنسام رازىمەن، مېنىڭ شەرتىم شۇ، ـ دەپتۇ قىز.

پادىشا ئىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا بارلىق شازادىلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە قىزنىڭ شۇ شەرتىنى ۋە كىمكى راستىنى يالغان دىسە بېشى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكالاپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەملىكەتلەرنىڭ شازادىلىرى، چوڭ ـ كىچىك يۇرتىنىڭ بەگزادىلىرى ۋە ھەر قايسى خانلىقىنىڭ خانزادىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن بەزىلىرى بۇ شەرتنى ئادا قىلىشقا كوزى يەتمەي، قىزنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ، بەزىلىرى بولسا، قىزنىڭ ئوت ـ پىراقىدا شەرتنى ئادا قىلالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ.

پادىشا ئاخىرى ئىنىڭ ئانا ئارقىلىق قىزىغا بۇ شەرتنى ئادا قىلىدىغان بىرەر ئېقىللىق شازادە، خانزادە ۋە بەگزادىنىڭ يوقلۇغىنى ئېيتىپتۇ. قىزنى ئېقىلسىزلىقتا ئەيىپلاپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا زادىلا كونمەپتۇ. قىز ئىشەنچ بىلەن "بۇنى ئېيتالايدىغان كىشى چىقىدۇ، دادام سەۋىر قىلسۇن، ئەگەر چىقمىسا مەيلى" دەپتۇ.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر كەينىدىن كۈنلەر ئوتۇپتۇ، قىزنىڭ بۇ شەرتىنى نى ـ نى شازادىلەر، خانزادىلەر ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئادا قىلالمىغانلىغى چوچەك بولۇپ ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كوچۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ پادىشانىڭ شەھرىگە قاراشلىق يىراق

# ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان

بار ئىكەنۇ ـ يوق ئىكەن، ئاچ ئەـكەنۇ ـ توق ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە هاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايـچىكەن، ئۆدەك سۇنايچىكەن، قاغا قاراقچىكەن، سېغىزخان يالاقچىكەن، پاقا پوـ تەكچىكەن، ئىلان توگمەنچىكەن؛ ئەنە شۇ زاماندا بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇ پادىشانىڭ ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس، ناهايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە، ئەتراپتىكى پادىشالارنىڭ شازادىلىرى بەس ـ بەس بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. پادىشا ئۇنىسىمۇ، قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشا بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن، قىزىنىڭ ئالدىغا ئىنىڭ ئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزنى ياتلىق بولۇشقا كوندۇرمەكچى بوپتۇ. ئىنىڭ ئانا پادىشانىڭ ئېيتقىنى بويىچە، بەخت ـ پاراغەتتىن، زىبى ـ زىنىنەتتىن، نەغمە ـ ناۋادىن، تاجۇ ـ تەختتىن سوز ئاچقان ئىكەن. قىز:

— مەن هايۋاندىن پەرقلىنىمەن، مال ـ بايلىقتىن ئۈستۈن مەن. كىمىكى شەرتىمنى ئادا قىلسا، مەن شۇنىڭ گۈلى مەن، ـ دەپتۇ.

ئىنىڭ ئانا قىزنىڭ سوزىگە ئەجەپلىنىپ، "خەير، نىمىكى بولسا، قېنى بىر ئاڭلاپ باقاي" دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن:

— خوش، شەرتىڭنى سوزلە قىزىم، مەن بىر ئۇقاي، مۇناسىپ

خوشاللىغىدىن گالنى چاقىرىپ:

ــ قېنى، قويلار ھەققىدە چاقچاقىراق سوزلىگىن، ـ دەپتۇ. گال ھىچبىر ھودۇقماستىن، تېتىكلىك بىلەن:

ــ مەن ئاۋال سىزگە راسلىغان سوزلىرىمنى ئېيتاي، قىزىڭىزمۇ كېلىپ ئاڭلىسۇن. سىز بۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ نەدىلىگىنى بىلىسىز، سىز بىلمىسىڭىز قىزىڭىز چۈشىنىدۇ، ـ دەپتۇ. پادىشا قىزىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. گال يالغاننى باشلاپتۇ.

بىرىنچى يالغان

ــ ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ئېيتىم گال، ئوزەم بىر كەمبەغەل، دادامدىن يالغۇز قالغان يېتىممەن. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئومۇر سۇرۇپ، ئوله ـ ئوله، ئاخىرى ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ ئۇچىمىز قالدۇق. مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن، لېكىن ئەجەپلەنمەيمەن. بىز ئۇچ بولغاندىن كېيىن ئارىمىزدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك پەيدا بولدى، بىراق بىر ـ بىرىمىزنىڭ كىملىگىنى بىلمەيتتۇق ھەم تونۇشمايتتۇق. نۇرغۇن كۇنلەر ئوتۇپ ئاخىرى ئۇچىمىز تونۇشتۇق. شۇ چاغدا ئۇچىمىزغا قارىساق، كېيگەن كىيىملىرىمىزنىڭ گۇزەللىگىگە ئەقلىمىز ھەيران قالدى: بىرىمىزنىڭ ياقىسى يوق، بىرىمىزنىڭ ئېتىگى يوق، يەنە بىرىمىزنىڭ غولى يوق. بىز شۇنداق قىلىپ، قارىغۇ ـ قارىغۇنى قاراڭغۇدا تاپىدۇ، دىگەندەك، بىر چولدىكى سايىدا بىر ـ بىرىمىز بىلەن مۇڭداشقىمۇ ئاڭلىماستىن، بىللە ماڭساقمۇ كورمەستىن، يولدا يۇرمەي، چەتكە چىقماي، ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋەردۇق. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۇستىدە ئۇچ تەڭگە ئۇچراپ قالدى. كوزىمىزنى يۇمۇپ قارىساق، بىرىنىڭ

يېزىدىكى بىر كەمبەغەل مومايىنىڭ ئوغلىدىن ئاڭلايلى.

شەھەرنىڭ چېتىدە ناھايىتى كەمبەغەل بىر موماي ياشايدىكەن، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، ئانا ـ بالا ئىككىسى ئەتىدىن كەچكىچە كىشلەرنىڭ ئىشىگىدە ئىشلەپ، كۈننى ئاران ئۆتكۈزىدىكەن. يىگىت شۇنچە تېتىك ئىشلىسىمۇ، بايلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، ئۇز ئىسمىنى ئاتىماي "گال" دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ رۇخسەت سوراپتۇ. موماي ئوغلىنىڭمۇ قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىيالماي ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ جاۋاپ بەرمەپتۇ. گال ئانىسىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى سەزگەندىن كېيىن ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— خاتىرجەم بول ئانا، قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىماق ئاسان، — دەپ، ئۇزىنىڭ راسلىغان سوزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئىلاجىسىز دۇئا قىلىپ رۇخسەت بېرىپتۇ. گال پادىشانىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ كوپ ماڭدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئىش قىلىپ، بىر كۈنى گال پادىشا ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ياساۋۇللار بۇ يىگىتنى كورۇپ، ئالدىنى توساپتۇ:

— سەن گاداي بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈسەن!؟ — دەپ قوغلاپتۇ. گال بۇلارنىڭ گۇمانلىرىنى سېزىپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئوغرىمۇ ئەمەس، قاراقچىمۇ ئەمەس، لېكىن بىر باينىڭ سادىق قۇلى. مەن شۇ باينىڭ پادىشادىن يوشۇرۇپ تىققىپ قويغان بوداق قويلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىشكە كەلدىم. لېكىن قويلانىڭ سانىنى شاھنىڭ ئۇزىگە ئېيتىمەن.

ياساۋۇللار شاھقا خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاچكوز شاھ

بىلەن ئاڭلىيالايدۇ..... قېنى، ئاڭلاپ باقايلى! ــ دەپ يىگىتكە ئىشارەت قىپتۇ.

پادىشا نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. پادىشانىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئوردا ئۇلىمالىرى، ۋەزىرلىرى قۇللۇق قىلىشىپ، مەلىكىگە تازىم قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

گال يەنە سوزلەپتۇ:

ــ سۇيى يوق كولى بار بىر سايغا چۇشتۇق. سويى يوق كولدە ئۇچ بېلىق ئويناقلاپ ئۇزۇپ يۇرۇپتۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئولۇك، بىرىنىڭ جېنى يوق ئىكەن. بىز ھىلىقى بېلىقلارنى ئېلىپ، ئېتىگى يوقنىڭ ئېتىگىگە سېلىپ، سايدىن چىقىپ يولغا چۇشتۇق. يولدا ماڭماي، يولدىن چىقماي كېتىۋەردۇق، كېتىۋەردۇق. قارىساق، ئالدىمىزدا ئۇچ ئوي كورۇندى، بىز شۇ ئويلەرگە كەلدۇق. ئىككى ئويىنىڭ تېمى يوق، بىرىنىڭ ئورنى يوق. ئورنى يوق ئويگە كىرسەك، ئۇچ قازان تۇرۇپتۇ. قازانلارنىڭ ئىككىسى توشۇك، بىرىنىڭ تۇۋى يوق. ئېتىگى يوق ئاكام ئېتىگىدىكى جېنى يوق بېلىقنى ئېلىپ، تۇۋى يوق قازانغا سالدى. بىز ئۇنى پىشۇرماقچى بولۇشتۇق. قارىساق، ئوتۇن يوق، شۇنىڭ ئۇچۇن ئوت ياقماي، ئوتۇننى ئايىماي قالاۋەرسەك، قازان قاينىماي گوشى پىشىپ، سوڭگى ملىق ـ ملىق بولۇپ كېتىپتۇ. يەپ باقساق، ئىسسىقمۇ ئوتمەپتۇ. نىمە بولسا بولسۇن دەپ، ئۇچىمىز راسا يىدۇق. يىگەنلىرىمۇ بىر ـ بىرىمىزگە تەكلىپ قىلىشماستىن يەۋەردۇق، يەۋەردۇق. بىراق يىگەن گوش قوسىغىمىزنىڭ بىر بۇرجىگىگىمۇ كەلمەپتۇ. ئويلىساق، قوسىغىمىز راسا تويۇپ كېتىپتۇ. كەتمەكچى بولدۇق، ئويدىن چىقايلى دىۋىدۇق، ئىشىكتىن پاتمىدۇق. ئامالىنىڭ

تامغىسى يوق، بىرىنىڭ رەڭگى يوق، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىغى يوق ئىكەن. بۇ ئۈچ تەڭگىنى مۇشلاشاقمۇ سوقۇشماي، تالاشاقمۇ غىنىڭ قىلماي، رازى بولۇشماقمۇ ئەرز قىلىشماي، تەڭ بولسىمۇ ياخشى-ياماننى سۈرۈشتۈرمەي ئادالەتلىك بىلەن بولۇشۇپ ئالدۇق. يەنە مېڭىۋەردۇق، مېڭىۋەردۇق. يول ماڭساقمۇ مىدىرلىماي، سۇيى يوق كولى بار بىر سايغا چۈشتۇق......

سوز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پادىشا شۇنداق غەزەپكە كەپتۇكى، سوز قىلالماي هۇشىدىن كېتىپتۇ. بىر هازادىن كېيىن هوشىغا كېلىپ، گالنى مىدىرلاتماي بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گال ناهايىتى مەرتلىك بىلەن تىتىك تۇرۇپ، مىيىغىدا كۇلۇپتۇ:

— ئۇلۇغ شاهىم، مەن ئېيتاي، سىز ئاڭلاڭ، كاللام چېپىلماس، سوزۇم توختىماس. سوزىدە تۇرمىغان ئادەم بولماس. هازىرچە ئىختىيارنى قىزىڭىزغا بېرىڭ، قىزىڭىز بۇيرۇق قىلسۇن، - دەپتۇ.

تەختنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، گالنىڭ ئېيتقان هەممە سوزلىرىنى ئاڭلاپ، "سوزلەۋاتقان يىگىتنىڭ ئېتى گال بولسىمۇ، سوزى بال ئىكەن" دىگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سوزلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە تەختنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— كىشى جانانىدىن جانىنى ئايارمۇ؟
كورۇڭ، پەرۋانىلار ئوتتىن يانارمۇ؟
هەقىقەت ئىزىز جاندىن ئۇستۇن دىگەن
قىلىچ ئالدىدا تەسلىم بولارمۇ؟

ئېقىللىق كىشىلەر باشقىلارنىڭ سوزىنى ئاخىرغىچە سەۋرى-تاقەت

ھارۋىغا قېتىپ، يولغا راۋان بولدۇق. چورۇغۇم ھارۋىسىنى ھەي-دىدى، مەن يول كورسەتتىم، شۇنداق قىلىپ. مىگىر مۇشەققەتتە ئويگە ئاسانلا يېتىپ كەلدىم.

مەن ئويدىن چىقىش ۋاقتىدا ئويدە بىر موماي، بىر خوراز بار ئىدى. قايتىپ كەلسەم ئوي يوق، ئوي بولسىمۇ ئورنى يوق. تېمى بولسىمۇ لېيى يوق. ئەتراپقا قارىسام ھېچنىمە يوق. ماڭا بۇ تازا تارتقۇلۇق بولدى. ئەمدى ئوينى، مومايىنى، خورازنى نەدىن تاپاي، پادىشاھىم؟! ئەرزىمنى بايان قىلاي دەپ ھوزۇرىڭىزغا كەلدىم، — دەپ، گال ئېيتىگىنى سىلاپ خاتىرجەم تۇرۇپتۇ.

پادىشا گال ئېيتىۋاتقان ھىكايىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي، ئەترا-پىدىكى ۋەزىر، ئولىمالىرىغا قاراپتۇ. ئولىمالىرىدىن بىرى پادىشاغا:

گالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان. يالغان ئېيتقان كىشى شاھ خەنجىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر، — دەپتۇ.

پىر بۇ سوزگە كايىپ:

— ھورمەتلىك ئاتا، گالغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ھىكايىسىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئېيتسا، — دەپتۇ.

پادىشا جاۋاپ بەرگىچە، گال:

— تەقسىر......، — دەپ سوزىنى باشلاپتۇ.

## ئىككىنچى يالغان

— تەقسىر، ئاڭلاۋاتىسىز، موماي يوق، خورازمۇ يوق، چورۇ-غۇمنىڭ بىرى تېخى يوق. بۇلارسىز ياشىماق تەس. شۇڭا دىمىم ئىچىمگە چۈشتى، كوڭلۈم بۇزۇلدى. خەير دىدىم. موماي، خوراز،

يوقلۇغىدىن، ئىلاجىنىڭ تولىلىغىدىن تام توشۇگىدىن چىقىپ كەتتۇق.

يەنە يول يۈردۇق، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردۇق. يۈرۈۋېرىپ بىر ئېتىزغا چىقىپ قالدۇق. قارىساق، ئۈنمىگەن چىغ تۇۋىدە، تورەلمىگەن توشقان يېتىپتۇ. شېخى يوق دەرەختىن پۈتمىغان چوماقنى ئېلىپ، ھەلقى توشقاننى راسا بىر ئۇرۇۋېدۇق، توشقان جىم يېتىپ يۈگۈرگەن پېتى كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ جان بەردى. توشقانىغا پىچاق سالىماي، قول تەككۈزمەي سويساق، چىقتى 10 پاتمان گوشى، 20 پاتمان چاۋىسى، ئالتە ئايدىن بېرى يەۋاتىمىز، ھېلىمۇ بار تەڭ ياتىسى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاچ قېلىپ، 20 ئاكام مەندىن خاپا بولۇپ، ئۆزى بىلىگەن يەرگە كەتتى، 10 پاتمان چاۋا ياغ ماڭا قالدى. بۇ ياغنىڭ ھەممىسىدە چورۇغۇمنى ياغلىدىم، ياغ چورۇغۇمنىڭ بىرىگە يەتمىدى. خەير، شۇنداق بولدى. ھېرىپتىكەنمەن، ئۇسساپتىكەنمەن، ئويغاق تۇرۇپ راسا ئۇخلاپتىمەن. ئۇخلاۋاتسام بىر چاغدا جاھان زىلزىلىگە چۈشۈپ غىدۇغا كوتۇرۇلۇپ كەتتى. ئويغانسام، چورۇقلىرىم "ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق" دەپ گالاشلىتىپ مۇشلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ. سوزۇمگە كونمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى. ئىلاج يوق، ئاخىرى چورۇقلىرىمنىڭ ئىككى قۇلىغىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەر بىرىنى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇپ، "جىم تۇرۇش، ئەمدى ئۇرۇش"، دەپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇغۇم غولى يوق چاپىنىمنى مېنىڭدىن سالدۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ. ياغ تەگمىگىنى خاپا بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياغلىغان چورۇغۇمنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەنچۈكنى

ئېسىمگە چۈشتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ قايناپ تۇرغان بىر چاغ ئىدى، دەريا بويىغا بارسام غاچچىدا توڭلاپ كېتىپتۇ. مۇزنى چېقىشقا تاش تاپالماي، بېشىمنى قولۇغۇمدىن تۇتۇپ بىر قويغان ئىدىم، مۇز يېرىلدى. سۇنى راسا ئىچتىم، ئۇسسۇزلۇغۇم قېنىپ، يەنە يولغا چۈشتۇم. بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قارىسام، بېشىمنىڭ تېگى يوق، ئويلىسام دەريادا قاپتۇ. جۇۋالدۇرۇزغا قارىسام ئۇنىڭ بېشى يوق. شۇنىڭ بىلەن ئاپلا دېدىم-دە، بېشىمنى تېپىشنى ئۇنتۇپ مومايىنى ئالغىلى باردىم، ۋاقىت ئۈچ ئايغا توشقان ئىدى. موماي يوق، سۈرۈشتۈرسەم، ئىش ھەققىنى ئالماقچى بولغىنىدا! باي مومايغا توھمەت توقۇپ، ئۇنى دەسسەپ ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مانا پادىشاھىم، ئەھۋال شۇ! ھەممە تارتقۇلۇق پېقىرلارغىمۇ؟ ئويلاپ كورسىلە، دەرگاھلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاپ كۆتكەندەك تۇرۇپتۇ.

پادىشا ھودۇقۇپ، ۋەزىر ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ، ئېقىل سورىغاندەك قىلىپ، كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا ماراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— يالغانچىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى پادىشانىڭ ھورمىتىگە ھاقارەت. پادىشاھىمىزنىڭ زامانىسىدا بۇنداق ئادالەتسىز ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دەپ تۇرۇشىغا، گال:

— تەقسىر، تېخى گەپ بۇ يەردە! — دەپ سوزىنى يەنە باشلاپتۇ.

## ئۈچىنچى يالغان

مومايىنىڭ خۇنىنى ئېلىش ئۈچۈن بايىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ياقىسىدىن سورەپ، شەرىئەتكە ئېلىپ باردىم. شەرىئەت ئۇنداق دەپ،

چورۇقىنى يەنە بىر ئىزلىدىم. ماڭدىم، مېڭىۋەردىم، ئورنىمدا قېلىۋەردىم. شۇنداق قىلىپ، بىر قىشلاققا يەتتىم. خورۇزۇم شۇ قىشلاقتا بىر بايغا ئىشلەۋېتىپتۇ. باينىڭ دېخانچىلىق ئىشلىرى پەقەت شۇ خوراز بىلەن مېڭىۋېتىپتۇ. خورۇزۇم بىلەن كورۇشتۇم، قۇچاغلىشىپ سۆيۈشتۇم. بىر-بىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇقكى، كورۇشە-كورۇشمەي، يىغلىشىپ كېتىپتۇق. خورۇزۇم بايغا ئالتە ئاي كېچە-كۇندۇز ئىشلەپتۇ. خورازنى ئېلىپ كېتىش ئۇچۇن باي بىلەن سوزلەشتىم، بولمىدى؛ سوقۇشتۇم، بولمىدى. بايغا بۇ ئىشلار ئەرمەك بولدى، ئاخىرى ھەققىگە بىر جۇۋالدۇرۇز بەرمەك بولدى. باي بۇنىڭغىمۇ ئاسان كونمىدى. جۇۋالدۇرۇزنى ئالغىنىمغا خوش بولدۇم، خوش بولۇپ، يەنە يولغا چىقماق بولدۇم، لېكىن خورۇزۇم ئۇنىمىدى، ئۇ يەنە ئۇچ ئاي ئىشلەپ، ئاندىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ، قايتماق بولدى. مەن جۇۋالدۇرۇزنى ئېلىپ، خورجۇنۇمغا سېلىپ، خورۇزۇمغا خەير دەپ، ئارقامدىن تېز كەل دەپ، يەنە يولغا راۋان بولدۇم. موماي بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزلەپ يېتىۋەردىم، كېتىۋەردىم، ھېچنەدىن تاپالمىدىم؛ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، پۇتۇن ئالەمگە قارىدىم، كورۇنمىدى. ئاخىرى بىر قېلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا چۇشۇپ قارىسام، يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەتتە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، بىر كىچىك ئۇستەڭ بويىدا موماي كىر يۇيۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بېرىپ يىغلاپ كورۇشۇپ، "كېتەيلى ئانا، جۇر" دېسەم، "بايغا ئىشلىگىلى ئالتە ئاي بولدى، توققۇز ئاي بولغانىدا ھەق بەرمەكچى، ھەققىمنى ئالماي كەتمەيمەن" دەپ ئۇنىمىدى، مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدىم، ئۇساپ كەتكىنىمگە 3 كۇن بولغانلىغى

بىر تاۋۇزنى ئۈزدۈم. پىچاقنى شۇنداق سىلىشىمغا تاۋۇز تاراسلاپ يېرىلىپ، پىچاق تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پىچاقنى ئالاي دەپ تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم. قارىسام، پىچاق ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ئىزلەپ تاپالماي يۈرسەم بىر ئادەم ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن:

— ئاكا، پىچاق كۆردىڭىزمۇ؟ — دىسەم، ئۇ ئادەم:

— ئاۋال سىز ماڭا جاۋاپ بېرىڭ، ئەسلىدە بىز قىرىق كارۋان ئىدۇق، ھەر بىرىمىزدە قىرىقتىن ئۇلاق بار ئىدى، يوقىتىپ قويۇپ تاپالمايۋاتىمىز، كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ مېنىڭدىن سورىدى.

— پادىشاھى ئالەم، دەرگاھىڭىزغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم، ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى قۇلۇغۇم سىزدە، — دەپتۇ.

پادىشا ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئۇلار ھىچبىر مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ. ئۆلىمالىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنى خىزىردىن باشقىسى بىلمەس، — دەپ تۇرۇشىغا، پادىشانىڭ قىزى:

— بۇنى بىلمىگەن تەبىر بېرەلمەيدۇ. يىگىت مېنىڭ شەرتىمنى ئادا قىلدى. دادا، ئەمدى تويغا رۇخسەت قىلىسىز، — دەپتۇ.

پادىشا رازىلىق بېرىپ، ۋەزىر ۋە ئۆلىمالىرىنى تويغا ھازىرلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

مۇنداق دەپ موماينىڭ خۇنىغا بىر ئېشەك بۇيرۇپ، "شەرىئەتنىڭ ھەر ـى قەرز، ئادا قىلىش پەرز" دەپ يولغا سالدى. موماي ئۈچۈن يىغلاپ، نائىلاج ئېشەكنى مىندىم ــ دە، يولغا چىقتىم.

كەڭ دەشتى ــ باياۋاندا كېتىۋاتسام، 40 كارۋان ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ:

— ھەي گال، ئېشىكىڭ يېغىر بولۇپ قاپتۇ، باشقىدىن توقۇۋال، ــ دېدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ قارىسام، راستىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ ساقايتارمەن دەپ كارۋانلاردىن سورىسام، كويدۇرۇپ باسقىن دەپ بىر دانە ياڭاق بەردى. ياڭاقنى كويدۇرۇپ بېسىۋىدىم، بىردىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى. ھەش ــ پەش دېگىچە كوكلەپ، چېچەكلەپ كەتتى، ياڭاقلىرى پىشىپ قالدى. ئېشەك ياڭاقنى كوتىرەلمەي، بېلى ئېگىلىپ، قوسىقى يەرگە يەتتى. ياڭاقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئېشەكنى يېتىلەپ، شۇدىگەرلىككە ئېلىپ باردىم. كۈچۈمنىڭ بېرىچە ياڭاققا چالما ئېتىشقا باشلىدىم، لېكىن بىر تالمۇ ياڭاق چۈشمىدى. شۇنچىۋالا ياڭاقتىن بىرەرسى چۈشمىگىنىگە ئىچىم پۇشۇپ، ئاستا ئاۋايلاپ ياڭاقنىڭ توپىسىگە چىقتىم. قارىسام، ياڭاقنىڭ ھەممىسى شور باغلاپ كېتىپتۇ. شاختىن ــ شاخقا چىقىپ كوزدىن كەچۈرسەم، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈستى ئېتىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىر تەرەپتە بىر ئۆستەڭ سۇ شاقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ، بىر تەرىپىدە تاۋۇز تېرىلغان ئېتىز تۇرۇپتۇ. مەن تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈردۈم. پىلەكلەردىن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى. نىمىسىنى دەيسىز، بىردەمدە ھەممىسى شۇلۇقلاپ پىشتى. بىر كۈنى پىچىپ يەي دەپ

قويماپتۇ. شۇڭا ئۇ كېمچىگە يەنە بىر يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ باققان ئىكەن، كېمچىنىڭ دىلى بىرئاز يۇمشاپ:

— بوپتۇ، سېنى ئۆتكۈزۈپ قوياي، ئەمما پۇتۇن كىراغا كۇچۇڭ يەتمىسە، يېرىم كىرا تۆلىگىن، - دەپتۇ.

— يېرىم كىرا قانچە؟

— ئىككى تەڭگە.

— بوپتۇ، دىگىنىڭىز بولسۇن.

— قېنى ئەمىسە پۇلنى چىقار! - دەپتۇ كېمچى كەمبەغەلنىڭ پۇلى بار - يوقلۇغىنى سىنىماقچى بولۇپ.

— ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن ئالىسىز! - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كەمبەغەل.

كېمچى كەمبەغەلدىن ئىككى تەڭگە پۇلنى ئۇندۇرۇۋېلىشقا كوزى يەتمەي گۇمان بىلەن:

— ئەگەر ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلۇمنى بېرەلمىسەڭ قانداق قىلاي؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ئەگەر، - دەپتۇ كەمبەغەل مەردانىلىق بىلەن، — ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن پۇلىڭىزنى بېرەلمىسەم، ئىككى يوتامدىن ئىككى سەردىن توت سەر گوشۇمنى كېسىۋېلىڭ!

كېمچى كەمبەغەلنىڭ بۇ گېپىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇنى كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ قاتقا ئېلىپ ئۆتۈپتۇ.

كېمچى كېمىنى باغلاپ بولغىچە، كەمبەغەل شەھەرگە قاراپ قېچىپتۇ. بۇنى كورگەن كېمچى قولىغا يوغان پىچاقىنى ئېلىپ، كەمبەغەلنىڭ ئىككى يوتىسىدىن توت سەر گوشنى كېسىۋېلىش ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.

# توغرا هوكۈم

زامانىنىڭ زامانىسىدا، جاڭگالىنىڭ دالدىسىدا بىر كەمبەغەل ئۆمۈر كەچۈرگەن ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئادەم كەمبە-غەللىك ئازاۋىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بېشىنى ئېلىپ سەپەرگە چىقىپتۇ. يۈرۈپتۇ-يۈرۈپتۇ، بىر شەھەرگە يېقىن كېلىپ دەرياغا تاقىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇتەي دېسە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەسلىكى يادىغا كەپتۇ، كېتەي دېسە بېسىپ كەلگەن يولىنىڭ يىراقلىغى يۈرىگىنى تىلىپتۇ. ئاخىرى ئۇستۇن-تۈۋەن مېڭىپ بىر كېمىچىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

—مېنى كېمىڭىزگە سېلىپ ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قويسىڭىز؟-دەپ شەھەر تەرەپنى كۆستىپ يېلىنىپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كېمىچى:

—مەن خەقنى بىكارغا كېمەمگە سالمايمەن، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويسام ماڭا نىمە بېرىسەن؟-دەپ سوراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كەمبەغەل ئىچىدە: "مېنىڭ ساڭا بەرگىدەك بىرەر نەرسەم بولىدىغان بولسا، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇمدىن ۋە مېھرىۋان ئۇرۇق-تۇققانلىرىمدىن ئايرىلىپ بۇ يەرلەرگە كەلمەس ئىدىم"، دەپتۇ، لېكىن "شۇنچە يولنى پىيادە يۈرۈپ، مىڭ مۇشەق-قەتتە بۇ يەرگە كېلىپ، شەھەرگە كىرىپ ھاياتىنىڭ قىزىغىنى كورمەي كەتسەم قانداق بولار؟" دىگەن ئوي ئۇنى يېنىپ كېتىشكە

تۇتۇۋېلىپ، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

ئۇزىنى ئۈچ كىشى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كەمبەغەل توپ - توغرا پادىشانىڭ ئوردىسىغا كىرىپ بېرىپتۇ. ئۈچ دەۋاگەرمۇ كەمبەغەلنىڭ ئارقىسىدىن چىشلىرىنى بىلەپ ئوردىغا كىرىپتۇ.

بىر ئادەمنى ئۈچ ئادەمنىڭ قوغلاپ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن پادىشا ياساۋۇللىرىغا، ئاۋال قېچىپ كەلگۈچى بىلەن قوغلاپ كەلگۈچىنىڭ قوسىقىنى توپغۇزۇپ، ئاندىن ئالدىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار شاھنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوسىقىنى تويغۇزۇپ، ئوردىغا ئېلىپ كىرگەن ئىكەن، شاھ ئالدى بىلەن كېمىچىدىن:

— سېنىڭ بۇنىڭدا نىمە ئۆچۈڭ بار ئىدى؟ - دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ، - دەپتۇ كېمىچى، — بۇنىڭدا ئالىدىغان ئۆچۈم يوق، ئەمما كېمىگە سېلىپ ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈن ئالىدىغان ئىككى تەڭگە پۇلۇم بار ئىدى، ئۇ پۇلنى تولىمەي قاچتى. مەن ئۇز ۋەدىسى بويىچە شۇ ئىككى تەڭگە پۇل ئۈچۈن ئىككى يوتىسىدىن توت سەر گۆش كېسىۋېلىشقا قوغلىغان ئىدىم.

— سەنچۇ؟ - دەپتۇ شاھ توگىچىگە قاراپ، — سېنىڭمۇ ئېلىشىڭ بارمىدى؟

— يوقسۇ، شاھى ئالەم، - دەپتۇ توگىچى، — مېنىڭ بۇنىڭدىن ئالىدىغان پۇلۇممۇ، گوشۇممۇ يوق. مەن ئۇنىڭ ئۇك كوزىنى قارىغۇ قىلماقچىمەن.

— نىمە ئۈچۈن؟ - دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مېنىڭ توگەم قولۇمدىن چىقىپ كېتىپ قاچقان ئىدى،

بىچارە كەمبەغەل جان ئاچچىقىدا قېلىپ، ھارغىنىغا قارىماي كېتىۋاتسا، ئارقىسىدىن بىر ئادەم:

— ۋاي مېنىڭ توگەمنى توسۇۋەتكىن، — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر توگە قېچىپ كېلىۋاتقىدەك. بىچارە كەمبەغەل يەرگە ئېڭىشىپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ توگىگە قارىتىپ ئاتقان ئىكەن، توگە پىقىراپ بېرىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. كەمبەغەل توگىنىڭ نىمە بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز، كېمىچىنىڭ پېچىغىدىن قورقۇپ قېچىۋېرىپتۇ.

توگىچى كېلىپ قارىسا، توگىسىنىڭ ئوڭ كوزىگە كەمبەغەل ئاتقان تاش تېگىپ، توگىنىڭ كوزى قويۇلۇپ كەتكەن. بۇنى كورگەن توگىچى: "مەن ساڭا توگەمنى توسۇۋەت دىسەم، سەن كوزىنى قويۇۋېتىپسەن، مەنمۇ سېنىڭ كوزۇڭنى قويىمەن" دەپ يەردىن كەمبەغەل ئاتقان تاشنى ئېلىپ يۈگرەپتۇ.

كېمىچىگە توگىچىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كورگەن كەمبەغەل ھوشىنى يوقاتقىدەك بولۇپ قېچىپ بىر يەرگە كەپتىكەن، ئالدىنى بىر توغرا تام توساپتۇ. تامنى ئايلىنىپ ئوتۇپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي-دىغانلىقىغا كوزى يەتكەن بىچارە تامغا ئېسىلىپ - يامىشىپ چىقىپ، ئۇ تەرەپكە ئوزىنى تاشلاپتۇ.

تامنىڭ كەمبەغەل يامىشىپ چىقىپ ئوزىنى تاشلىغان يېرىدە ئۈچ يىلدىن بېرى كېسەلدىن ساقىيالماي ياتقان بىر بوۋاي بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىكەن. كەمبەغەل بوۋاينىڭ ئۇستىگە چۈشۈپتۇ، يېرىم جان بولۇپ قالغان بوۋاي كەمبەغەلنى كوتىرەلمەي جان ئۈزۈپتۇ.

بوۋاينىڭ ئوغلى ئاتىسىنى بېسىپ ئولتۇرگەن كەمبەغەلنى

ئىشىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن بالانى دەپنە قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، توگىچىگە قاراپ:

— سەن ئۇنىڭ كوزىنى جەزمەن ئويىمىسەن؟ - دەپ سوراپتۇ.

— جەزمەن، دېگىنىمنى قىلىمەن شاھىم! - دەپتۇ توگىچى.

— خوپ، - دەپتۇ شاھ، — ئانداق بولسا، مەن سەن ئۇقمايدىغان بىر يولغا قولۇڭدىكى تاشنى قويۇپ قويىمەن. سەن قاچىسەن، سېنىڭ ئارقاڭدىن كەمبەغەل يۈگۈرەيدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرسى پىچاق ئېلىپ قوغلايدۇ. سەن قاچانىكى، مەن قويغان يەردىن تاشنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ كوزىگە ئېتىپ قويۇۋەتسەڭ، مېنىڭ ساڭا گېپىم يوق. ئەگەر ئاتقان تېشىڭ كەمبەغەلنىڭ باشقا يېرىگە تېگىپ مېيىپ قىلسا، شۇ گۇنايىڭ ئۈچۈن مەندىن رەنجىمە.

توگىچى نېرى ئويلاپتۇ - بېرى ئويلاپتۇ، ئەمما بۇ ئىشنى شاھنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا كوزى يەتمەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ دەۋايىدىن ۋاز كېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھ بوۋاينىڭ ئوغلىغا قاراپ:

— ھە، سەنچۇ؟ سەن قانداق قىلىسەن؟ - دەپتىكەن.

— بۇ مېنىڭ ئاتامنى ئولتۇردى، مەنمۇ بۇنى ئولتۇرىمەن، - دەپتۇ.

— ئانداق بولسا، مەن بۇ بىچارىنى سەن ئۇقمايدىغان بىر تامنىڭ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويىمەن. سەن قاچىسەن، سېنىڭ ئارقاڭدىن ئىككى ئادەم قوغلايدۇ. قوغلىغانلارنىڭ بىرسى سېنى تۇتۇپ ئالسا، ئىككى يوتاڭدىن ئىككى سەردىن توت سەرگوشۈگنى شىلىپ ئالىدۇ، يەنە بىرسى، تاش بىلەن ئۇرۇپ ئوڭ كوزۇڭنى قارىغۇ

كەيندىن قوغلىسام، كەمبەغەلنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. مەن هارغان ئىدىم. ئوشۇقچە قوغلاشقا كوزۇم قىيماي: "هەي بۇرادەر، توگىنى توسىۋەتكىن!" دىسەم، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ ئېتىۋىدى، ئۇ تاش توگەمنىڭ ئوڭ كوزىگە تېگىپ، كوزىنى قويىۋەتتى. ئەمدى مەن شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ ئوڭ كوزىنى ئويماقچىمەن.

— سېنىڭچۇ؟ - دەپتۇ پادىشا توخماق تۇتۇپ تۇرغان بوۋاينىڭ بالىسىغا قاراپ.

— مېنىڭ دادام ئۇچ يىلدىن بېرى ئاغرىق ئىدى، هەركۇنى تام تۇۋىگە ئېلىپ بېرىپ ئاپتاپ سۇندۇراتتىم. بۇگۇنمۇ شۇ ئادىتىم بويىچە دادامنى تام تۇۋىگە ئېلىپ بارغان ئىدىم. بۇ ئادەم تامدىن ئوزىنى دادامنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ بېسىپ ئولتۇرۇپ قويدى. مەن هوشۇمنى يىغىپ، ئۇنى تۇتۇپ بولغىچە، ئۇ قوپۇپ قاچتى. مەن دادامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ ئۇنى قوغلىدىم.

— بۇ قانداق ئىش؟ بۇلارنىڭ سېنىڭ ئۇستۇڭگە قويغان ئەيىپلىرى توغرىمۇ! - دەپ كەمبەغەلدىن سوراپتۇ شاھ.

— توغرا! - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كەمبەغەل. كېيىن بۇ ئىشتا ئوزىنىڭ ئىلاجىسىزلىقىنى ئىزاھلاپ كېلىپ شۇنداق دەپتۇ:

— مەن بۇ شەهەرگە جان بېقىش ئۇچۇنلا كەلگەن ئىدىم. ئىككى تەڭگە پۇلۇم بولسا، ئوز يۇرتۇمدىن ئايرىلماس ئىدىم، ئەمما كېمىچى مېنىڭ دەردىمنى چۇشەنمىدى. مەن بۇ شەهەرگە كىرىۋېلىش ئۇچۇن كېمىچىنى ئالدىدىم ۋە كېمىدىن چۇشۇپلا قاچتىم. ئاندىن قالغان ۋەقە بولسا باياتىن ئوزلىرى ئاڭلىغاندەك. ئەمما مەن بۇ ئىشلارنىڭ هېچبىرىنى ئوزلۇگۇمدىن قىلغىنىم يوق.

شاھ كەمبەغەلنىڭ توغرا سوزلۇك، ئاقكوڭۇل ئادەملىگىگە

# گۈمۈش شازادە بىلەن چىچەن قىز

بىر بار ئىكەن، بىر يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئوغلى گۈمۈش ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا ئوۋغا چىقىپتۇ، قايتىشىدا بوران چىقىپ كېتىپ، پادىشانىڭ ئالدىدىن بىر قامقاقنى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. پادىشا ئوغلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— بالام، بېرىپ قامقاقتىن "ئۇچۇشۇڭ نىمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟" دەپ سوراپ كەلگىن، — دەپتۇ.

پادىشانىڭ ئوغلى قامقاقنىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كېتىپتۇ. قامقاققا يېتىشىپ:

— ئەي قامقاق، ئۇچۇشۇڭ نىمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

قامقاق جاۋاپ بەرمەستىن موللاق ئېتىپ كېتىۋېرىپتۇ. شازادە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن "ئۇچۇشۇڭ نىمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟" — دەپ سوراپ قوغلاۋېرىپتۇ. قوغلاپ — قوغلاپ، بىر دىخاننىڭ جاگزىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ.

دىخاننىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ ئوگزىدىن ئېشەككە بېدە تاشلاۋاتسا، چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقان قامقاقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرگىدەك. قىز يىگىتنىڭ قىلىغىغا هەيران بولۇپ:

قىلىدۇ. ئەمما سەن بۇلارغا تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆچۈڭنىڭ بىرىچە يۈگۈرۈپ كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ تۈۋىگە كېلىسەن-دە، ئۆزەڭنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ كەمبەغەلنىڭ ئۈستىگە تاشلايسەن، شۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل ئۆلىدۇ. ئەگەر سەن كەمبەغەل ياتقان تامنىڭ نەدىلىگىنى تاپالمىساڭ ياكى تاپساڭمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەڭنى تاشلاپ، سالمىغىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمىسەڭ مېنىڭدىن ياخشىلىق كۈتمە!

بوۋاينىڭ ئوغلى شاھنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ خۇندىن كېچىپتۇ.

— سەنچۇ؟ - دەپتۇ شاھ كېمىچىگە قاراپ.

— ئەگەر ماڭا ئىككىلا تەڭگە پۇلۇمنى بېرەلىسە، مەن ئۇنىڭ توت سەر گوشىدىن ئاللىقاچان كېچەتتىم، - دەپتۇ كېمىچى.

شاھ كېمىچىنىڭ ئەجرىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېنىدىن بىر تىللا ئېلىپ كېمىچىگە بېرىپتۇ. كېمىچى كەمبەغەل بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشۇپ، شاھقا دۇئا قىلىپ يېنىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھمۇ كەمبەغەلنى ئۇمرىنىڭ ئاخىرىغا يەتكىدەك ئىنئام بېرىپ يولغا سالپتۇ.

بۇقىنى تۇغدۇرالىساڭ، سېنى جازالايمەن.

— قۇدرەتلىك شاھىم، بۇقىنى قانداق تۇغدۇرىمەن؟ ماڭا رەھىم قىلىڭ، — دەپ يىلىنىپتۇ بوۋاي. پادىشا بوۋاينىڭ يىلىنىشىغىمۇ قارىماي، ئۇنى سوزىدە تۇرغۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا قىز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوش، بولىدۇ شاھى ئالەم، بۇيرۇقلىرىنى ئادا قىلغايمىز، — دەپتۇ. پادىشا قايتىپ كېتىپتۇ.

بوۋاي قىزى بىلەن ئۇرۇشۇپتۇ.

— ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق دەپ، يوق بالانى تاپتىڭ قىزىم، بۇقىمۇ تۇغامدۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— قىلچە غەم قىلماڭ دادا، — دەپتۇ قىز، — بۇ بىزگە كەلگەن رىسقى، ھازىرلا چىقىپ بۇقىنى سويۇڭ، قىشچە سوقۇم قىلىمىز.

بوۋاينىڭ جان-پېنى چىقىپ:

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ — دەپتۇ قىزىغا، — بۇقا ئۇچۇن پادىشاغا نېمە بىلەن جاۋاپ قىلىسەن؟ قاراپ تۇرۇپ مېنى بالاغا قويماقچىمۇ سەن؟

ئورۇنسىز خاپا بولۇۋېرىسىز دادا. بۇقىنى سويۇڭ دىگەنىدىن كېيىن سويۇڭ، ئۇزەم جاۋاپ قىلىمەن، — دەپتۇ قىز.

”ئۇ دىمەڭ، بۇ دىمەڭ“ بىلەن بوۋاي بۇقىنى سويۇپتۇ، گوشنى تۇزلاپ سوقۇم قىلىۋېتىپتۇ. قىرىق بىر كۈن بولغاندا قىز بوۋاينى چۈمكەپ ياتقۇزۇپ، ئىشىك ئالدىغا كوشۇكىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇزى ئۇگزىگە چىقىپ، پادىشانىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

بىر چاغدا پادىشا نۇرغۇن ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن بوۋاينىڭ ئويىگە كەپتۇ.

— ئەسسالام، — دەپ ئىگىشىپ سالام بېرىپتۇ قىز.

— ھەي يىگىت، قامقاقنىڭ كەينىدىن نېمە دەپ كېتىپ بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادام قامقاقتىن "ئۇچۇشۇڭ نېمە؟ تۇرۇشۇڭ قەيەر؟" دەپ سوراپ كەلگىن، دىگەن ئىدى، قامقاق ئېيتىپ بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ يىغلاپتۇ شازادە. قىز چوپ - چوڭ يىگىتنىڭ يىغلىغىنىنى زاڭلىق قىلىپ:

— ھەي ئەخمەق، بېرىپ داداڭغا ئېيتقىن، قامقاقنىڭ ئۇچۇشى شامال، تۇرۇشى ئازگال، — دەپتۇ. شازادە قىزغا كوپ رەخمەت ئېيتىپ، شەھەرگە قايتىپتۇ.

— قامقاق نېمە دەپ جاۋاپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— "ئۇچۇشۇم شامال، تۇرۇشۇم ئازگال" دەپ جاۋاپ بەردى، — دەپتۇ شازادە.

— بۇنى ساڭا كىم ئېيتىپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا.

— قامقاق، — دەپتۇ شازادە.

— ھەي ئەخمەق، — دەپتۇ پادىشا ئاچچىغى كېلىپ، — قامقاقمۇ گەپ قىلامدىكەن؟!

شازادە ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى كورۇپ، بىر دېخاننىڭ قىزى ئېيتىپ بەرگەنلىگىنى دەپتۇ. پادىشا ئوغلىغا:

— مېنى باشلاپ بارغىن، — دەپتۇ ۋە ساراي ئەمەلدارىغا بىر بوقىنى يېتىلىتىپ، ھىلىقى قىزنىڭ ئويىگە كەپتۇ.

قىزنىڭ دادىسى پادىشانى كورۇپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ، توققۇز تازىم قىلىپ ئويىگە باشلاپتۇ.

— ساڭا بىر بوقا ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ پادىشا بوۋايغا، — بوقىنى قىرىق كۈندە توغدۇرۇپ موزىيى بىلەن بېرىسەن، ئەگەر

# گوھەر تۇغىدىغان توخۇ

بۇرۇن بورۇنسىدا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن.

ئوتۇنچى بىر كۈنى جاڭگالدا ئوتۇن كېسىۋاتسا ئالدىدىن بىر توخۇ چىقىپ قاقاخلاپ قېچىپ كېتىپتۇ، ئوتۇنچى ئالدىغا قارىسا، بىر توخۇنىڭ ئۇگىسى تۇرۇپتۇ. ئۇگىدا بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغان، ئوتۇنچى ھېلىقى تۇخۇمنى ئېلىپ، قوينىغا ساپتۇ-دە، كېيىن ئوتۇنلىرىنى ئېشىگىگە ئارتىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئوتۇنىنى سېتىپ، پۇلىغا توت نان ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، كوزى بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئېسىغلىق تۇرغان ئالتۇن قەپەزگە چۈشۈپتۇ. ئوتۇنچى ھېلىقى قەپەزگە زەڭ قويۇپ قارىغىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تۇخۇم يالتىراپ تۇرغىدەك. ئۇ ئىچىدە: "ھەجەپ مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشايدىكىنا" دەپ، بىر قوينىدىكى تۇخۇمغا، بىر قەپەزدىكى تۇخۇمغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كورگەن ھېلىقى قەپەزنىڭ ئىگىسى ئوتۇنچىغا:

— ھە، نىمشقا قەپەزنى بويىلاپ قالدىڭ؟ ئوغرىمۇ سەن؟ كەت نېرى! - دەپ ۋاقىراپتۇ.

— يوغىسۇ بايۋەچچە، - دەپتۇ ئوتۇنچى، — قەپەزنىڭ ئىچىدىكى تۇخۇم مېنىڭ تۇخۇمۇمغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، سېلىشتۇرۇپ بېقىۋاتىمەن. بۇنى ئاڭلىغان بايۋەچچە ھەيران بولۇپ:

پادىشا ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كوشۇكىنى كورۇپ، قىزدىن سوراپتۇ:

— بىركىمنىڭ كوزى يورۇپ قالدىمۇ؟

— ھە، ئۇيدە تۇغۇت بار ئىدى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز كوشۇكنى تېپىۋېتىپ، — قېنى كىرىۋېرىڭلار. پادىشا ئوڭ قول ۋەزىرى بىلەن ئۇيگە كىرىپتۇ.

— قىزىم، كىمنىڭ كوزى يورۇپ قالدى؟ — دەپتۇ پادىشا.

— تۇنۇگۇن كېچە دادامنىڭ كوزى يورۇپ قالدى، كورسىلە، — دەپتۇ قىز.

پادىشا ھەيران بولۇپ:

— هوي قىزىم، ئەر كىشىمۇ تۇغامدىكەن؟ — دەپتۇ پادىشا.

— ۋاي پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز، — سىلى پۇقرالارغا "بۇقىنى تۇغدۇرۇڭلار" دىگەندىن كېيىن ئەرلەر تۇغىدىغان بولۇپ قاپتۇ — دە، — دەپتۇ — دە، قاقاخلاپ كۇلۇپ كېتىپتۇ.

كىچىككىنە قىزدىن گەپتە يېڭىلىپ قالغان پادىشا قاتتىق ئويلىنىپتۇ. ئۇ بۇ قىزنىڭ زېرەكلىگىگە قول قويۇپ "مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە لايىق ئىكەن، ئوغلۇمغا ئېلىپ بەرسەم، مېنىڭدىن كېيىن قالسىمۇ، تەختنى قولدىن بەرمەي، ئوغلۇمغا ئىش ئۇگىتىدىكەن" دەپ ئويلاپ، ئويگە قايتىپ كېلىپ، ۋەزىرنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. قىز بىلەن بوۋاي رازى بوپتۇ.

پادىشا ناھايىتى چوڭ توي — تاماشا قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئوتتۇنچىلىقنى تاشلاپ، ھەركۈنى شۇ تۇخۇمدىن ئەكىلىپ ساتسىلا، پات ئارىدىلا باي بولۇپ كېتەمىز، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتى بىلەن ئوتتۇنچى ھەركۈنى جاڭگالغا بېرىپ، ھىلىقى گۆھەر تۇخۇمدىن بىرنى ئەكىلىپ سېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى باي بولۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى خوتۇنى مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەمدى ھەركۈنى گۆھەر تۇخۇم ئەكىلمەن، دەپ ئاۋارە بولىغىچە، شۇ توخۇنىڭ ئۆزىنىلا تۇتۇپ ئەكەلسىلە. ئۆيدە تۇغدۇرىلى.

ئوتتۇنچى خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، جاڭگالدىن ھىلىقى توخۇنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. توخۇ ھەركۈنى ئۆيدە بىردىن گۆھەر تۇغۇۋېرىپتۇ.

ھەركۈنكى گۆھەرنى سېتىۋېلىپ تۇرغان بايۋەچچە ئوتتۇنچىنىڭ بۇ سىرىنى بىلىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئاخىرى ئوتتۇنچىنىڭ گۆھەر تۇغىدىغان توخۇسى بارلىقىنى بىلىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە بوپتۇ. بايۋەچچە بىر كىتاپتىن: ”كىمكى گۆھەر تۇغىدىغان توخۇنىڭ بېشىنى يىسە پادىشا، قانىتىنى يىسە ۋەزىر بولىدۇ،“ دىگەن گەپنى كۆرگەن ئىكەن. بايۋەچچە شۇ توخۇنى يىيىش ئۈچۈن ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنىنى ئازدۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنى ياش ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇلى كۆپىيىپ، قېرى ئوتتۇنچىدىن كۆرە ياش يىگىتلەر بىلەن كەيپى-ساپا قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئىكەن. خوتۇنىنىڭ بۇ نىيىتى بايۋەچچىگە تازا ئەپ كەپتۇ. ئاخىر بايۋەچچە بۇ خوتۇن بىلەن ئاشنا بوپتۇ، لېكىن ئوتتۇنچىنىڭ

— قېنى ئېلىپ باقە، مەن كورۈپ باقاي، — دەپتۇ.

ئوتتۇنچى كورسىتىپتۇ. بايۋەچچە شۇ يەردىلا ئوتتۇنچىغا خۇشا-مەت قىلىپ، ئۇيىگە باشلاپ كىرىپتۇ.

— بۇنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپ يېپىشىۋاپتۇ بايۋەچچە.

— بوپتۇ ساتسام ساتاي، — دەپتۇ ئوتتۇنچى.

— قانچە بېرەي؟

— ئۆزىڭىز بىلىپ بېرىڭ.

— مىڭ تەڭگە بەرسەم قانداق؟ ئوتتۇنچى ھەيران بولۇپ:

— ئادەمنى زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.

بايۋەچچە ئۆز كوڭلىدە "بەلكى بۇنى ئاز دەۋاتسا كېرەك" دەپ ئويلاپ:

— بوپتۇ، بىر يېرىم مىڭ تەڭگە بېرەي، — دەپتۇ.

— زاڭلىق قىلماڭ، — دەپتۇ ئۆز توخۇمىنىڭ سىرىنى بىلمىگەن ئوتتۇنچى، — راست ئالىدىغان نىشىڭىز بولسا، ئۆزىڭىنىڭ باھاسىنىلا ئېيتىڭ.

بايۋەچچە ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ، ئىككى مىڭ تەڭگىگە چىقىپتۇ. ھەيران بولغان ئوتتۇنچى:

— قېنى ئەكىلىڭ پۇلىڭىزنى، — دەپتۇ.

بايۋەچچە دەرھال ئىككى مىڭ تەڭگىنى ساناپ بېرىپ، ئوتتۇن-چىنى يولغا ساپتۇ. بايۋەچچە ئىچى-ئىچىدىن خوشال بوپتۇ. سەۋەبى، بايا ئۇ، توخۇم ئەمەس، بەلكى گوھەر سېتىۋالغان ئىكەن.

ئوتتۇنچى ئۇيىگە بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى خوتۇنىغا ئېيتىپ، ئىككى مىڭ تەڭگىنى يانچۇغىدىن چىقارغاندا، خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

زوپ، ئۆزى سارايىدا بايۋەچچە بىلەن ئەيشى-ئىشرەتكە چۈشۈپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، ئىككى بالىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلسە، قازاندا بىر نەرسە قايناۋاتقان، قوسىقى ئېچىپ تۇرغان باللار تۇۋاقىنى ئېچىپ قارىسا، قازاندا توخۇ گۆشى تۇرغان. دەررۇ توخۇنىڭ بېشىنى ھەم ئىككى قانىتىنى ئاپتۇ-دە، چوڭ بالىسى بېشىنى، كىچىكى ئوڭ قانىتىنى يەپتۇ، سول قانىتىنى بولسا قولىغا بېرىپتۇ.

بىر چاغدا خوتۇن چىقىپ قازاندا قالغان گۆشلەرنى تاۋاققا ئېلىپ، بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. بايۋەچچە قارىسا توخۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى يوق. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— قېنى بۇنىڭ بېشى بىلەن قانىتى؟! بېشى بىلەن قانىتى بولمىسا، نېمە قىلىمەن بۇنى؟! ئەپچىقىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

ھەيران بولغان خوتۇن دەررۇ چىقىپ قولىدىن سوراپتۇ، ئۇ:

— يېڭىراقتا ئىككى ئوغۇللىرى كېلىپ بېشى بىلەن قانىتىنى يەپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇنى ئۇققان بايۋەچچە بەك تېرىكىپتۇ. كېيىن ئۆز-ئۆزىگە: "توختا، كىتاپتا ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا، شۇنىڭ بېشى ھەم قانىتىنى يېگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يېسىمۇ بولىدۇ، دېگەن ئىكەن. ھېلىمۇ بولسا شۇنداق قىلاي" دەپتۇ-دە، خوتۇنىغا:

— ئۇنداق بولسا شۇ ئىككى بالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ماڭا يېگۈزۈڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئىشىڭىز چاتاق، — دەپ شەرت قويۇپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان خوتۇن ئاخىرى بۇنىڭغىمۇ كونۇپتۇ.

ئۆيدە بولۇشى بايۋەچچىنىڭ ھىلىقى توخۇنى يېيىش قەستىگە يار بەرمەپتۇ. بىر كۈنى ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى بايۋەچچىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئېرىگە:

— ئەمدى، خۇدايىم شۇنچە كۆپ دۇنيا بەرگەندىن كېيىن، شۇنىڭ شۈكرانىسىغا بىر ھەج قىلىپ كەلسىلە، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئوتۇنچى ئويلاپ قارىغىدەك بولسا، خوتۇنىنىڭ بۇ مەسلىھەتى دۇرۇس. ئارتۇق ئىككىلەنمەي تەرەددۇتلىنىپ ھەرەمگە كېتىپتۇ. ھىلىگەر بايۋەچچە ئاخىرى بۇ خوتۇننى ئۆزىگە رام قىلىۋالغاندىن كېيىن، خوتۇننى نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىدىغان يەرگە يەتكۈزۈپتۇ.

بايۋەچچە بىر كۈنى خوتۇنغا:

— ئەگەر مېنى رازى قىلىمەن، ئۆمۈرلۈك ئاشنا قىلىمەن دېسىڭىز توخۇڭىزنى سويۇپ، بېشى بىلەن قانىتىنى ماڭا يىگۈزۈڭ. ئەگەر ماقۇل بولمىسىڭىز، ماڭا قىلمايسىز، ئۆزىڭىزگە قىلىسىز، — دەپ قورقىتىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن ئالدىدا غەمگە پېتىپتۇ: بۇ شەرتنى ئورۇنلاش بىر قىيىن، ئورۇنلىماسلىق ئاندىن قىيىن. ئاخىرى بايۋەچچىنىڭ ئاشنىدارچىلىغىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، "مېلى ئۆلتۈرسەم ئۆلتۈرەي، دۇنيامۇ كۆپۈيۈپ قالدىغۇ" دېگەن يەرگە كەپتۇ-دە، توخۇنى سويۇپ، بايۋەچچىنى ئويگە باشلاپ ئەكەپتۇ.

ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئېرى ھەرەمگە كەتكەندىن كېيىن بىر قولمۇ سېتىۋالغان ئىكەن. ئۇ توخۇنى قازانغا سېلىپ، قولغا ئوت قالىغۇ-

ئاچا يولنىڭ ئاغزىغا كېلىپ توختاپتۇ. قارىسا بىر يولدا "بارسا كېلەر"، يەنە بىرسىدە "بارسا كەلمەس" دېگەن خەت يېزىلغان تاختاي تۇرغىدەك. ھەر ئىككىسى بېشىمىزغا كەلگەننى كورەيلى دېيىشىپ، كىچىگى "بارسا كەلمەس"، چوڭى "بارسا كېلەر" دېگەن يولغا چۈشۈپ مېڭىپتۇ.

ئاكىسى بىرقانچە ئاي جاپالىق يوللارنى بېسىپ، بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، شەھەردە ئادەم دىدارى يوق، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن بالىمۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، كەڭ تۈزلەڭلىكتە مىغ-مىغ ئادەم ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغان. بالا ئاسمانغا قارىسا، بىر قۇش ئادەملەرنىڭ بېشىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگىدەك. ئادەملەرنىڭ بەزىسى قوللىرىدا ئۆپكە، بېغىر ئوخشاش نەرسىلەرنى پۇلاڭلىتىپ، قۇشقا قاراپ "گەھ-گەھ" دېيىشىۋاتقان. بالا ھەيران بولۇپ، سۈرۈشتۈرۈپ بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىپتۇ: بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسى يېقىندا ئۆلگەن ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ پادىشالىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ پەرزەنتى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن، پادىشا ئۆلەر ۋاقتىدا: "سارىيىمدىكى بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇڭلار، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشا بولسۇن" دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. بۇگۈن بولسا، پادىشانىڭ شۇ ۋەسىيىتى بويىچە قۇشنى ئۇچۇرۇپ، ھەركىم ئۆز بەختىنى سىناش ئۈچۈن بۇ ياققا چىققان ئىكەن.

بالا بىر چاغدا ئاسمانغا قارىسا قۇش ئۇنىڭغا قاراپ شۇڭغۇپ كېلىۋاتقان. ئادەملەر قۇشنى نەگە قوناركىن دەپ، كوزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. قۇش شۇڭغۇپ كەلگەن يېتى بالىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.

دەررۇ قولغا:

— سەن بېرىپ، ئىككى بالامنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چولگە ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈپ، يۈرىكىنى ئېلىپ كەل. ئەگەر مۇشۇ ئىشنى ئورۇنلىساڭ قۇللۇقتىن ئازات قىلىمەن، بولمىسا ئۆزەڭنى ئۆلتۈرىمەن! — دەپتۇ. قول "ماقۇل" دەپ، ئىككى بالىنى باشلاپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چوللۇككە ئاپىرىپتۇ. بالىلار ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— بىزنى نەگە ئاپىرىسەن؟ نىمە قىلىسەن؟

قول بالىلارغا ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇغىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ شۇ يەردە كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ. ئىچىدە: "بۇ بالىلاردا نىمە گۇنا بار؟ مەيلى، قۇللۇقتىن ئازات قىلمىسىمۇ قىلمىسۇن، ئۆلتۈرسىمۇ مېنى ئۆلتۈرسۇن، بۇ ياش بالىلار كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن" دەپ ئويلاپتۇ-دەپ، كۆڭلىدىكىنى بالىلارغا ئېيتىپتۇ. بالىلار:

— ئانداق بولسا، سەنمۇ بىكاردىن-بىكار ئۆلۈپ كەتمە، ئىككى كۆچۈك تاپايلى، شۇنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئاپىرىپ بەرسەڭ، سەنمۇ قۇتۇلىسەن، — دەپتۇ.

قولمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئۇچەيلەن ئىككى كۆچۈكنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، قول ئىككى كۆچۈكنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئىككى بالا: "بىز ئەمدى ئويىمىزنى ئۇنتايلى، مۇشۇ كورۇنگەن تاققا قاراپ ماڭىلى، باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ جېنىمىزنى جان ئېتەلى" دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئاكا-ئۇكا ئىككىسى يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، چۆللۈكلەرنى بېسىپ نەچچە تاغلارنى ئېشىپ، بىر يەرگە — ئىككى

لۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا خەنجىرى بار ئىكەن. ئۇ، خەنجەر بىلەن غارنىڭ بىر چېتىنى يونۇپ تېشىشكە باشلاپتۇ.

بىر چاغدا ئەژدەرھا غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇن غۇلاچ كېلىدىغان تومۇر زىخنى غارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئىلىنغاننى زىخقا سانجىپ، كاۋاپ قىلىپ يىگىلى تۇرۇپتۇ. بالا ئادەملەر بىلەن بىللە غارنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىغا بېرىۋاپتۇ. ئەژدەرھا بىر نوۋەتتە بەش ـ ئالتە قېتىم شۇنداق قىلىپ كاۋاپقا تويغاندىن كېيىن، غارنىڭ ئاغزىنى ھىلىقى يوغان تاش بىلەن يېپىپ قويۇپ، ئۆزى شۇ تاشقا بېشىنى قويۇپ ئۇيقىغا كېتىپتۇ.

ئەژدەرھا بىر ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. بالا ئەژدەرھانىڭ ئۇخلىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، غارنى تېشىشنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز دېگەندە ئاران ئادەم پاتقىدەك تۆشۈكنى تېشىپ، سىرتقا چىقىپ قارىغىدەك بولسا، ئەژدەرھا مەلەق ئۇيقىغا كەتكەن. بىر تەرەپكە قارىسا ئەژدەرھانىڭ كاۋاپ پىشۇرىدىغان زىخى ئوتتا قىپ ـ قىزىل بولۇپ تاۋلىنىپ تۇرۇپتۇ. بالا چەبدەسلىك بىلەن ھىلىقى زىخنىڭ سېپىدىن تۇتۇپ، ئوتتىن كوتۇرۇۋېلىپ، ئەژدەرھانىڭ مېڭىسىگە تىققان ئىكەن، ئەژدەرھانىڭ مېڭىسى ۋاژ ـ ۋۇژ قىلىپ كويۇشكە باشلاپتۇ. ئەژدەرھا جان ئاچچىقىدا بىر تولغۇنۇپتۇ ـ دە، ھايال قىلماي ئۆلۈپتۇ. بالا ئاندىن غار ئىچىدىكى ئادەملەرنى ۋە جان ـ جانىۋارلارنى قۇتقۇلدۇرۇپتۇ.

بالا يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا ئالدىغا ئۈچ قاراقچى ئۇچراپتۇ. ئۇلار بىر پادىشانىڭ كويـقاپتىن ئالدۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ ئېسىل نەرسىسىنى بۇلىغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرسى

بالا "پادىشالىقنى نىمە قىلاي" دەپ قۇشنى بىشىدىن ئېلىپ ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. باشقىلار بالىغا ھەيران بوپتۇ. ھىلىقى قۇش ئايلىنىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا يەنە قونۇپتۇ، بالا يەنە ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كېلىپ قونغاندا، كىشىلەر بالىنى مۇبارەكلەپ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي پادىشالىققا ئولتارغۇزۇۋېتىپتۇ.

بۇ ئىش مۇشۇ يەردە تۈرۈۋېتۈرسۇن. بىز ئەمدى گەپنى ئۇنىڭ ئىنىسىدىن ئاڭلايلى:

ئىنىسى ھىلىقى "بارسا كەلمەس" يولغا مېڭىپ، ئاۋال قېلىن بىر جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، ئۇنىڭدىن چىقىپ بىر قورقۇنچ-لۇق تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدىلا بىر يەردىن قىپ-قىزىل ئوت كوتۇرۇلۇپ، كېيىن شۇ ئوت چىققان يەردىن بىر نەرسە ئۇنى دەم تارتىپتۇ. بالا بوراندا ئۇچقان قامىقاقتەك دومۇلاپ بىر غارنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئېسىنى يىغىپ شۇنداق قارىغىدەك بولسا، ئالدىدا بېشى داش قازاندەك، يوغانلىغى قېرى توغراقتەك، ئۇزۇنلۇغى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان بىر ئەژدەرھا تۇرغىدەك. ئەژدەرھا شۇ زامان قوزغىلىپ، تاغ باغرىدىكى ئويىدەك بىر تاشنى يوتكىگەن ئىكەن، ئۇ يەردىن بىر غار ئېچىلىپتۇ. ئەژدەرھا بالىنى ھەيدەپ غارنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپتۇ. بالا كىرىپ قارىسا، غارنىڭ ئىچى تۈرلۈك جان-جانىۋار ۋە ئادەملەر بىلەن تولغان. ئەسلىدە، بۇلار ئەژدەرھانىڭ يەيدىغان ئوزۇقلىرى ئىكەن. ئەژدەرھا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوغا چىقىپ، يۈزلەپ جان-جانىۋارلارنى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان ئادەملەرنى دەم تارتىپ مۇشۇ يەرگە ئەكىرىدىكەن، قوسىغى ئاچقاندا بولسا، بىر چەتتىن كاۋاپ قىلىپ يەيدىكەن. بالا بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ قۇتۇ-

ئىكەن. بالىنىڭ گىلەم بىلەن بۇ يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈشى مەلىكە-نىڭ كېنىزەكلىرىنى مېۋە ئۈزۈپ كېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ، ئۆزى ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھېلىقى چىمەنزارلىققا كېلىپ تۇرۇشىغا توغرا كەپتۇ. مەلىكە بۇ گىلەمنىڭ كارامىتىگە ھەيران بوپتۇ. ئىش قىلىپ، مۇشۇ گىلەمنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ-دە، دەررۇ ئۆزىنى بالىغا ئاشىق قىلىپ كۆرسىتىپتۇ. تۈرلۈك شېرىن سۆزلەر بىلەن بالىنى ئالداشقا باشلاپتۇ. ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس مەلىكىنىڭ تۈرلۈك شېرىن-شېكەر سۆز-لىرىگە ئىشەنگەن بالا ئۇنى ئۆز يارى قىلىش قارارىغا كەپتۇ. بالىنى ئالدىيالىغىنىغا خوشال بولغان مەلىكە بۇ گىلەمنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپ: "گىلەمنى بۇ يەردىلا ئېلىۋالغىلى بولماس، بالا بىلەن گىلەمگە ئولتۇرۇپ بىر چۆللۈككە بارىلى، شۇ يەردە بالىنى قالدۇرۇپ، ئۆزەم گىلەمگە ئولتۇراي-دە، ئۇچۇپ ئۆيۈمگە راۋان بولاي" دەپ ئويلاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىللە ئۇچۇپ چىقىپ، چەت ياقلارنى سەيلى قىلىپ كېلىلى، — دەپتۇ قىز.

مەلىكىنىڭ قوسىقىدىكى ھېلىنى ئۇقمىغان بالا:

— بوپتۇ، ئولتۇرۇڭ، سىزنى ئويىنىتىپ كېلەي، — دەپ مەلە-كىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ بىردەم-دىلا بىر چۆل-جەزىرىگە بېرىپ قاپتۇ. بالا ئاۋال گىلەمدىن چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىستىراھەتكە ئولتۇرۇپ قالغىنىدىن پايدىلىنىپ، مەلىكە "ئۇچ گىلەم!" دەپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بالا دەررۇ ھېلىقى تۇمىقىنى كىيىپ، ھاسىنى

ئۇچىدىغان گىلەم، يەنە بىرسى مىنسە دۈلدۈل، دەرياغا قويسا كۆۋرۈك بولىدىغان ھاسا، يەنە بىرسى تۇماق، كىمىكى ئۇنى كىيىۋالسا ھېچكىمگە كۆرۈنمەيدىكەن. ئۇچ قاراقچى بۇ نەرسىلەرنى بۆلۈشەلمەي دە تالاشتا تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالغان بالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى نەرسىلەرنى بۆلۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بالا رازىلىق بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بىرسىڭلار ماڭا ئوقيارىڭلارنى بېرىڭلار، مەن ئۇچ تەرەپكە قارىتىپ ئۇچ ئوق ئۈزىمەن، ھەر بىرىڭلار بىرىنى تېپىپ كېلىسلەر. كىم بۇرۇن تېپىپ كەلسە، گىلەمنى شۇ ئالىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تېپىپ كەلگىنى ھاسىنى، ئۇچىنچى قېتىم تېپىپ كەلگىنى تۇماقنى ئالسۇن، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپتۇ قاراقچىلار.

بالا ئوقيانى ئېلىپ ئۇچ تەرەپكە قارىتىپ ئۇچ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئۇچ قاراقچى ئوققا قاراپ يۈگرەپ كېتىپتۇ. بالا شۇ زامان ھېلىقى تۇماقنى باشقا كىيىپ، ھاسىنى قولغا ئېلىپ، گىلەمگە چۈشۈپ ”ئۇچ گىلەم“ دەپتۇ. گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇچ قاراقچى لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ.

بالا ئۇچۇپ بىر يەرگە كېلىپ، تۆۋەنگە قارىغىدەك بولسا، چىرايلىق بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ. بالىنىڭ مۇشۇ باغدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالغۇسى كەپتۇ-دە ”چۈش گىلەم!“ دەپتۇ، گىلەم باغ ئىچىدىكى بىر كۆكلۈك مەيدان چىمەنزارلىققا چۈشۈپتۇ.

بۇ باغ مۇشۇ يۇرتتىكى پادىشانىڭ قىزىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان جايى ئىكەن. شۇ كۈنى باققا پادىشانىڭ قىزى سەيلىگە چىققان

خوتۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغلاپ چىقىپ:

— ......سىلى كەتكەندىن بىرى خۇدانىڭ ئەقدىرى بىلەن، ئىككى بالام بىلەن گوھەر تۇغىدىغان توخۇ ئۆلۈپ كەتتى، - دەپ ھازا ئېچىپتۇ. ئېرىمۇ يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ. ئاخىرى: "قانداق قىلىمىز، خۇدادىن كەلگەن ئىشقا نىمە چارە، تەقدىرگە تەن بەرگۈلۈك" دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ھويلىسىغا بىر گىلەم ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ. قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پادىشالىق كىيىملىرى بىلەن بېزەلگەن ئۆزلىرىنىڭ ئىككى ئوغلى چۈشۈپ كېلىۋاتقىدەك. بۇنى كۆرۈپ بوۋاي:

— ۋاي باللىرىم! - دەپ قۇچاغلاپ يىغلاپ كورۇشۈپتۇ. ئانىسى بولسا نىمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قاپتۇ.

باللار دادىسىغا بولغان ئەھۋاللارنى، ئانىسىنىڭ قارا كوڭۇللۇك بىلەن قىلغان ئىشلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، بوۋاي ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي خوتۇنىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.

باللار دادىسىنى پادىشالىققا تەكلىپ قىلغان ئىكەن، بوۋاي:

— بۇ ئىش سىلەرگە لايىق. مەن قېرى ئادەمنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ، - دەپ پادىشا بولغىلى زادى ئۇنىماپتۇ. باللار ئاخىرى ئاتىسىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. ھىلىقى بايۋەچچىنى ئۆمۈرلۈك زىندانغا تاشلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆلۈمدىن ئازات قىلىۋەتكەن ھىلىقى قۇلنى سول قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

دۈلدۈل قىلىپ مىنىپ ئارقىدىن قوغلاپتۇ. قىزمۇ ئويىغە يېتىپ بېرىپ گىلەمدىن چۈشەي دېيىشىگە بالا يېتىپ كېلىپ سەكرەپ گىلەمگە چىقىپتۇ ـ دە، "ئۇچ گىلەم!" دەپتىكەن، گىلەم يەنە كوتۇ-رۇلۇپتۇ. چۈشۈشكە ئۈمتۈلۈپ تۇرغان قىز يەرگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ. بالا ئۇچقان پېتى ئاكىسىنى ئىزلەپ ئاخىرى ئۇ تۇرغان يۇرتقا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كەلگەن كۈنى ئاكىسىنىڭ يېڭى پادىشا بولغان ۋاقتىغا توغرا كەپتۇ. ئاكىسىنىڭ پادىشالىغى ئۇلار-نىڭ ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن بىر قانچىسىنىڭ ئۈستىدىكى پادىشالىق ئىكەن. ئاكىسى ئۇكىسى بىلەن كورۇشۇپ، هال ـ ئەهۋال سورۇشۇپ، شۇ يەردە ئۇنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ تەئىنلەپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆز ئويىنى ئەسلىشىپتۇ. قارا كوڭۈل ئانىسىنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىنى، سادda دادىسىنىڭ نىمە هاللارنى كوچۈرۈۋاتقىنىنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۆزلىرى بىر بېرىپ كېلىش قارارىغا كەپتۇ.

ئەمدى ئۇلارنىڭ ئويى ئىچىدىن گەپ ئاڭلايلۇق:

ئانىسى هىلىقى قول ئاپىرىپ بەرگەن ئىككى كۆچۈكنىڭ يۈرىگىنى بايۋەچچىگە بېرىپتۇ. خوتۇن قولىنى ئازات قىلىۋېتىپتۇ. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، هىلىقى بايۋەچچە بىر چۈش كورۇپتۇ، چۈشىدىن، هىلىقى يىگەن يۈرەك ئادەمنىڭ ئەمەس، ئىتنىڭ يۈرىگى ئىكەنلىگى مەلۇم بوپتۇ، ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، ئۆز كوشنى ئۆزى يىگىدەك يەرگە كەپتۇ. ئۆزىنىڭ يامان هەۋىسى-دىن ياخشىلىق تاپالمىغان خوتۇنمۇ سەرسانلىقتا قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىركۈنى ئىرى هەرەمدىن قايتىپ كەپتۇ.

تۇزىنى ئاياق-ئاستى قىلغاندەك بولۇپ قالمەنمكىن دەپ قورقتۇم، ئاخىرى ئويلاپ، جاناپلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى يوقىتىشنى ئۇزەمگە ئىككىلا ئالەمدە گۇنا دەپ بىلىپ، بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن هوزۇرلىرىگە كەلدىم، - دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا پۈتۈن دىققىتىنى بوياقچىغا قارىتىپ:

- قېنى، ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى بىجىرگەيسەن، - دەپ بۇيرۇپتۇ ۋە قىزىقىپ جاۋاپ كۈتۈپتۇ.

- تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام - ئۇلۇغ ئازنا ئاخشىمى ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كورۇپتىمەن. چۈشۈمدە جەننەتنىڭ ئىچىدە يۇرگىدەكمەن. جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل باغلىرىنى ئارىلاپ، هورى - غىلمانلار ئىچىدە سەيلى - تاماشا قىلىپ، بىر پىشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كوزۇمگە تونۇش بىر زات كورۇندى. تەنلىرىم يايرىغاندەك بولدى. پايقىغدەك بولسام، بۇ، جاناپلىرىنىڭ ئاتىسى مەرهوم شاهىمىز ئىكەن. ئۇ زات مېنى كورۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىغا چاقىردى. قېشىغا باردىم، ئاتىلىرىنىڭ يۈز - كوزى نۇرغا تولغان، ئەتراپىدا هور قىزلار جەۋلان قىلىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن پادىشاهىمنىڭ ئۇلار بىلەن زادى كارى يوق. مەن، پادىشاهىمنىڭ نىمە ئۈچۈندۇر خاپا بولۇپ تۇرغىنىنى پايقىدىم. شاهىمدىن ئەهۋال سورۇدۇم. شاهىم مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ بەرمەي، جاناپلىرىنى سورىدى. مەن: "ئوغۇللىرى ياخشى سەلتەنەت بىلەن پادىشالىغىنى قىلىۋاتىدۇ" دېدىم، لېكىن شاهىم بۇ جاۋاپقىمۇ قىزىقمىدى. مەن هەيران بولدۇم. ئاخىرى شاهىم: "مەن بۇ جەننەتتە خۇدانىڭ ئۇلۇغ رەهمىتىگە ئىگە بولدۇم. كورۇپ تۇرۇپ-سەن، جەننەتنىڭ ئىچى راهەت بىلەن تولغان، بىراق، بۇ يەرلەر-

# ياغاچچى بىلەن بوياقچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشانىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. بۇ ئىككى ئۇستا پادىشانىڭ پۈتۈن ئوردا-سارايلىرىنى ياساپ زىننەتلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشا ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى پادىشا بولىدىكەن. ياش پادىشا ھېلىقى ئىككى ئۇستىنى خۇددى ئاتىسىدىن مىراس بولۇپ قالغان خىزمەتچىلەردەك ئەتىۋالاپ ئىشلىتىدىكەن. بولۇپمۇ ياغاچچى ئۇستا تولىمۇ تەدبىرلىك، توغرى ئادەم ئىكەن، لېكىن بوياقچى ئىچى تار، كورەلمەس، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئۇ، پادىشانىڭ ياغاچچى ئۇستىنى ياخشى كورگىنىنى كورەلمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دائىم ياغاچچىنىڭ بىرەر ئەيىۋىنى ئىستەپ يۈرىدىكەن، لېكىن چويلىغا توختىغىدەك بىر ئەيىپ تاپالمايدىكەن. ئىچى يامان بوياقچى ئۇنداق ئويلاپ-مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى ياغاچچىنى كوزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ-دە، بىر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپ قول قوشتۇرۇپ، ئۆز مەقسىدىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ بوياقچى، — جاناپلىرىغا ناھايىتى بىر نازۇك ئىش بىلەن كەلدىم. ئېيتاي دىسەم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز ھەمرايىم ياغاچچى ئۇستىنىڭ بۇ دۇنيادا تۇرماسلىقىغا زامىن بولۇپ قالار-مەنمىكىن دەپ قورقتۇم، ئېيتماي دىسەم، جاناپلىرىنىڭ بەرگەن

ئۇلىمالارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە پادىشا ياغاچچىغا بىر ھەپتە مۇھلەت بېرىپ، ئاھالىگە جاكالاپ ئوتۇن يىغدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ياغاچچى دەررۇ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كۆرۈپتۇ: ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تاكى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە قەدەر يەر ئاستى يولى كولاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن پادىشانىڭ جاللاتلىرى كېلىپ ياغاچچىنى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلىمالارنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن، ئۇنى ئوتۇننىڭ تېگىگە باستۇرۇپتۇ. ياغاچچى ئوتۇننىڭ ئاستىغا كىرىپ، ماڭ تەسلىكتە ھېلىقى توشۇكنى تېپىۋېلىپ، يەر ئاستى يول بىلەن ساق-سالامەت ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ. ئوتۇن بىرقانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياش پادىشانىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

ياغاچچى ئۆيىدە ئىككى ئايغىچە ۋاقىتنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئويلا-ئويلا: "مەن بۇ بوياقچىغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىسام، نىمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەست قىلىدۇ. زادى ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. ئەمدى ماڭا كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشسۇن" دەپ بىر ئامال ئويلاپتۇ-دە، بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پادىشانىڭ ئوردىسىنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ، ئەمدى تاڭ ئېتىۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. ئۇ، دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، پادىشا ياتىدىغان ئۆيىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۈگزىنىڭ قاتتىق غاراسلاپ كەتكىنىدىن پادىشا چوچۇپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، دەررۇ پاسىۋانلىرىغا نىمە ۋەقە بولغانلىغىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

پاسىۋانلار ئۈگزىگە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى ياغاچچى تۇرغىدەك. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. ياغاچچى ئۇلارغا:

دىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۇ ئالەمدە ياساتقان ئىمارەتلىرىمگە ئوخشى-
مىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. مەن ئۆزەمنىڭ
ئۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلىرىمگە ئوخشاش ئىمارەتلەردە تۇرۇشنى
خالايتتىم، لېكىن جەننەتتە ئۇنداق ئۆيلەرنى ياسايدىغان مېنىڭ
ياغاچچى ئۇستام يوق. ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا قايتساڭ، ئوغلۇمغا
ئېيتىپ قويغىن، ئىلاجى قىلىپ شۇ ياغاچچى ئۇستىنى مېنىڭ
قېشىمغا ئەۋەتسۇن" دىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتلىرى كوزۇمدىن
غايىپ بولدى. مەن هاياجان ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام
مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزەن ئوقۇۋېتىپتۇ. دەررۇ ئورنىمدىن
تۇرۇپ تەرەت ئالدىمدە ئىككىرىكەت ناماز ئوقۇپ، مەرھۇم شاھىم
ئۈچۈن دۇئا قىلدىم، مانا بولغان ئەھۋال شۇ. بۇنى جاناپلىرىغا
يەتكۈزمەسلىكنى ئۆزەمگە مۇناسىپ كورمۇدۇم. – دەپ بوياقچى
كوز يېشى قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا چوڭقۇر خىيالغا چوكۈپتۇ ۋە ئاخىرىدا
ئاتىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، قانداق قىلىش
لازىملىغىنى ئويلاپتۇ. دەررۇ ئولىمالارنى چاقىرىپ مەسلىهەت
سوراپتۇ. ئولىمالار كىتاپ ئېچىپ ئاخىرى:

— بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاهالىسىگە جاكا قىلىپ، بىر
ھەپتىگىچە ئوتۇن يىغدۇرۇش لازىم. ئەنە شۇ ئوتۇننىڭ ئىگىزلى-
گىگە كوز يەتمەيدىغان بولغاندا ئۇنىڭغا ئوت يېقىش كېرەك.
ياغاچچى ئۇستىنى بولسا، شۇ ئوتۇننىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ كوي-
دۇرسەك شەرت ئادا بولىدۇ. ئوت كويۇپ بولغاندىن كېيىن،
پەرىشتىلەر ياغاچچىنى كوتىرىپ ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ قويىدۇ، –
دەپ مەسلىهەت بېرىپتۇ.

# ئەقىللىق ئادەم

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ پادىشا سىناپ كورۇش ئۈچۈن ئوردىدىكى قىرىق بىر ۋەزىرىنى يىغىپ:

ــ سىلەر قەيەردىن بولمىسۇن، ئۇچار قۇشنىڭ يامىنىنى، دەرەخنىڭ ئوسلىنى، ئادەمنىڭ ئەسكىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، ــ دەپتۇ. ۋەزىرلەر "ماقۇل" دېيىشىپ قايتىپ چىقىشىپتۇ، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، قىرغاۋۇل بىلەن تىكەننى يامانغا چىقىرىپتۇ ۋە جاڭگالدىن ئۇ نەرسىلەرنى تېپىپتۇ. ئەمدى ئەسكى ئادەم تېپىش ئۈچۈن ماڭغاندا، ئالدىغا ئوچۇقچۇلۇقتا ئاپتاپ سۇنۇپ تۇرغان، كىيىملىرى جۇل-جۇل، يالاڭغداق بىر كىشى ئۇچراپتۇ. بۇلار: "شەھەردە يۇرمەي جاڭگالدا يۇرگىنىگە قارىغاندا مۇشۇ ئوبدان ئادەم ئەمەس" دېيىشىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

ــ هەي ئادەم، نىمە ئۈچۈن جاڭگالدا يۇرۇشنى ياخشى كورۇسەن؟

ــ بىزدەكلەرگە شەهەردە كۈن كورۇش تەس، جاڭگالدا هېچكىمنىڭ مەن بىلەن ئىشى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالنى ياخشى كورۇمەن، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ هېلىقى كىشى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر بىر-بىرىسگە قارىشىپ: "بۇنىڭ-دىنمۇ ئەسكى ئادەمنى نەدىن تاپىمىز؟ بىزنىڭ ئىستىگەن ئادىمىمىز

— مەندىن قورقماڭلار، مەن ئەرشىدىن چۈشتۈم، مەرھۇم پادىشاھىمغا جەننەتتە ئىمارەت ياساپ بېرىپ پۈتتۈردۈم. خۇدايە-تائالا تېخى مېنىڭ ئەجلىم پۈتمىگىنى ئۈچۈن يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پاسىۋانلار ياغاچچىنى ئوگزىدىن چۈشۈرۈپ، پادىشانىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشامۇ ھەيران قاپتۇ. ياغاچ-چى پادىشاغا تازىم قىلىپ، ئۆز سۆزىنى بايان قىپتۇ:

— ھەي ئۇلۇغ شاھىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن جاناپ-لىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ قايتتىم، ئۆيىنى ياساپ بەردىم. ئاتىلىرى بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلىگە ناھايىتى جىق مىننەت-دارلىق بىلدۈردى ۋە جاناپلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. خوش، ئەمدى گەپكە كەلسەك، تەقسىر، مەن ئىمارەتنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى تامامىلىدىم، بىراق، سىر-بوياقلار بىلەن قىلىنىدىغان زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىرى رەھمىتى تېخى ئۇ ئۆيگە ئورناشمىدى. مەن بۇ ياققا قايتىشتا ئاتىلىرى: "ئۆينىڭ زىننەت-لىرى تېخى ئىشلەنمىدى، ئوغلۇم دەرھال بوياقچى ئۇستامنى ئەۋەتىۋەتسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بۇنىمۇ بېجەرسە مەن ھەددى-ھېسابسىز خوش بولاتتىم"-دىدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا تاپشۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئارزۇسىنىمۇ ئورۇنلاش ئۈچۈن بەل باغلاپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغدۇرۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن بوياقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

— بۇ نەرسىلەرنى قانداق تاپتىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بىز ئۇزۇن ئىستەپ قىرغاۋۇل بىلەن تىكەننى تاپقان ئىدۇق، مانا بۇ ئەسكى ئادەمنى تاپقىنىمىزدا، بىزنىڭ تاللىغان نەرسىلىرىمىز بۇنىڭغا ياقمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا قوشۇپ بۇنىڭ دېگەنلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ باش ۋەزىر.
پادىشا ئەسكى چاپانلىق ئادەمنى "راس بىر نەرسىنى بىلىپ سۆزلەمدۇ؟ يا خىيالىغا كەلگەننى دەمدۇ؟ بىر سىناپ كۆرەيچۇ"دېگەن يەرگە كېلىپ:
— مېنىڭ دادامنىڭ كەسپى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ كەسپى ناۋايدەك كۆرۈنىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.
— شاھلىق ماڭا ئاتا مىراس تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسەن؟ — دەپتۇ پادىشا.
— مەن كىرگەندە سىز ناننى ئالقىنىڭىزدا پىقىرىتىپ ئويناپ تۇرغان ئىكەنسىز، شۇ چاغدا سىزنىڭ ئاتا كەسپىڭىزنىڭ ناۋاي ئىكەنلىگىنى بىلگەن ئىدىم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەسكى چاپانلىق ئادەم.
— مەن قاچان ئۆلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشا يەنە.
— بېشىڭىزغا سايە بولغان خەلقنى ئۇنتۇغان كۈندە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم.
پادىشا بۇ سۆزنى دەرھال چۈشىنىپتۇ. بۇ ئادەمنى ئۇزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەشنى ئىلگىرى، ئانىسىدىن:
— مېنىڭ دادام كىم ھەم قانداق كەسىپ قىلغان؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشانىڭ ئانىسى پادىشانىڭ غەزىۋىدىن قېچىپ قۇتۇ-

نەق مۇشۇ"دىگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، بىرسى:

ــ هەي ئادەم، سەن بىز بىلەن پادىشانىڭ ئالدىغا بارسەن، ــ دەپتۇ. ئەسكى چاپانلىق كىشى:

ــ پادىشانىڭ ئالدىغا بارغىدەك ئىش قىلغىنىم يوق، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

شۇ چاغدا يەنە بىر ۋەزىر: "گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ ئېلىپ بارمساق، بىزنىڭ ماڭ دىگىنىمىزگە ماگمىدىغانىدەك ئەمەس"دەپ قالغانلارغا كېڭەش بېرىپتۇ. بۇلار ماقۇللاشقاندىن كېيىن، ئىچىدىن يەنە بىرسى:

ــ پادىشا بىزگە ئۈچ تۈرلۈك ئىشىنى تاپشۇرغان: شۇنىڭغا بىنائەن بىز دەرەخنىڭ يامىنى دەپ تىكەننى، قۇشنىڭ يامىنى دەپ قىرغاۋۇلنى تاللىدۇق. ئۈچۈنچىسىگە سېنى تاللىدۇق. سەن پادىشانىڭ ئالدىغا ئەسكى ئادەملەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ بارىسەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئانداق بولسا، ــ دەپتۇ ھىلىقى ئادەم، ــ مەن باراي، لېكىن يۇقۇرىدىكى ئىككى تۈرلۈك "يامان"نىڭ ئۈلگىسى توغرى بولماپتۇ. ئۇچار قۇشنىڭ يامىنى سېغىزخان. بۇ ــ ئات، ئېشەكلەرنىڭ يېغىرىنى چوقۇپ قاخشىتىدۇ، ئادەمگىمۇ خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلمەيدۇ. دەرەخنىڭ يامىنى هارام شاخ، بۇ مۋىلىك دەرەخلەرنى ئايىنىتمايدۇ. ئۆزەم توغرىسىدا هىچقانداق سوزۇم يوق. مەيلى پادىشايىڭلارنىڭ قېشىغا بارسام باراي.

ۋەزىرلەر بۇ ئادەمنىڭ دىگىنىنى تېپىپ پادىشانىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. بۇ چاغدا پادىشا نانىنى ئالقىنىدا ئايلاندۇرۇپ ئويناۋاتقان ئىكەن. پادىشا:

ــ "ئەمدى ئىشارىتىمگە توغرى جاۋاپ تاپتىم" دەپتۇ پادىشانىڭ قىزى كېنىزەكلىرىگە، ــ مەن مۇھەببەتنى قەغەزدىنمۇ ئاق بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتىم، بۇ يىگىت "يۈرەكتىن قوزغالغان مۇھەببەت شۇنداق بولىدۇ" دەپتۇ. مەن ئەنە شۇ جاۋاپنى كۈتكەن ئىدىم، دىگەن يېرىمدىن چىقتى...

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەقىللىق ئادەم قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. پادىشا ئەسكى چاپان ئىچىدىن چىققان ئەقىللىق ئادەمنى ئۆزىنىڭ ھەممە ۋەزىرلىرىدىن يۇقۇرى دەرىجىگە كۆتىرىپتۇ. ۋەزىرلەر بولسا، كورەلمەسلىكى بىلەن رەڭگى ساغىرىپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ.

لالماسلىغىغا كوزى يەتكەندىن كېيىن:

— سىزنىڭ ئۆز دادىڭىز ناۋاي ئىدى. سىزنى بېقىۋالغانلىقىمنى شاھ بىلمەيتتى. مەن جىق قىز تۇغدۇم. بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىشىمنى ئارمان قىلغان شاھ ئېغىر بوي ۋاقتىمدا: "بۇ نوۋەت يەنە قىز تۇغساڭ جېنىڭنى ئالىمەن" دەپ شىكارغا كەتتى. كوزۇم يورۇغاندا قارىسام قىز. ئۇنى تېگىشىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ ئىستەتسەم، شەھىرىمىزدىكى بىر ناۋاينىڭ ئائىلىسىدە سىز دۇنياغا كوز ئاچقان ئىكەنسىز. نۇرغۇن پۇل بېرىپ قىزىم بىلەن سىزنى تېگىشكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشا بۇ گادايىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ، ئوردىغا قايتىپ، ئۇنى ياخشى كىيىندۈرۈپ، ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇنى كورگەن ۋەزىرلەر چىدالماي كېتىپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ.

پادىشانىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىدەك گۈزەللىنى تېپىش تەس ئىكەن. كەلگەن ئەلچىلەر ئۇ قىزنىڭ شەرتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئەلچى قويالمايدىكەن. نۇرغۇن شازادىلەر قىزنىڭ ئىشارىسىنى چۈشىنەلمەي، سەرگەردان بولغان ئىكەن. ۋەزىرلەر ھىلىقى ئەقىللىق ئادەمنى "شاھىمىزنىڭ بىر قىزى بار، شۇنىڭغا ئويلەنسىڭىز" دەپ بۇنىڭمۇ سەرگەردان بولۇشىنى تىلەپتۇ. ئەقىللىق ئادەم بۇ ئىشنى مەسلىھەت كورۇپ، ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. قىز جاۋابەن بىر پارچە ئاق قەغەز بىلەن بىر مىقراز[1] چىقىرىپتۇ. ئەقىللىق ئادەم دەرھال قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنى يۈرەك شەكلىدە قىيىپ كېنىزەك قىزنىڭ قولىغا بېرىپتۇ.

---

[1] مىقراز — كىچىك قايچا.

ياشلىق بورە، 30 ياشلىق تۈلكە، 40 ياشلىق يولۋاس، 50 ياشلىق قوزا، 60 ياشلىق توگە بارمىش، شۇلارنى تېپىپ كەل" دەپ ئىختىيارىغا خەزىنىدىن خالىغىنىچە پۇل-مال بېرەيلى، -دەپتۇ ۋەزىر.

بۇ مەسلىھەت پادىشاغا ياراپتۇ. ۋەزىرنىڭ ئېيتقىنىچە، ئوغلىغا ھىلقى ئىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

ئوغلى كوچىمۇ-كوچا، شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ، "كىمكى ئەشۇ ياشتىكى ھايۋانلارنى تېپىپ بەرسە، قانچە دىسە شۇنچىگە ئالىدىغانلىغىنى جاكالاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇپ: "توۋا، ئون ياشلىق ئوغلاق بولامدىكەن؟ ئۇچكە ئون ياشقا كىرسە قېرىمامدۇ، بۇنى قانداق ئوغلاق دىگىلى بولىدۇ؟ يىگىرمە ياشقا كىرگەن بورىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ خوش ئەمدى، تۈلكىنىڭ 30 ياشقا كىرگىنى. يولۋاسنىڭ 40 قا كىرگىنى، 50 ياشلىق قوزنى، 60 ياشلىق توگىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ روزى مىساقتىن تارتىپ بۇنى ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەس" دىيىشىپتۇ.

بىر كوچىغا بارسا ئاددى-ساددى كىيىنگەن، ئەمما ناھايىتى كېلىشكەن ساھىپجامال بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. قىز ئۇنى كۆرۈپ:

— ھەي يىگىت، نىمە دەيسەن؟ -دەپ سوراپتۇ.

ئەقىلسىز يىگىت دادىسىنىڭ تاپشۇرۇغىنى بايان قىپتۇ. قىز كوپ ئويلىنىپ تۇرماستىن يىگىتكە:

— دادىڭىزنىڭ تېپىپ كەل دىگىنى ئوغلاق، بورە، تۈلكە، يولۋاس، قوزا، توگە ئەمەس، بۇ ئادەم بالىسى. بالا 10 ياشقا كىرگەندە ئوچكىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش سەكرەپ ئوينايدۇ. 20 ياشقا كىرسە بورىدەك شوخ بولىدۇ. 30 ياشقا كىرگەندە ئەقلىگە

# ئەقىللىق قىز

بۇرۇنقى زامانىدا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن، شانۇ - شەۋكىتى ئالەمدە پۇر ئىكەن، دولىتىگە مەغرۇر ئىكەن، ئەمما تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن، شۇڭا بالىغا زار ئىكەن... پادىشا نۇرغۇن سەۋەپلەرنى قىلىپتۇ، چارىسى ئەمەلگە ئاشماپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ، سەۋەپ قىلىشنى توختاتماپتۇ. ئاقىۋەتتە بەختى - تەلىيى ئۇلۇغ كېلىپ، كىچىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل كۆرۈپتۇ. پادىشانىڭ خۇشلۇغى ئىچىگە سىغماي، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بالىنى بېقىشقا قىرىق خىزمەتچى تەيىنلەپتۇ. بالىسىغا نىمە كېرەك بولسا شۇنى تەق قىلىپ بېرىپتۇ. ئەمما ئوغلى ئەقىلسىز، دوت چوڭ بولۇپتۇ. پادىشانىڭ كۆڭلى يەنە غەش بوپتۇ. دايىم ئۇيغا چۆمۈپ: "مەندىن كېيىن پادىشالىقنى بۇ دوت ئوغلۇم قانداقمۇ قىلالايدۇ؟" دەپ قايغۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغان پادىشانىڭ دانا ۋەزىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ:

— پادىشاھى ئالەم، بۇنىڭدىن ھېچبىر قايغۇرماڭ. ئوغلىڭىزغا ئەقىللىق بىر قىز ئېلىپ بەرسەك، شۇ قىز بىلەن پادىشالىق قىلۋېرىدۇ.

— ئەقىللىق قىزنى قانداق تاپىمىز؟ - دەپتۇ پادىشا.

— بۇ ئىش ئاسان. ئوغلىڭىزغا: "10 ياشلىق ئوغلاق، 20

# ئۇر توقماق

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ئۇزىنىڭ ئۇچ-توت يىتىم نەۋرىلىرىنى بېقىپ، بىر دەريانىڭ بويىدا ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ پەقەت بىر تۇپىلا قاغا جىگدىسى بار ئىكەن. ئۇلار تولىسى شۇ جىگدە بىلەن كۇن كەچۇرىدىكەن. ئەمما بۇ جىگدىگە قاغىلار ئۇگىنىۋاپتۇ، بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ جىگدىگە ئارام بەرمەپتۇ. بوۋاي جىگدىنى قاغىلاردىن ساقلاشنىڭ ئامالىنى ئىزلەپتۇ، ئويلا-ئويلا ئاخىرى چارە تېپىپتۇ: بىر كەپتەرنىڭ باچكىسىنى ئولتۇرۇپ، قېنىنى پوتلىرىغا، كىندىكلىرىگە، باشلىرىغا سۇۋاپتۇ-دە، جىگدىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، ئولۇپ قالغاندەك بولۇپ يېتىپتۇ. بىر چاغلاردىن كېيىن بىر قاغا جىگدىگە كېلىپ قونۇپ، كىپەك باسقان كانىيىنى سوزۇپ قاقىلداپتۇ، بوۋاينىڭ يۇزىگە جىگدىلەردىن بىرنەچچىنى چوقۇلاپ چۇشۇرۇپ سىناپتۇ، قارىسا جىم. "ھە، بۇ بىر تاپ ئۇخشايدۇ" دەپ پەسكە چۇشۇپتۇ، ئاستا ئالچاڭلاپ كېلىپ، بوۋاينىڭ تىماقلىرىنى چوقۇپ بېقىپتۇ، يەنە جىم. لىككىدە بوۋاينىڭ قوسىغى ئۇستىگە چىقىپ، كىندىكتىكى قېتىپ قالغان قانلارنى ئېلىپ يەپتۇ. ئاغزىنى تامشىپ شۇنداق قارىسا، راستىلا خۇدا بەرگەن بىر ئولجا. شۇ يەردىن قاغا ئاۋال "ئولۇك"نىڭ كوزىنى چوقۇپ يەي دەپ بىر سەكرەپ بوۋاينىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا قونۇپتۇ. نەدە تۇرسۇن كوزنى چوقۇش...

تولۇپ، تۈلكىگە ئوخشاش ھەرقانداق نەرسىنى بىلىدۇ. 40قا كىر-گەندە يولۋاسقا ئوخشاش كۈچكە تولىدۇ. 50 ياشقا كىرگەن كىشى قوزىغا ئوخشاش يۇۋاش بولۇپ، ئويۇن ـ تاماشىلارنى تاش-لايدۇ. 60 ياشقا كىرگەندە توگىگە ئوخشاش قەيەرگە يېتىلسە، شۇ يەرگە ماڭىدۇ، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

شۇندىن كېيىن ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. پادىشا ئوغلىدىن:

تېپىپ كەلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. بالىسى:

ـ تېپىپ كەلدىم. ئاتا، بۇ دىگىنىڭىز ھايۋان ئەمەس ئىكەن، ئادەم بالىسى ئىكەن. بۇ نەرسىلەرنى ماڭا بىر قىز ئېيتىپ بەردى، ـ دەپتۇ.

پادىشا ئىچىدە: "مانا شۇ ئەقىللىق قىز ئىكەن" دەپ ئويلاپتۇ. كوپ ئۆتمەي بۇ قىزنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەقىلسىز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىز ئېرىگە زېرىكمەي ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۇنى ياخشى ئىشلارغا باشلاپتۇ. يۇرتنى بىر زامان ئادىللىق بىلەن سوراپ ئالەمدىن ئوتۇپتۇ.

بىر جاڭگاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاجايىپ بوغان ھېرى بىر توغراقنى كېلىپ قونۇپتۇ. بوۋاي ھاسىسى بىلەن دوڭغاقلاپ كېلىپ، ئەتراپقا شۇنداق قارىسا، مال ـ چارۋا دىگەن مىغىلداپ يايلىغان، قويلارنىڭ ئۈستىدە توغايلار ئۈگىلىغان، سۈلۈق، ئوتلۇق... شۇنداق چىرايلىق بىر جاڭگال. قاغا توغراقنىڭ تۈۋىدىكى كامانىڭ يېنىغا چۈشۈپ:

ــ خوش، بوۋاي، قېنى ئىلتىپات قىلىسىلا، ـ دەپ ئۇيىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. بوۋاي:

ــ بۇ كاماغا مەن قانداق پاتىمەن؟ ـ دەپتۇ. قاغا:

ــ قېنى، قەدەملىرىنى قويسىلا، بىر گەپ بولا، ـ دەپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي "خەير" دەپ شۇنداق قەدەم تاشلىغاننى بىلىپتۇ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ، كوزلىرىگە ھەرخىل يورۇقلۇق كورۇنۇپ، قۇلاقلىرىغا خىلمۇ ـ خىل يېقىملىق ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ، ئالدىغا ئۈنچىلەر چېچىلىپ، قۇلۇپلار جاراڭلاپ، چوڭ ئىشىكلەر ئېچىلىپتۇ، قارىسا بوۋاي بىر بوستانلىقتىكى سۇپىغا كېلىپ قاپتۇ. قاغا بوۋاينى سۇپىنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىپتۇ، ئوزى سۇپىنىڭ بىر چېتىدىكى پۇتلىرىغا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر يامىشىپ كەتكەن بىر كۈرسىنىڭ① ئۈستىگە قونۇپ:

ــ مەن بولسام قاغىلارنىڭ خىزىرى، شۇنداق بولسىمۇ ئادىتىمىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، سىزگە يولۇقۇپ قالدىم... خەير، ۋەدىگە ۋاپا قىرراق! ـ دەپتىكەن، سۇپىنىڭ ئالدىغا بىر قارا ئېشەك پەيدا بوپتۇ. قاغا:

ــ مانا بۇ ئېشەك سىزگە ۋاپالىق سوغىسى. سىز بۇ ئېشەككە

① كۈرسا ـ ئورۇندۇق.

قاغا ئۇز كويىدا قاپتۇ، قارىسا بارماقلىرى بوۋاينىڭ ئاغزىغا قىسىلىپ قاپتۇ. قاغا دەررۇ بىر ھىلە ئويلاپ: "مۇبارەك بولسۇن تىرىلىپ قالغانلىرىغا بوۋاي!" دەپتۇ. بوۋاي "ھىم" دەپ ئاغزىنى شۇنداق ئېچىشىغا قاچاقچى بولغان قاغا ئەمدى ئۇزىنى بوۋاينىڭ چاڭگىلىدا كورۇپتۇ. ئاخىر قاغا:

باش - كوزىڭىزنىڭ سادىغىسى بولاي، مېنى قويۇپ بەرىڭىز! - دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— تاس قالدىم كوزۇمنىمۇ ساڭا سادىغا قىلغىلى، ئەمدى سېنى قويۇپ بېرىش دىگەن نەدىكى گەپ، - دەپ ئۇنۇماپتۇ بوۋاي.

— مەن سىزنى تۇگىمەس دۇنياغا يەتكۇزۇپ قوياي... - دەپ يەنە يالۋۇرۇپتۇ قاغا:

— مەن چىرايلىق سوزلەرگە ئالدىنىپ، قېرىغاندا مۇشۇ كۇنلەرگە قالغان، ئەمدى ئومرۇمنىڭ ئاخىرىسىدا ساڭا ئالدىنىپ نەگە باراي، - دەپتۇ بوۋاي.

— مەن بولسام قاغىلارنىڭ ئەڭ قېرىسى، يېشىم بولسا مىڭدىن ئاشتى. ئاخىرقى ئومرۇمدە ۋەدەمگە شۇنداق بىر ۋاپا قىلىپ ئوتەيكى ئادەم بالىسى مېنى بىر بىلىپ قالسۇن - ...دەپ كوسا ئىڭەكلىرىنى بوۋاينىڭ ئوتۇندەك بارماقلىرىغا سۇركەپ يىغلاپتۇ. "قېرى - قېرىنىڭ قاياشى" دىگەندەك بوۋاينىڭ كوڭلى ئېرىپ: "خەير، بۇنىمۇ بىر كورۇپ باقاي" دەپ قاغىنى قويۇپ بېرىپتۇ. قاغا ئىنتايىن خوش بولۇپ، تازىم قىلىپ:

— قېنى، مېنىڭ ئارقامغا كىرىپ مېڭىڭ، - دەپتۇ قاغا.

قاغا بىردەم ئۇ دەرەخقە، بىردەم بۇ دەرەخقە قونۇپ، ئاخىرى

دەپتۇ، ئېشەك جىم تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىم دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم تۇرۇپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم يەنە دەپتۇ، ئېشەك يەنە جىم، ئاخىرى كالتەك بىلەن راسا بىرنى ئۇرۇپ، ۋاقىراپ دەپتۇ، ئېشەك تاياقنى چىدىماي بىر ئىنجىقلاپتىكەن، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تىكىلىپ ئولتۇرغان پادىشا تېزەك ئاستىدا قاپتۇ.

پادىشا غەزەپكە كېلىپ "جاللات!" دەپ ۋاقىراپتۇ، بىراق ئەتراپىغا قارىسا جاللات يوق، "كىمگىنى ئەخمەق قىلىسەن! هە!" دەپ بوۋاينى تازا ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋېتىپ كېتىپتۇ......

بىچارە بوۋاي ئەتىسى كوزىنى ئاچسا، موماي ھەم يىغلاپ، ھەم تاپا ـ تەنە قىلىپ بېشىدا ئولتۇرغىدەك. بوۋاي چىشىنى چىشلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېشەككە مىنىپ جاڭگالغا يول ساپتۇ. قاغىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بايان قىپتۇ. قاغا بوۋاينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن "قىرراق" دەپتىكەن، دەررۇ بىر سۇپۇرا پەيدا بوپتۇ. قاغا:

ــ مانا بۇ سۇپۇرىنى ئېلىڭ! قاچانكى غىزا ـ تاماق لازىم بولسا، "ئېچىل سۇپۇرام، ئېچىل" دېسىڭىز، دەررۇ ئېچىلىپ، ئۈستىدە خىلمۇ ـ خىل تائاملار ھازىر بولىدۇ. يولدا ھېچيەردە قونماڭ، سۇپۇرىنىڭ سىرىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتماڭ، ـ دەپتۇ. بوۋاي خوشال بولۇپ، سۇپۇرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ماڭە ـ ماڭە كۈن كەچ بولۇپتۇ، يەنە ھېلىقى تۇگمەنچىنىڭكىگە چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

ــ ماۋۇ سۇپۇرىغا "ئېچىل سۇپۇرام، ئېچىل!" دىمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، ـ دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

تۇگمەنچى كېچىدە ئاستا قوپۇپ، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن

شۇنداق مىنگەندە، ئۇزىڭىزنى بىر يول ئۈستىدە كورىسىز؛ شۇ يول بىلەن مېڭىپ، كەچ قالسىڭىزمۇ يولدا ھېچكىمنىڭكىدە قونماي، ئويىڭىزگە بېرىڭ. ئەگەر دۇنيا لازىم بولسا، مۇشۇ ئېشەكنى بىر كورپىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ: "ساڭقاك① ئېشىكىم، ساڭقاك، ئالتۇن-كۈمۈش ساڭقاك!" دېسىڭىز، سىزگە ئالتۇن-كۈمۈش ساڭقاپ بېرىدۇ، لېكىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ، - دەپتۇ.

بوۋاي "خوپ" دەپ ئېشەككە شۇنداق مىنىشىگە، راست دېگەندەك، ئۆزىنى يول ئۈستىدە كورۇپتۇ. ماڭە-ماڭە كەچ بوپتۇ. ئالدىغا بىر توگمەن ئۇچراپتۇ. توگمەنچى چىقىپ "ۋاي قونۇپ كەتسىلە..." دەپ ئويىگە باشلاپتۇ. ئاخشىمى ياتاردا بوۋاي توگمەنچىگە:

— ئېشىكىمگە ئالتۇن-كۈمۈش ساڭقاك دېمەي، ئوبدان قاراپ قويسىلا، - دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

توگمەنچى كېچىدە ئاستا چىقىپ، ئېشەككە ھېلىقى كەپنى دەپتىكەن، بىر مۇنچە تەڭگە تېزەكلەپ بېرىپتۇ. توگمەنچى ئېشەكنى تېگىشىۋېلىپ، چاندۇرماي ئويىگە كىرىپ ئۇخلىۋاپتۇ. بوۋاي سەھەر تۇرۇپ، ئېشەكنىڭ ئالماشتۇرۇۋېلىنغانلىغىنى سەزمەي مىنىپ يولغا راۋان بوپتۇ، ئويىگە بېرىپ بولغان ۋەقەنى مومىيىغا ۋە نەۋرىلىرىگە سوزلەپ بېرىپتۇ. يىراق-يېقىندىكى تونۇش-بىلىشلىرىدىن زىلچە-گىلەم سوراپ كېلىپ، ئويىگە سېپتۇ ۋە پادىشانىمۇ بۇ كارامەتنى كورۇشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئېشەكنى كوپىگە چىقىرىپ، قاغا ئۇگىتىپ قويغان ھېلىقى سوزلەرنى

---

① ساڭقاك — تېزەكلەك.

— ۋاي ئاكا، قونۇپ كەتسىلە... دەپ توسۇپتۇ. بوۋاي، خەير، دەپ ئىشەكتىن چۈشۈپتۇ. يېتىش ئالدىدا:

— ماۋۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىدە بىر توقماق بار. "ئۇر توقمىقىم، ئۇر!" دېسەڭ، ئۇبدان قاراپ قويۇشىسىلا، — دەپ ئۇخلاپ قاپتۇ. تۈگمەنچى خوتۇنى بىلەن تۇلۇمنى ئاستا باشقا ئويگە ئوغۇرلاپ ئەپچىقىپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ، "ئۇر توقمىقىم، ئۇر!" دىگەن ئىكەن، تۇلۇمدىن توقماق چاچراپ چىقىپ، تۈگمەنچى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى شۇنداق ئۇرغىلى تۇرۇپتىكى، ئاللا - توۋۋىنىڭ دەستىدىن جاھاندا تۇرۇپ بولغىلى بولماپتۇ. بوۋاي يۈگرەپ چىقسا، ئىش باشقىچە.. شۇ يەردىن بوۋاي توقماققا تېخمۇ چىڭراق بۇيرۇق بېرىپتۇ. تۈگمەنچى: "ۋاي ئىشەكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرەي،" دەپ ئىشەكنى تېپىپ كەپتۇ. توقماق توختىماي خوتۇننى سىلىۋېرىپتۇ. تۈگمەنچىنىڭ خوتۇنى مىگبىر توۋۋا ئوقۇپ، سوپۇرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. توقماق يەنە توختىماپتۇ. ئۇلار: باللىمىزدىن - باللىمىزغا پەندىيات، يۈزمىڭ توۋۋا، توقماقنى توختىتىڭ، بوۋا، — دەپ نالە قىلىپتۇ. بوۋاي:

— تۇر توقمىقىم، تۇر! - دەپتۇ. توقماق توختاپتۇ. بوۋاي ھەممە نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاۋالقى ئىشىگگە مىنىپ، ناخشىسىنى دوك ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

تەلەي كەلسە بېشىمغا،
يايرىم كېلەر قېشىمغا.
توقماق يەيدۇ ئالدامچى،
توپا سالسا ئېشىمغا...

گەپنى بىر قىلىپ، "ئېچىل سۇپۇرام، ئېچىل!" دېگەن ئىكەن، سۇپۇرىدىن خىلمۇ - خىل غىزالار چىقىپ كېتىپتۇ. تۇگمەنچى باي ئۇ غىزالارنى بالىلىرى بىلەن ھاپىلا - شاپىلا يېيىشىپ، قالغىنىنى جەمقتۇرۇپ، سۇپۇرىنىمۇ تېگىشىۋاپتۇ. بوۋاي ئەتىگىنى سۇپۇرىغا زەڭ قويمايلا قويىنىغا سېلىپ، يولغا چۈشۈپتۇ. ئۆيىگە كىرە - كىرمەيلا مومايغا سۇپۇرىنىڭ سىرىنى سۆزلەپ، موماينىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆي راسلىتىپ، پادىشاغا خەۋەر بېرىپتۇ. پادىشا بۇ قېتىم ئۆزى كەلمەي ۋەزىرلىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىرلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قالغان نەۋرىلەرمۇ قولىرىنى يۇيۇشۇپ، ئىشكتە تەلمۇرۇشۇپ تۇرۇپتۇ. ھەممە تەييار بولغاندىن كېيىن، بوۋاي "ئېچىل سۇپۇرام، ئېچىل" دەپتۇ... ئىككى قېتىم دەپتۇ، ئۈچ قېتىم دەپتۇ، سۇپۇرىدىن ھېچ سادا چىقماپتۇ. ۋەزىرلەر كايىپ، بوۋاينى ئۇرۇپ يۇمۇلتىۋېتىپ،ئوردىلىرىغا قايتىپتۇ.

موماي يىغلاپ تۇرۇپ بوۋاينى يەنە تاپا - تەنە ئاستىغا ئاپتۇ. بوۋاي قانداق قىلىشىنى بىلمەي، ھەر مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپ يەنە جاڭگالغا يول ساپتۇ. بېرىپ قاغىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ۋەقەنى يەنە بايان ئەيلەپتۇ. قاغا:

—خەيىر، بۇ ئاخىرقىسى بولغاي. قىرراق...! دەپتۇ. بوۋاينىڭ ئالدىغا بىر تۇلۇم پەيدا بوپتۇ. قاغا:

—مانا بۇ تۇلۇم ئىچىدە بىر توقماق بار. قاچانكى بېشىڭىزغا كۈن چۈشىدىكەن، "ئۇر توقمىغىم، ئۇر!" دېسىڭىز، ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، دەپ يەنە باشتا ئېيتقان گەپلەرنى جېكىپ، بوۋاينى يولغا ساپتۇ. بوۋاي يەنە ھىلىقى تۈگمەن ئالدىغا كېلىشىگە تۇگمەنچى چىقىپ:

خەلقلەر ئۆز ئىچىدىن ئادىل بىر كىشىنى تېپىپ، پادىشا سايلاپتۇ.

بوۋاي بىلەن مومايمۇ مۇرادىغا يېتىپ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

بوۋاي ئۆيگە كېلىپ، موماينى قايىل قىلىپ، تونۇش-بىلىشلەرنى قىچقىرتىپ يەنە پادىشاغا يۈگرەپتۇ. پادىشا، نىمە بالاغا قالدىم بۇ ئەخمەق گادايدىن، دەپ قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئارقىدىن پادىشانىڭ تاماغا ئۆگىنىپ قالغان كوڭلى بېسىلماي يەنە "بېرىپ بېقىڭلار!" دەپ بىرنەچچە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتىپتۇ.

غىزادىن كېيىن، ئېشەكنىڭ كارامىتىنى كورسىتىپ، ياساۋۇللاردىن پادىشاغا نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى سوغا قىلىپتۇ.

پادىشا سوغىلارغا قانائەت قىلماي، نىيىتىنى بۇزۇپتۇ؛ بوۋاينىڭ ئۆيىنى قۇچقاچنىڭ ئۈگىسىنى بۇزغاندەك بۇزدۇرۇپ، ھەممە نەرسىلەرنى غەزىنىگە ئالماق بوپتۇ. بۇنى ئوردىدىكى باغۋەن قېرى ئاڭلاپ قېلىپ، بوۋايغا خەۋەر قىلىپتۇ. بوۋاي ئۆگزىگە چىقىپ تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. قارىسا، راست دېگەندەك بىرمۇنچە لەشكەرلەر كېلىۋاتقاندەك. لەشكەرلەر يېقىنراق كەلگەندە بوۋاي توۋلاپتۇ:

— ھەي! لەشكەرلەر، ئارقاڭلارغا قايتىڭلار. ئالتۇن كېرەك بولسا، ئەۋەتىپ تۇراي، بىزنى ئارامى خۇدا كۈن كورگىلى قويۇڭلار، — دەپتۇ. لەشكەرلەر ئۇنىماي باستۇرۇپ كەپتۇ. بوۋاي: خەير دەپ توقماقىقا ئەمىر بېرىپتۇ:

— "ئۇر توقمىقىم، ئۇر!"

توقماق لەشكەرلەرنى شۇنداق سالغىلى تۇرۇپتىكى، جاھان توپا-چاڭغا ئايلىنىپ، ئاران ئۈچ كىشى ئوردىغا قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ. پادىشا غەزەپكە كېلىپ، ھەممە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپتۇ. توقماقمۇ ھەممە كۈچىنى چىقىرىپ ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. خەلقلەر توقماقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپتۇ. لەشكەرلەر سايىنىڭ تېشىدەك قىرىلىپتۇ. ئوردا ئېلىنىپ، جەڭ تامام بوپتۇ. ئەل ئامان قاپتۇ.

سوراپتۇ. قۇربان ئۇزىگە ئوخشاش جاپا-مۇشەققەت چەككەن كىشىنى كورسە چىداپ تۇرالماي غەمخورلۇق قىلىدىكەن. شۇڭا، خورجۇنىدىكى ناندىن بىرئاز ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. بوۋاي يەپ بولۇپ يەنە سوراپتىكەن، قۇربان ئۇزىنىڭ ياش ئىكەنلىكىنى، بوۋايغا قارىغاندا چىدامىلىغراق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ناننىڭ ھەممىسىنى بوۋايغا بېرىۋېتىپتۇ. بوۋاي قوسىقىنى تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، قۇربانغا يېنىدىكى چوگۇننى بېرىپ، سۇ ئەكىلىشكە بۇيرۇپتۇ:

— يىگىت، سۇ ئېلىشتا چوگۇننىڭ قاپقىقىنى ئېچىشنى، ئويلەنگەندىن كېيىن ئەمگەك قىلىشنى ئۇنۇتما، — دەپتۇ.

قۇربان ئېرىنمەستىن ھەم يىراق دىمەستىن بىر چوگۇن سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي سۇنى ئىچىپ بولۇپ يەنە بۇيرۇپتۇ، قۇربان قوسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماستىن يەنە مېڭىپتۇ، بۇ چاغدا بوۋاي چاقىرىۋېلىپ:

— ئاق كوڭۇل يىگىت، سېنىڭ نىمىگە ھاجىتىڭ چۈشسە، شۇنى چوگۇندىن "قاينا چوگۇن" دەپ سورىساڭ بېرىدۇ، ھاجەت بولمىغان نەرسىنى سورىما، — دەپتۇ.

قۇربان سۇنى ئەكەلسە بوۋاي يوق. "بۇ، ئەجەپ ئىشقۇ؟!" دەپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ قۇربان. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپنى ئىستەپتۇ، ۋاقىراپتۇ، لېكىن بوۋاينى ھېچقانداق يەردىن تاپالماپتۇ. ئۇ، ھە، بۇ خىزىر ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. قوسىغى ئېچىپ كەتكەن قۇربان بوۋاينىڭ سوزىنى يادىغا كەلتۇرۇپ "قاينا چوگۇن" دەپ نان سورىغان ئىكەن، چوگۇننىڭ ئىچىدىن پوقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان بىرقانچە ئىسسىق نان چىقىپتۇ. قۇربان خوشال بولغىنىدىن

# قاينا چۆگۈن

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇنقى زاماندا بىر قېرى دېخان ياشايدىكەن، ئۇنىڭ مايسىخان دىگەن ئەمگەكچان ھەم چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. مەھەللىدىكى ياش يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مايسىخاننى ياخشى كورىدىكەن، ئەمما مايسىخان زىمىندار ماموتنىڭ-كىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىغان قۇربانىنى يارىتىدىكەن. قىز ھەردايىم قۇرباننىڭ قوي باققان يېرىگە بېرىپ ياردەملىشىدىكەن ھەم ئۇنىڭغا نەي چالدۇرىدىكەن. قۇربانمۇ: "توي قىلغىدەك پۇل تاپساملا سېنىڭ بىلەن توي قىلاتتىم" دەيدىكەن.

بىر كۈنى قۇربان ئىشلىگەن ئىشى ئۈچۈن زىمىندار ماموتتىن پۇل سورىغان ئىكەن، ئۇ: "مەندە تېخى سېنىڭ ھېساپلاشقىدەك پۇلۇڭ يوق" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى قۇربان يۇرتىدىن ۋە مايسىخاندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ، پۇل تېپىشنىڭ باشقا ئامالىنى ئىستەشكە قارار قىپتۇ، لېكىن ئۇ زامانلاردا ھەممە نەرسە ئەمەلدار-لار بىلەن زىمىندارلار قولىدا ئىكەن، كەمبەغەللەرنىڭ پۇل تېپىشىغا ھېچقانداق ئامال يوق ئىكەن، شۇڭا قۇربان ئۈچ يىل مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ پۇل تۇرماق ئىشمۇ تاپالماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قۇربان سەپەردە كېتىۋېتىپ، بىر ئاقساقال بوۋايغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بوۋاي تاماق يېمىگەنلىكىنى، قوسىغى ئېچىپ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن نان

دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان جامائەت قۇربانغا ئەگىشىپ مېڭىپتىكەن، يېرىم يولدا چوگۇننى ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ماموتقا ئۇچراپتۇ.

— چوگۇنۇمنى سېنىڭ كوك ئېتىڭغا تېگىشمەن، — دەپتۇ قۇربان.

— چوگۇننىڭ سىرىنى كورسەت، — دەپتۇ ماموت.

قۇربان جامائەت ئالدىدا "قاينا چوگۇن" دەپتىكەن، خىلمۇ-خىل نەرسىلەر چىققىلى تۇرۇپتۇ، بارغانسېرى كوپ چىقىپتۇ. ماموت ھوشىنى يوقىتاي دەپ قاپتۇ. قۇربان چوگۇندىن چىققان نەرسە-كېرەكلەرنى بىللە كەلگەن كوپچىلىككە بولۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ.

ماموت ۋەدە بويىچە كوك ئېتىنى چوگۇنگە تېگىشىپ، تېخىمۇ كوپ نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئويىگە مېڭىپتۇ. ئويىگە كېلىپ، خولۇم-خوشنا ۋە ئويدىكىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى تاقاپ، ئالتۇنلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ.

خوشنىلىرى خېلى ۋاقىت تىڭ-تىڭلاپ كورسىمۇ، ماموتتىن ھېچ دىرەك بولماپتۇ. كىشىلەر بارغانسېرى كوپىيىپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ، ئاقىۋەت ئۇلار ئويىگە كىرىپ قارىسا، چوگۇندىن ئالتۇن ئەمەس، ئەكسىچە، ناھايىتى نۇرغۇن كېسەك چىقىپ، ياۋۇز ماموتنى بېسىپ ئولتۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇندىن باشلاپ ماموتنىڭ قولىدا ئېزىلىۋاتقانلار ھەم قۇربان بىلەن مايسىخانلار ئازات بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ناخشىسىنى ئېيتىپ، چوگۈننى كوتەرگىنىچە يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. كېتىۋېتىپ "مايىسخاننى ئەمدى ئالىدىغان بولدۇم" دەپ ئويلاپتۇ.

قۇربان كەتكەندىن كېيىن، زېمىندار مامۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار مايىسخاننى ئېلىشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماپتۇ. مايىسخان بولسا، قۇرباننىڭ كېلىشىنى توت كوزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى قۇربان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قاپتۇ، خولۇم-خوشنىلىرى ناھايىتى خوشال بوپتۇ. مامۇت بايلار بولسا، "بىر چوگۈنلا ئەكەپتۇ، باشقا ھېچنىمە تاپالماپتۇ" دېيىشىپ زاڭلىق قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ ھەقىقەتەن چوگۈندىن باشقا ھېچنىمىسى يوق ئىكەن. ئۇ چوگۈندىن بىر نەرسە سورىماقچى بولۇپ، "پۇل سورايمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىرى بىر كەتمەن بىلەن ئۇرۇق سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوزيەر ئېچىپ، دېخانچىلىق قىپتۇ. مايىسخان ئۇنىڭغا ياردەملىشىپتۇ. كۈزلىگى مول ھوسۇل ئاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يىمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە توي جابدۇق تەييارلاپ ئىككىسى توي قىلىشىپتۇ.

قۇرباننىڭ ھېكمەتلىك چوگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇرباننىڭ ئويىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قۇرباننىڭ مامۇتقا چوگۈننى بېرىشكە كوڭلى ئۇنىمىسىمۇ، ھامان ئۇنىڭ تارتىۋالىدىغانلىغىنى سېزىپ، دېخانچىلىققا ئىشلىتىدىغان قوراللارغا تېگىشىشنى ئويلاپتۇ. مايىسخان قۇرباننى چاقىرىۋېلىپ:

— مامۇتنىڭ كوك ئېتىغا تېگىشىڭ، يەر تېرىغاندا ئىشلىتىمىز، —

بەختى بايلارنىڭ زۇلمىنى كوپ كورگەچكە، كەمبەغەل - يوق-سۇللارغا جان كويەر يىگىت بولۇپ ئوسۇپتۇ. كەمبەغەللەردىن كىم ئاغرىپ - تارتىپ قالسا، ھىچقانداق ھەق ئالماي ئۇلارنى خاسىيەتلىك تاش بىلەن ساقايتىپ قويىدىكەن. كەمبەغەللەرمۇ بەختنى ناھايىتى ياخشى كورىدىكەن. ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەگ تاشنى قولىغا كىرگۈزۈشنىڭ كويىغا كىرىپتۇ. بەگنىڭ قارا-نىيىتىنى بىلگەن بەختى باشقا يۇرتقا باش ئېلىپ كېتىپتۇ.

نەچچە كونلەپ يول يۇرۇپتۇ، يۇرگەنىدىمۇ مول يۇرۇپتۇ، تاغلارنى ئېشىپ، چوللەرنى بېسىپ، دەريالارنى كېچىپتۇ. شۇنداق مېڭىپ كېلىۋېتىپ، يولدا يېرىمجان بولۇپ ياتقان بىر چاشقاننى كورۇپتۇ ۋە: "بۇمۇ خۇدانىڭ بىر مەخلۇقى، ساقايتىپ قويااي" دەپ ئويلاپ بېلىدىكى قاپىقىدىن سۇ ئېلىپ، تاشنى چايقاپ چاشقانغا ئىچكۈزگەن ئىكەن، ئۇلەر ھالدا ياتقان چاشقان شۇ ھامان سىلكە-نىپ قوپۇپ، بىر ئايلىنىپتۇ ۋە زۇۋان چىقىرىپ:

— ئوزۇق ئىزلەپ يۇرگۇنۇمدە بىر ھارۋا،
بېسىپ كېتىپ مېنى قويدى بۇ ھالغا.
قۇتۇلدۇردۇڭ يىگىت مېنى ئولۇمدىن،
نىمە كېرەك ساڭا ئېيتقىن كوڭلۇڭدىن؟ — دەپتۇ.

بەختى:

— كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا ھىچنىمە،
كەت ئوۇگاڭغا، مېنىڭدىن سەن غەم يىمە.

— دەپ يولىغا مېڭىپتۇ. ئەمما چاشقان بەختنىڭ ئالدىغا ئوتۇپ:

— بېرەي دىسەم يوقتۇر ئالتۇن، كۇمۇچۇم.

# خاسىيەتلىك تاش

بۇرۇنقى زاماندا بەختى ئىسمىلىك بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئانىسى تۇگەپ كېتىپتۇ. ئانچە ئوتمەي دادىسىمۇ ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا بەختىنى قېشىغا چاقىرىپ، كاڭنىڭ تېگىدىن ساقىدەك بىر تاشنى ئېلىپ:

— بالام، بۇ خاسىيەتلىك تاش، مەندىن ساڭا قالىدىغان مىراس مۇشۇ. مەن بەگنىڭ جاگزىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇلاقتا بىر نىمجان بېلىق لەيلەپ قاپتىكەن. بېلىقنى ئىچىم ئاغرىپ، ھەر كۈنى نان تاشلاپ بېرىپ ساقايتقان ئىدىم، بۇ تاشنى ئەنە شۇ بېلىق ماڭا بۇلاقنىڭ تېگىدىن ئەپچىقىپ بەردى. بېلىق تاشنى بېرىۋېتىپ: "سەن ماڭا كوپ ياخشىلىق قىلدىڭ، ياخشىلىققا ياخشىلىق، بۇ تاشنى ئال، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، بۇ، دۇنيادىكى 77 خىل دورىدىن ياسالغان تاش، جېنى تېنىدىن چىقمىغان ھەرقانداق كېسەلگە مۇشۇ تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئىچكۈزسە، سەللىمازا ساقىيىدۇ" دىگەن ئىدى. مەن بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۆزەمگە ئىشلەتمەيمەن، چۈنكى، ساقىيىپ يەنە بەگنىڭ زۇلمىنى يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ-دە، تاشنى بەختىگە بېرىپ جان ئۈزۈپتۇ.

— دەپ تىلىنى ئۈزۈپ، بەختىگە بىرىپ كېتىپتۇ. بەختى بۇنىمۇ پوتىسىغا تۈگۈپتۇ-دە، يولىنى داۋام قىپتۇ. يەنە مەنزىل ئېشىپ كېتىپ بارسا، بىر نەرسىنىڭ "غوڭ-غوڭ" قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، ئەمما ئۆزى كورۈنمىگىدەك، شۇنداق قارىسا، قاناتسىز بىر ھەرە ئۇچالماي پىقىراپ ياتقىدەك. بەختى ھەرىگىمۇ خاسە-يەتلىك تاشنىڭ سۈيىنى ئىچكۈزۈپتۇ، ھەرە بىردەمدىلا قانات چىقىرىپ، بەختىنىڭ بېشىدىن نەچچە ئايلىنىپ ئۇچۇپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

— قامچا تېگىپ ئايرىلغاچقا قاناتتىن،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچالماستىن ياتاتتىم.
قانات بىرىپ قۇتۇلدۇردۇڭ ئازاپتىن،
تارتىنمىغىن، نىمە كېرەك ئېيت مەندىن؟

بەختى:

كېرەك ئەمەس سەندىن ماڭا ھېچنىمە،
گۈل تېرىپ يەپ ئەلگە ھەسەل بىرىشۇە، — دەپ

ئۆز يولىغا مېڭىپتۇ، ئەمما ھەرە بېشىدا غوڭۇلداپ بىللىلا ئۇچۇپ كېلىۋاتقىدەك، بەختى توختاپتۇ. شۇ چاغدا ھەرە:

— توختاپ تۇرغىن سەۋىر قىلىپ ئادىمىزات،
ھېچبولمىسا يۇلۇپ بىرەي بىر قانات.
ئېغىر كۈنلەر چۈشەر بولسا بېشىڭغا،
شۇنى كويدۇر، مەن بولىمەن قېشىڭدا.

— دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ياخشى ساقلا، سوغام بولسۇن بىر تۈكۈم.
ئېغىر كۆڭلەر چۇشەر بولسا بېشىڭغا،
كويدۇر تۈكنى، مەن بولمەن قېشىڭدا.

— دەپ بىرتال تۈكنى بەختىگە بېرىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. بەختى تۈكنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. يەنە خېلى كوپ يوللارنى باسقاندىن كېيىن، ئالدىدا تولغىنىپ ياتقان بىر ئىمجان ئىلان ئۇچراپتۇ. بەختى "بۇمۇ خۇدانىڭ بىر جانۋارى" دەپ ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك تاشنىڭ سۈيىدىن ئىچكۈزۈپتۇ، هايال ئوتمەي ئىلانمۇ سەللىمازا ساقىيىپتۇ. ساقىيىپتۇ-دە، قۇيرۇغى بىلەن تىك كوتۈرۈلۈپ، بەختىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— كېتىپ بارسام ئات دەسسىدى بېلىمدىن،
بەك قينالدىم جېنىم چىقماي تېنىمدىن.
كېلىپ ئولەي دىگىنىمدە جان بەردىڭ،
تارتىنمىغىن نىمە كېرەك مېنىڭدىن؟

بەختى ئىلانغا قاراپ:

— سورىمايمەن سەندىن ئىلان، هىچنىمە،
خوش قال ئەمدى، مېنىڭدىن سەن غەم يەمە.

— دەپ مېڭىپتۇ.

ئىككى چامدام ماڭماي ئىلان بەختىنىڭ ئالدىنى توساپ:

— سورىمساڭ هىچنەرسىنى مېنىڭدىن،
بىردەم توختا، ساڭا بېرەي تىلىمدىن.
ئېغىر كۆڭلەر چۇشەر بولسا بېشىڭغا،
كويدۇر تىلنى، مەن بولمەن قېشىڭدا.

خاسىيەتلىك تاشنى ئوغۇرلاپتۇ. توپ - توغرا ئوردىغا بېرىپ پادىشاغا:

— قىزىڭىزنى مەن ساقايتىمەن، - دەپتۇ.

پادىشا خوشاللىغىدىن قىن - قىنىغا پاتماي يىگىتنى قىزنىڭ هوجرىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ. يىگىت خاسىيەتلىك تاشنى چايقاپ سۈيىنى ئاغزىغا تېمىتقان ئىكەن، قىز سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. پادىشا قول ئاستىدىكى ۋەزىر، ئۆلىمالىرىغا دەرهال توي تەييار-لىقى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدە پۈتۈن شەهەرگە پۇر كېتىپتۇ. ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان بەختى ناهايىتى غەزەپلىنىپتۇ. بىراق، ھىلىقى ساختىپەز دوستى پادىشاغا كۈيوغۇل بولۇش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭغا قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن؟ بۇنى ئويلاپ بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، بىردىنلا يولدىكى چاشقان، ئىلان، هەرىلەرنىڭ بەرگەن سوغىلىرى ئېسىگە چۈشۈپتۇ. بەختىدە ئۈمىت پەيدا بوپتۇ. چاشقاننىڭ تۈكىنى كويدۇرگەن ئىكەن، هايال ئۆتمەي چاشقان هازىر بوپتۇ.

— بېشىڭغا نىمە كۈن چۈشتى؟ - دەپ سوراپتۇ چاشقان.

بەختى بېشىدىن ئۆتكەننى ئەيتىپ بېرىپتۇ. چاشقان ئەهۋالنى ئۇققاندىن كېيىن:

— تاڭ ئاتقاندا تاش قولۇڭدا بولىدۇ، - دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بەختى "تاش قولۇمغا كىرسىلا يەنە بىر ئامال قىلىمەن" دەپ ئويلاپتۇ. بىر چاغدا ئويدە ۋىچىرلىغان ئاۋاز پەيدا بوپتۇ، قارىسا چاشقان بەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىدىن تاشنى چىقىرىپ، خوشلىشىپ كوزدىن غايىپ بولۇپتۇ.

بەختى ئىلاننىڭ تىلىنى كويدۇرگەن ئىكەن، دەرهال ئىلان

بەختى يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىۋارسا، ئۆزى قۇراملىق بىر ياش يىگىت يول ئۈستىدە ئىگراپ "ئاھ" چېكىپ ياتقىدەك. ئاغرىقىنىڭ ئازاۋىدىن رەڭگى پۇرۇشۇپ كوزلىرى ئولتۇرۇشۇپ. كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كېتىپتۇدەك. بۇنى كورۇپ بەختىنىڭ يۈرىگى ئېچىشىپ كېتىپتۇ. دەرھال تاشنى چايقاپ سۇيىنى ئىچكۈزگەن هامان ئۇمۇ سەللىمازا ساقىيىپتۇ ۋە بەختىگە كوپ رەخمەت ئېيتىپتۇ.

— بۇرادەر، مېنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، — دەپتۇ يىگىت، — بۇ خالىس ياخشىلىغىڭ ئۈچۈن ساڭا ئومۇرۋايەت قۇل بولىمەن.

— مەن ئاتا - ئانىسىز بىر يىتىم مۇساپىر مەن، باشقىلارنى قۇل قىلىشنى خالىمايمەن. ئەگەر ساڭا ماقۇل كەلسە، ئومۇرلۇك دوست بولايلى.

بەختىنىڭ بۇ تەكلىۋى يىگىتكىمۇ ماقۇل كەپتۇ. ئىككىسى جان دوست بولۇپ يولغا چۈشۈپتۇ. تاپقىنىنى تەڭ يەپ، تاغ - داۋان، چول - جېزىرىلەرنى بېسىپ ئوتۇپ، بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەر شۇ مەملىكەت پادىشاسىنىڭ پايتەختى ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ بىر قىزى بولۇپ، 15 يىلدىن بېرى ئېغىر كېسەل ئىكەن. پادىشا قىزىنى تولىمۇ ياخشى كورىدىكەن. ئۇنىڭ قىلمىغان ئامالى، كورسەتمىگەن تېۋىپى قالماپتۇ، قىز ساقايماپتۇ. ئاخىرى پادىشا: "ئەگەر كىمدە - كىم قىزىمنى ساقايتسا، شۇ كىشىگە قىزىمنى ھەم پادىشالىغىمنى بېرىمەن" دەپ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىگە جاكا قىلغىنىغا 3 — 4 ئاي بوپتۇ، لېكىن بۇ كېسەلگە داۋا قىلىدىغان كىشى تېپىلماپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ھىلقى يىگىتنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ - دە، پەيتنى تېپىپ، بەختىدىن

يوقلىغىنى سىنايىز. بۇلىڭ شەرتى ئات ۋە ھەممە جابدۇق-سايمانلىرى ئوخشاش بولغان قىرىق مەپىنى يىگىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزىمىز. مەلىكىنىڭ قايسى مەپىدە ئىكەنلىكىنى تاپالىسا، بۆرۈنقى شەرتنى ئادا قىلالايلى، — دەپتۇ.

بەختى پادىشادىن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا ۋەدە ئېلىپ، بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىپتۇ. ھەرىنىڭ قانىتىنى كويدۇرگەن ئىكەن شۇ ھامان ھەرە كېلىپ بەختىنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. ھەرە بەختىدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سەن غەم قىلما. مەپىلەر ئۆتكەنىدە مەن قايسى ئاتىنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرسەم شۇ مەپىنى تۇت، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ، بىر-بىرىگە ئوپمۇ-ئوخشاش قىرىق مەپە كېلىۋاتقىدەك. بەختى كوزىنى ئوبدان ئۆگۈلۈۋېتىپ، مەپىلەرگە قېتىلغان ئاتلارغا زەڭ قويۇپ قاراپتۇ: بىر مەپە ئۆتۈپتۇ، ئىككى مەپە ئۆتۈپتۇ، ھەرە كورۇنمەپتۇ، 20 — 30 مەپىمۇ ئۆتۈپ بوپتۇ، بەختى جىم تۇرغىدەك. مەيدانغا يىغىلغان خەلقلەر ھاياجانغا چۈشۈپتۇ، بەختىمۇ ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ. 38 — مەپىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. 39 — مەپە ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئاتنىڭ بېشىدا غوڭۇلداپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغان ھەرىنى كورۇپتۇ-دە، بەختى يۈگۈرۈپ بېرىپ مەپىگە چىقىپتۇ، قارىسا مەپىنىڭ ئىچىدە مەلىكە ئولتۇرغىدەك. بەختى مەپىنى ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ ھەيدەپتۇ. مەيدانغا يىغىلغان خەلقمۇ مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپتۇ. پادىشا پۈتۈن خەلق ئالدىدا بەرگەن ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدىن يانالماي تەختتىن چۈشۈپ، بەختىگە پادىشالىقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بەختى قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ، مەلىكىنى ئاپتۇ ۋە ئادالەت بىلەن يۈرت سوراپتۇ.

پەيدا بولۇپ بەختىگە: "مەندىن ساڭا قانداق ياردەم كېرەك؟" دەپتۇ. بەختى بولغان ئەھۋالنى ئەيتىپتۇ. ئىلان بىرئاز ئويلىنىپ:

— سەن پادىشانىڭ قىزىنى ئالسەن، پادىشامۇ بولىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تاشنى ئېلىپ قاچقان قاراقچىنى زەھىرىم بىلەن چېقىپ ئۆلتۈرۈمەن، ئاندىن كېيىن پادىشانىڭ قىزىنى چاقىمەن. ئۇنى سېنىڭ قولۇڭدىكى خاسىيەتلىك تاشتىن باشقا ھېچنەرسە ساقايتالمايدۇ — دەپتۇ.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر - ئۆتمەيلا پۈتۈن شەھەردە: "پادىشاغا كۈيوغۇل بولىدىغان يىگىت ئۆلۈپ، قىزى يەنە بۇرۇنقى كېسەل ھالغا كېلىپ قاپتۇ" دىگەن سۆز تاراپتۇ.

ئەتىسىگىلا جاكاچىلار يەنە كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ، پادىشانىڭ پەرمانىنى ئاڭلىتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بەختى ئوردىغا بېرىپ، پادىشاغا: قىزنى ساقايتىدىغانلىقىنى ئەيتىپتۇ. پادىشامۇ بۇنىڭغا كونۇپ، ئۇنى قىزىنىڭ ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. بەختى قىزنى ساقايتىپتۇ. قىز كېلىشكەن بۇ زېرەك يىگىتنى كورۇپ ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بەختىمۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. بۇلار سىردىشىپ - مۇڭدىشىپ، خوشال - خورام پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. ئەمەلدارلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، مەختىنىڭ كەمبەغەللىگىنى بانا قىلىپ، پادىشانى ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ. پادىشا باشتىكى پىكرىدىن قايتىپ، بەختىگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بەرمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەختى، مەلىكە ۋە شەھەر خەلقى پادىشاغا قاتتىق نارازى بوپتۇ. خەلقنىڭ نارازىلىقىنى ئاڭلاپ، پادىشا بىلەن ئەمەلدارلار ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، كېڭىشىپ بەختىگە شەرت قويۇپتۇ:

— بۇ يىگىت تىۋىپلىقتا تېڭى يوق ئىكەن، بىراق ئەقلى بار-

ئۈچ بالىدىن ھېچقايسىسى ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ سۇندۇ-
رالماپتۇ. بوۋاي ئاخىرى:
ئەمدى ئۈچۈڭلار بىر بولۇپ سۇندۇرۇڭلار، - دەپتىكەن. باللار
ئۈچى بىرلىشىپ ھېلىقى تاياقلارنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن
بوۋاي:
- ھە، بۇنىڭ خىسلىتىنى چۈشەندىڭلارمۇ؟ بۇ ئۇم بولۇپ،
بىرلىشىپ كۈچ چىقارغاننىڭ نەتىجىسى. دېمەك، مېنىڭ بىرىنچى
ۋەسىيىتىم شۇكى، مەندىن كېيىن قالساڭلار بىر-بىرىڭلار بىلەن
ئىناق ئۆتۈڭلار، ئۇم بولۇپ ياشاڭلار، ئەنە شۇ ۋاقىتتا سىلەر ھېچقان-
داق مۇشكۇللۇكتىن قورقمايسىلەر. ئۆمرۈڭلار ياخشى ئۆتىدۇ.
ئەمدى ئىككىنچى ۋەسىيىتىم شۇكى، ناننى تەمسىز يېمەڭلار.
ھەسەل بىلەن قوشۇپ تاتلىق قىلىپ يەڭلار.
ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى سىلەرگە ئېيتمايمەن. ئاۋال سىلەر ئاشۇ
ئىككى ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلىپ كۆرۈڭلار، لېكىن بۇنىڭ نېتى-
جىسىنى كۆرەلمىسەڭلار، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلاردىن سوراڭ-
لار. مەن بۇ ۋەسىيىتىمنى ئاناڭلارغا تاپشۇرۇپ قويدۇم. قاچانكى
بېشىڭلارغا كۈن چۈشكىدەك بولسا، ئۈچىنچى ۋەسىيىتىم سىلەرنىڭ
بېشىڭلارنى ئوڭلايدۇ.
بوۋاي بۇ ۋەسىيەتلەرنى دەپ، ئۇزۇن ئۆتمەي، دۇنيادىن
كۆز يۇمۇپتۇ.
ئاتىدىن ئايرىلغان ئۈچ بالا ئاتىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بىر-
بىرى بىلەن ئىناق، ئۇم بولۇپ ياشاپتۇ، بىراق بۇلار بىرەر ئىشنىڭ
بېشىنى تۇتقان باللار ئەمەس ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرەر
ئىش-ئوقەتنىڭ تايىنى يوق. بۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ ئىككىن-

# ئۈچ ۋەسىيەت

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ-دە، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بالىلىرىغا مۇنداق ئۈچ ۋەسىيەت قالدۇرۇپتۇ. بوۋاي ۋەسىيەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ بالىسىغا:

— باققا چىقىپ ھەر بىرىڭلار ئىككىدىن تاياق سۇندۇرۇپ ئەكېرىڭلار. يوغانلىقى بارماقتەك، ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچ بولسۇن، — دەپتۇ.

بالىلار ئاتىسىنىڭ سوزى بىلەن ئىككىدىن ياغاچ سۇندۇرۇپ ئەكىرىپ، ئاغرىق ياتقان بوۋاينىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپ ۋەسىيىتىنى باشلاپتۇ بوۋاي، — ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە باردى. ناۋادا ياخشى كۈنىڭ يامىنى بولۇپ، قازا يېتىپ قالغىدەك بولسا، بۇ پانى دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىق قەرزىم بىلەن سىلەرگە ئۈچ تۈرلۈك ۋەسىيەت تاپشۇرىمەن. ئالدى بىلەن ھازىر باغدىن ئېلىپ كىرگەن تاياقلارنى ھەر بىرىڭلار بىردىن سۇندۇرۇسىلەر، قېنى، سۇندۇرۇڭلار!

بالىلارنىڭ ھەر بىرسى بىردىن تاياقنى سۇندۇرۇپتۇ. بۇنى كورگەن بوۋاي:

— خوش، ئەمدى قالغان ئۈچ تاياقنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرىڭلار سۇندۇرۇپ بېقىڭلار! — دەپتۇ.

بىرەر ـ ئىككى ئاي ھەلىقى يامبۇنى ئىزلەپ باغدىكى پۈتۈن مېۋى-لەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ بوپتۇ، لېكىن يامبۇ تېپىلماپتۇ. نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنمىغان مېۋىلەر مۇشۇ ئاتا بىلەن تۈۋى يۇمشىتىلغاچقا، بۇ يىلى شاخ ـ شېخىنى كوتىرەلمىگىدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا بالىلىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بالىلىرىم، يامبۇنى ئىزلەپ ئاۋارە بولماڭلار. ئاتاڭلارنىڭ ئىككىنچى ھەم ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى باشقا يەردە ئىدى، ناننى ھەسەلگە ئارىلاشتۇرۇپ يەڭلار، دېگىنى ئەمگەك قىلىپ، تەر تۆكۈپ نان يەڭلار دېگىنى، چۈنكى، ئىشلەپ چارچاپ يىگەن نان ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بولىدۇ. ئۆزەڭلار سەزگەنسىلەر، سىلەر باغدا ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن، مەن ئېلىپ چىقىپ بەرگەن قاتتىق ـ قۇرۇق ناننى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يىگەندىنمۇ ھوزۇر-لىنىپ يىدىڭلارغۇ. دىمەك، ئاتاڭلارنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى ئەنە شۇنداق. راستىنى ئېيتقاندا يامبۇ كۆمۈپ قويغان دېگەن گەپ يالغان. سىلەر ئەنە شۇ يامبۇنى ئىزلەپ تاپىمىز دەپ باغدىكى بارلىق مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىپ قويدۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى پەرۋىش قىلىنماي كەلگەن مېۋىلەر بۇ يىل باشقىچە ئوخشاپ كەتتى. ئەنە، ئاتاڭلار دېگەن يامبۇ شۇ.

چى ۋەسىيىتىنى، يەنى، "ناننى ھەسەلگە قوشۇپ يەڭلار" دىگىنىنى قىلىمىز دەپ ئۆيىدىكى بار - يوقىنى سېتىپ ھەسەل يەپ تۈگە-تىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتقان. باللار ھېچبىر ئىلاج تاپالماي ئاخىرى ئانىسىغا ئاتىسىنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيىتىنى ئەيتىپ بېرىشىنى سوراپتۇ. ئانا باللىرىنىڭ بېشى قاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۈچىنچى ۋەسىيەتنى ئەيتىپ بېرىپتۇ:

— باللىرىم، ئاتاڭلارنىڭ ئۈچىنچى ۋەسىيتى، ئاتاڭلار سىلەر-نىڭ بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە لازىم بولار دەپ باقىقا كۆمۈپ قويغان بىر خالتا يامبۇنى ئىزلەپ تېپىش. بىراق، ئاتاڭلار رەھمەتى ئۇ يامبۇنىڭ نەگە كۆمۈلگىنىنى ئېيتمىغان ئىدى. ئىش قىلىپ، باغدىكى مېۋىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ يېنىغا كۆمۈلگە ئوخشايدۇ. كەتمەن - گۈرجەكنى ئىشقا سېلىپ، شۇ يامبۇنى كولاپ تېپىڭلار.

بۇنى ئاڭلىغان باللار كەتمەن - گۈرجەكلەر بىلەن باغدىكى مېۋىلەرنىڭ تۈۋىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. باللار چۈشكىچە كولاپتىكەن، ناھايىتى چارچاپتۇ. قوساقلىرى تازا ئېچىپتۇ. شۇن-داق چاغدا ئانىسى ئۆيدىكى قاتتىق - قۇرۇق نانلارنى بىر چوگۈن قايناقسۇ بىلەن ئەكىلىپ بېرىپتىكەن، بۇلار ئىلگىرى - كېيىن ئېچىل-مىغان ئىشتەي بىلەن يەپتۇ. بۇ نان بىلەن قايناقسۇ شۇنچىلىك تاتلىق تېتىپ كېتىپتىكىن، بۇرۇن ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ يىگەن نانلىرى بىلەن ئېسىل تاماقلىرىمۇ بۇنىڭدەك لەززەتلىك بىلىنمەپ-تىكەن.

باللار تاماقتىن كېيىن يەنە ئىشقا چۈشۈپتۇ. ئىشتىن كېيىن قاتتىق - قۇرۇق ناننى يەنە ھوزۇرلىنىپ يەپتۇ. شۇنداق قىلىپ،

تاماشا قىلمايمەنمۇ، دادام كېلىپ مەندىن تۇخۇمنىڭ پۇلىنى سورى-سا، تۇغماس توخۇ ئىكەن، دېمەمدىمەن" دەپ تۇخۇمنىڭ پۇللىرىنى خەشلەشكە باشلاپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ئۆدەك تۇخۇملىرىنى، ئاندىن ئۆدەكنىمۇ سېتىپ خەشلىۋېتىپتۇ. ئۇ: "دادام كېلىپ سورىسا، ئۆدەكنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى، دەپ جاۋاپ بېرەرمەن" دىگەن خىيالغا كەپتۇ. كىچىك ئوغلى غازنىڭ تۇخۇملىرىنى يىغىپ، ئۇنى باسۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاۋال غازنى كوپەيتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ تۇخۇملىرىنى زايە قىلماي سېتىپ، خېلى نۇرغۇن پۇل يىغىپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىن، دادىسى سەپەردىن قايتىپ كەپتۇ، كېلىپلا چوڭ ئوغلىدىن تاپشۇرغان ئىشنىڭ نەتىجىسىنى سوراپتۇ. چوڭ ئوغلى تەييارلاپ قويغان جاۋاۋىنى بېرىپتۇ. دادىسى كوڭلى-دە: "سەن ئادەم بولماپسەن، كېيىنكى كۈندە ماڭا ئەسقاتمايدى-كەنسەن" دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىدىن سوراپتۇ. ئۇمۇ: "ئۆدەك تۇخۇم تۇققىچە ئوغرى ئېلىپ كەتتى" دەپ يالغان سوزلەپتۇ. بۇنىڭغىمۇ گەپ-سوز قىلماستىن، كوڭلىدە: "سەن كېيىنكى كۈنلۈكتە ماڭا ئەسقىتىشىڭ بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۆزەڭنىڭ جېنىنى جان ئېتەلمەيدىكەنسەن"دەپتۇ. كىچىك ئوغلىدىن سوراپتۇ. ئۇ دادىسىغا تۇخۇم سېتىپ يىققان پۇللىرىنى بېرىپتۇ، ئاندىن كوپەيتكەن غازلىرىنى كورسىتىپتۇ. دادىسى كىچىك ئوغلىدىن خوش بولۇپ، كوڭلىدە: "مانا، سەن ئادەم بولىدىكەنسەن" دەپتۇ.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئوتۇپتۇ. ئوغۇللار ئويلىنىدىغان بوپتۇ. دىخان ئاۋال ئىككى چوڭ ئوغلىنى، ئاندىن كىچىك ئوغلىنى ئويلەپ قويۇپتۇ. دادىسىنىڭ ئويلىغىنىدەك، ئىككى چوڭ ئوغلى

# ئۈچ ئوغۇل

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇن زاماندا بىر دېخان ئۆتكەن ئىكەن. بۇ دېخاننىڭ تۇرمۇشى ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇ باشقا يەرلەرنى ساياھەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە تەييارلىنىپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. سەپەرگە چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۆز بالىلىرىغا بىر - ئىككى ئېغىز ۋەسىيەت قىلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ.

— مەن ئۇزاق سەپەرگە بېرىپ كەلمەكچىمەن. مېنىڭ سىلەرگە دەيدىغىنىم: ھەرقايسىڭلارغا بىر جۈپتىن توخۇ، ئۆدەك، غاز بېرىپ كېتىمەن. مەن سەپەردىن كەلگىچە شۇلارنىڭ تۇققان تۇخۇملىرىنى ئۆتتۈرلۈق سېتىپ، پۇلىنى خەشلىۋەتمەي يىغىپ قويۇڭلار، كېيىن ئۆزەڭلارغا كېرەك بولۇپ قالىدۇ، - دەپتۇ دادىسى. ئوغۇللىرى ماقۇل كۆرۈشۈپتۇ. چوڭ ئوغلىغا بىر جۈپ توخۇ، ئوتتۇرانچىسىغا بىر جۈپ ئۆدەك، كىچىكىگە بىر جۈپ غاز بېرىپ، ئۆزى سەپەرگە مېڭىپ كېتىپتۇ.

بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن توخۇ، ئۆدەك، غازلار تۇغۇشقا باشلاپتۇ. ئوغۇللار ئۆتتۈرلۈق سېتىپ پۇل قىلىشىپتۇ. چوڭ ئوغلىنىڭ بېشىغا مۇنداق بىر خىيال كەپتۇ: "تۇخۇمنىڭ پۇلىنى يىغىپ نىمە ئاۋارىچىلىق. دادام كەلگىچە پۇلنى خەشلەپ

# باغۋەن بوۋاي

بۇرۇن بۇرۇنسىدا بىر دېخان بولغان ئىكەن، كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ، ئۇمرىنىڭ ئاخىرىغىچە تىنماي ئىشلەپ، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشا ئوۋغا چىقىپ كېتىۋاتسا، بېلى مۈكچەيگەن، قوۋۇرغىسى كورۇنۇپ قالغان ھېلىقى دېخان ئىككى مو يەرگە كوچەت تىكىپ باغ قىلىۋاتقىدەك. بۇنى كورگەن پادىشا كۈلۈپ "ھاماقەت"دەپتۇ-دە، ئېتىنى توختىتىپ بوۋايدىن سوراپتۇ:

—ھەي قېرى، ئۇمرۈڭنىڭ غۇلچى تۈگەپ، غېرىچى قالدى، بەربىر بۇ كوچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن، ئاۋارە بولۇپ جېنىڭنى قىينىغىچە، ئارام ئالساڭ بولماسمىدى؟ -دەپتۇ.

بوۋاي پادىشاغا:

—ئۇلۇق پادىشاھىم، مەن ھازىر ئارام ئالمايمەن، مەڭگۇ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىممۇ ئاز قالدى، سىلى دىگەندەك، بۇ كوچەتلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيمەن، ئەمما مەندىن كېيىن قالغان ئادەملەر يەپ، مېنى ئەسلىشەر، شۇ چاغدا دۇنيادا مېنىڭ قىلغان جاپالىق ئەمگىكىممۇ، نامىممۇ مەندىن كېيىنكى ئەۋلاتلار بىلەن قالار دەيمەن، -دەپتۇ.

پادىشا بوۋاينىڭ سوزىگە ھەيران قېلىپ:

—باركاللا قېرى، -دەپتۇ-دە، مىڭ تەنگە ئىنئام قىپتۇ.

كۈندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ كېتىپتۇ، ئۆي ـ ۋاقلىرىنى سېتىپ خەشلەپ، يەنە دادىسىنىڭ قولىغا قاراپ قاپتۇ. كىچىك ئوغلى غازلىرىنى بېقىپ، تۇرمۇشىنى خېلى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ياخشى بېقىپتۇ. دادىسى كىچىك ئوغلىدىن بەك رازى بولۇپتۇ.

# پادىشا بىلەن قىزىقچى

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، توخۇ تۇرنىكەن، قىرغاۋۇل جەدىكەن، قۇيرىغى يەدىكەن. مانا شۇنداق كۈنلەردە بىر پادىشا بولغان ئىكەن. ئۇ، بىر كېچىسى تەختىدە يېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىش بىلەن چۈشىنى ئۇنتۇپتۇ. ئىچى پۇشۇپ، كۆڭلىگە غەم تولۇپتۇ. بىرەر ھەپتە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. شاھتىن قورقۇپ ھېچكىم گەپمۇ قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئەلىمگە چىدىمىغان شاھ باش ۋەزىرىنى چاقىرتىپ:

— شەھەر ئارىلاپ، مېنى قىزىق گەپ بىلەن كۈلدۈرىدىغان ئادەم تېپىپ كەل، ئەگەر ئۇ مېنى كۈلدۈرەلىسە يۈز تىللا بېرىمەن، كۈلدۈرەلمىسە يۈز دەررە ئۇرۇپ زىندانغا سالىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.

ۋەزىر شاھنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، شەھەر كېزىپ يۈرۈپ، بىرقانچە قىزىقچىلارنى ئېلىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆز-چۆچەكلىرى شاھنىڭ غېمىنى يېنىكلىتەلمەپتۇ. پادىشا ئۇلارنى يۈز دەررە ئۇرغۇزۇپ، زىندانغا ساپتۇ. باش ۋەزىر قورقىنىدىن يەنە كوچىغا چىقىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرسە، بىر گەپچى خەلقنى يىغىپ ھە دەپ كۈلدۈرۈۋاتقىدەك. قېشىغا بېرىپ بىردەم تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزى ۋەزىرگە غەيرى تۇيۇلۇپتۇ. ئاخىر ۋەزىرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، ھېلىقى سۆزمەن كىشىنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ.

باغۋەن بوۋاي پادىشا بەرگەن مىڭ تەڭگىنى قولىغا ئېلىپ، پۇلغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— نىمىگە كۈلىسەن؟ — دەپتۇ پادىشا.

— باشقا ئادەملەر كوچەت قويۇپ، 4 — 5 يىلدىن كېيىن مېۋىسىگە ئاغزى تەگسە، مەن قويىغان كوچىتىمنىڭ مېۋىسىگە شۇ يىلىلا ئاغزىم تەككەنلىكىگە كۈلدۈم، — دەپتۇ بوۋاي.

پادىشا بوۋاينىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىگە قايىل بولۇپ، يەنە مىڭ تەڭگە ئىنئام قىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپتۇ.

— يەنە نىمە دەپ كۈلۈۋاتىسەن بوۋاي؟ — دەپتۇ پادىشا.

— نىمىشقا كۈلمەيمەن پادىشاھىم، بارچە ئادەم يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئالسا، مەن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىنىمغا كۈلمەن، — دەپتۇ.

پادىشا قېرىنىڭ سۆزىگە تېخىمۇ قىزىقسىنىپ، يەنە مىڭ تەڭگە بېرىپتۇ. قېرى يەنە كۈلۈپ:

— يەر يۈزىدە بىر يىلى ئۈچ قېتىم ھوسۇل بېرىدىغان مېۋە تىككىنىمگە كۈلىمەن، — دەپتۇ.

ھېرىپ توختاپتۇ. پادىشانىڭ كۆلۈش ئورنىغا غەزىۋى ئېشىپتۇ. شاھ قىزىقچىغا قاراپ:

— كېپىلىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تۈگىدى شاھىم، — دەپ بويىنىنى قىسىپ تۇرۇپتۇ قىزىقچى.

پادىشا يېنىدىكى ياساۋۇللىرىغا قاراپ:

— قېنى، بۇنىڭ ئەجرىنى بېرىڭلار! — دەپتىكەن، ياساۋۇللار قىزىقچىنى بېسىپ دەررە بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. دەررە ئەللىككە يەتكەندە، قىزىقچىنىڭ يادىغا ۋەزىر بىلەن قىلىشقان شەرتى چۈشۈپتۇ، ئۇ بېشىنى كوتىرىپ:

— شاھىم، بىر ئېغىز سوز يادىمغا چۈشۈپ قالدى. ھىلى ھەم بولسا رۇخسەت قىلسىڭىز، دەپ باقسام، — دەپتۇ.

— ئورنىدىن تۇرغۇزۇڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ پادىشا. ياساۋۇللار قىزىقچىنى قولتۇغىدىن يولەپ تۇرغۇزۇپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ قىزىقچى، — ماڭا سىلى تەرەپتىن ھەرقانداق نەرسە ئىنئام قىلىنسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى جانابى ۋەزىرگە بېرىشكە ماقۇل بولۇۋىدىم، ھازىر مەن ئىنئام قىلىنغان يۈز دەررىنىڭ ئەللىگىنى ئالدىم. قالغان ئەللىك دەررە ۋەدىمىزگە ئاساسەن ۋەزىرگە بېرىلسە، — دەپتىكەن، شاھ ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە قالغان ئەللىك دەررىنى ۋەزىرگە بۇيرۇپ، قىزىقچىغا يۈز تىللا بېرىپ يولغا ساپتۇ.

سوزمەن كىشىنىڭ پادىشانىڭ ئوردىسىغا بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. يولدا كېتىپ بېرىپ، باش ۋەزىرنىڭ كوڭلىگە "بۇ ئادەم بەك گەپتان كورۇنىدۇ، بېرىپلا پادىشانى كۇلدۇرسە يۇز تىللا ئىنئام بېرىۋېتىدۇ. يۇز تىللانىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئېلىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭ ئاۋارە بولغىنىم بىكار كېتەرمۇ؟" دىگەن خىيال كەپتۇ-دە، ئويلا-ئويلا، ئاخىرى ئۇنى پادىشانىڭ بېرىدىغان ئىنئامىنى تەڭ ئېلىشقا كوندۇرمەكچى بوپتۇ:

—بۇرادەر، سېنى ئوردىغا باشلاشتىن مەقسەت، شاھىمىز ھەپتىدىن بېرى قاتتىق قايغۇدا. ئۇ، كىم مېنى كۇلدۇرەلىسە ئۇنىڭ ئەجرىگە لايىق ئىنئام بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلغان ئىدى. قارىشىمچە، سېنىڭ شاھنى كۇلدۇرۇپ كوڭلىنى ئاچىدىغانىدەك ئەپىڭ بار. ئەگەر شاھنى كۇلدۇرۇپ ئىنئامغا سازاۋەر بولغىنىڭدا پېقىرغا نىمە بېرىسەن؟ - دەپتۇ.

—شۇ خەيرىخاللىغىڭىز ئۇچۇن شاھنىڭ ماڭا بەرگەن ئىنئامىنىڭ ئۇچتىن بىرىنى سىزگە بېرەي، - دەپتۇ قىزىقچى.

—ياق بولمايدۇ، ئانداق بولسا ئوردىغا ئوزەڭ بار، - دەپ پەش قىپتۇ ۋەزىر. قىزىقچى كوپ تالاشمايلا:

—خەير مەيلى، مەندىن كەتسە سىزگە كېتىدىكەن، شاھ نىمە ئىنئام قىلسا، يېرىمى سىزنىڭ بولسۇن، - دەپتۇ.

ۋەزىر بۇ سوزدىن قانائەت ھاسىل قىلىپ، قىزىقچىنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ پادىشاغا توغرىلاپتۇ. پادىشا:

—قېنى، قىزىق گېپىڭنى باشلا، - دەپ قىزىقچىغا قاراپتۇ.

قىزىقچى دۇنيادا بار، قۇلىغى ئاڭلىغان، ئوزى بىلىدىغان ھەممە قىزىق سوز-چوچەك ۋە كۇلكىلىك لەتىپىلەرنى ئېيتىپ

بۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىر چارە ئويلاپ تاپتىم، ئاڭلاپ باقساڭلار؟
— ئۇ قانداق چارە؟ — دەپتۇ كوپچىلىك.
— ماڭا بىرئاز ئالتۇن يىغىپ بېرىڭلار، شۇنىڭ بىلەن پادىشا-نىڭ غەزىنىسىدىكى بارلىق ئالتۇننى سىلەرگە بولۇپ بېرىمەن.
— ئالتۇننى نىمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرى.
— بۇ مېنىڭ ئۆز ئىشىم، سىلەر ماڭا ئالتۇننى يىغىپ بەرسەڭلار بولدى، قالغىنىنى ئۆزەم توغرىلايمەن، — دەپتۇ بوۋاي.
كوپچىلىك بوۋايغا ئىشىنىپ، مىڭ جاپا بىلەن ئۈچ پۇت ئالتۇن يىغىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن، پادىشا ئوۋغا چىققىدىغان يول ئۈستىدىكى بىر قۇملۇققا بېرىپ، ئالتۇننىڭ ئازرا-غىنى قۇمغا چېچىۋېتىپ، ئۇنى تاسقاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا پادىشا ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەپتۇ. پادىشا بوۋاينىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىشىغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:
— بۇ يەردە نىمە قىلىۋاتىسەن؟
— ۋاي پادىشاھى ئالەم، ھۈنەرۋەن ئولىمەس، ھۈنەر سىز كوكەرمەس دەپتىكەن، ھۈنەر قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي.
پادىشا بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:
بۇ قۇملۇقتا قانداق ھۈنەر قىلىسەن؟ — دەپتۇ.
— مېنىڭ ھۈنىرىم ناھايىتى ئېسىل ھۈنەر، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بوۋاي، — مانا بۇ قۇملۇققا ھەر پەيشەنبە كۈنى ئالتۇن تېرىپ قويۇپ كېتىپ، جۈمە كۈنى يىغىۋالىمەن.
پادىشا بۇنىڭغا ئىشەنمەي:

## ئالتۇنچى بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ ناھايىتى رەھىمسىز، زالىم پادىشا بولۇپ، خەلققە ھەددى ـ ھېساپسىز ئالۋاڭ ـ ياساق سالىدىكەن، يىغىلغان مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسى ئاۋۇنىڭغا بولسا. كېچە ـ كۈندۈز ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىدىكەن، ئاقىۋەتتە دۆلەت خاراپلى-شىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ ۋە بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئۆيگىمۇ بىر قازان توغرا كەلمەپتۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي پادىشانىڭ ئەمەلدارلىرى سېلىق دەپ خەلق بېشىدىن كەتمەيدىكەن.

زۇلۇمغا چىدىمىغان شەھەر خەلقى بىر كۈنى يىغىلىپ مەسلىھەت قىپتۇ. بەزىلەر:

— پادىشا تامامەن ئەيشى ـ ئىشرەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن خەۋەر ئالمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇ-شىمىزنى بايان قىلىپ، ئالۋاڭ ـ ياساقنى يەڭگىللىتىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلايلى! ـ دەپتۇ.

بۇ پىكىرگە كۆپچىلىك ماقۇل بوپتۇ. شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن بىر بوۋاي چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر، پادىشا بىلمەستىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەۋاتىسىلەر، ئانداق ئەمەس. پادىشا بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بىز ئەرز قىلماستىن، بىر پەم بىلەن پادىشانى قاپقانغا چۈشۈرەيلى.

ـ دەپتۇ.

پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ، تەختىدىن يېرىم گەز ئۆرغىپ تۇرۇپ:

— قوي، قۇرۇق گېپىڭنى، قومدىمۇ ئالتۇن قۇرۇپ كېتەمدۇ؟! ـ دەپتۇ.

بوۋاي پادىشانىڭ غەزىۋىگە پىسەن قىلماستىن:

— پادىشاھى ئالەم، قومدا ئالتۇن ئۈنگەنىگە ئىشىنىسىزۇ، قۇرۇپ كەتكىنىگە ئىشەنمەمسىز؟ بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغى. زىرائەت دىگەن ھېمىشەم بىر خىل بولىۋەرمەيدۇ؟! بۇنىڭدىن كېيىن ھوسۇلىمىز مول بولا، ـ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بوۋاي پادىشانى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قاپقانغا چۈشۈرۈپتىكەن.

— قېنى، ئالتۇننى قانداق يىغىشقىنى ماڭا كورسەتكىن، — دەپتۇ.

بوۋاي بەلگىلەپ قويغان قوم دوۋىلىرىنى تاسقىغان ئىكەن، راستىنلا ساپ - سېرىق ئالتۇنلار غەلۋىرگە چىقىپ، پادىشانىڭ كوزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىۋېتىپتۇ. بوۋاي پادىشانىڭ خوشال بولغانلىقىنى كورۇپ:

— پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ ھۇنىرىم شۇنداق ياخشى ھۇنەر بولسىمۇ، ھازىر قولۇمدا دەسمى يوق، — دەپتۇ.

پادىشا بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ "تەييار ئولجىغا ئىگە بولدۇم-غۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

— ئانداق بولسا، ساڭا ئۇرۇقلۇق ئالتۇننى مەن بېرەي، ئىككىمىز ئورتاق بولايلى، — دەپتۇ.

بوۋاي پادىشانىڭ تەكلىۋىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ.

ئەتىسى بوۋاي پادىشادىن بىر پۇت ئالتۇن ئېلىپ، كېلەر جۈمە كۈنى ئىككى پۇت قىلىپ ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن پادىشا مەمنۇن بوپتۇ، لېكىن كوڭلىگە گۇمان چۈ-شۈپتۇ. ئۇ يەنە بىر كورۇپ بېقىش نىيىتىدە بوۋايغا ئىككى پۇت ئالتۇن بېرىپتۇ، بۇمۇ ئوڭۇشلۇق چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا بۇنىڭغا راستىنلا ئىشىنىپ، غەزىنىدىكى ئالتۇنلارنى خالىغانچە ئېلىشقا رۇخسەت قىپتۇ. بوۋاي غەزىنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ھەممىسنى خەلققە بولۇپ بېرىۋېتىپ، ئۆزى ئىنتايىن خاپا ھالدا پادىشانىڭ ئالدىغا كەپتۇ. پادىشا بوۋاينىڭ خاپىلىقىنىڭ سەۋەۋىنى سوراپتۇ. بوۋاي يىغلامسىراپ:

پادىشاھى ئالەم، تېرىغان ئالتۇننىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى،

دىخان.

— مەن سېنىڭ بوغداي ئورۇۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ تۇرسام، يەنە يالغان ئېيتىۋاتقىنىڭنى قارا، — دەپتۇ باي.

— تەقسىر، مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىگەن بىلەن قوللۇرۇم بوغداينى ئوبدان تونۇيدۇ، مېنىڭ ئورۇغۇنۇم بوغداي ئەمەس، — دەپتۇ دىخان سوزىنى ئىسپاتلاپ.

باي كەمبەغەل دىخاننى زاڭلىق قىلىپ ئويناش ئۈچۈن:

— سەن، نىمىشقا سوزگە ئىشەنمەيسەن؟ ئورۇۋاتقىنىڭنىڭ ھەممىسى بوغداي. مانا مۇنۇ يەردىن ئورۇغىن، — دەپ كارىزلىرى كوپ بىر يەرگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئوزى بىر — ئىككى قەدەم نېرىغا مېڭىپ، ئېتىغا مىنىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. باي كورسەتكەن يەرنى ئورۇۋېتىپ دىخان بىر كارىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كورگەن باي قاقاخلاپ كۈلۈپ:

— شۇ ئەھۋالىڭغا ئوت ئورۇيمەن دەپ يۈردۈڭمۇ ئەخمەق، — دەپتۇ.

دىخان كارىزغا يىقىلغاندا قولىغا بىر بۇدۇنە چىقىپ قاپتۇ، بۇنى چىڭ تۇتۇۋالغان دىخان كارىزدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— باي، سىز مېنى قارىغۇ دەيسىز، مەن بايا كوزۇم قارىغۇ بولغان بىلەن قولۇم ھوشيار دىسەم ئۇنۇمىۋېدىڭىز. مانا سىز، ئىتىڭىز، يورغىڭىز ھەم قۇشىڭىز بولۇپ جەمئىي سەككىز كوز ئىزلەپ تاپالمىغان بۇدۇنىڭىزنى مەن تاپتىمغۇ، — دەپ بۇدۇنىنى بايغا كورستىپتۇ.

باي ئاچكوزلۇك بىلەن دىخاننىڭ قولىدىن بۇدۇنىنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ، قامچىسىنى ئويىنىتىپ، ئېتىنى ئورغان ئىكەن،

# كارىزدىكى بودۇنە

بارئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا كوزى گىرىمسەن كورىدىغان بىر كەمبەغەل دىخان بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بارى-يوقى بىرلا ئېشىگى بار ئىكەن. بۇ كىشى بىر كۈنى: "قىشتا ئېشەككە ئوت كېرەك، ماڭا ھېچكىم ئوت بەرمەيدۇ، مېنىڭ بېدىلىگىم ياكى ئوتلىغىم يوق. مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئېتىز ئارىلاپ ئوت ئورۇپ يىغىۋالاي" دىگەن ئويغا كەپتۇ-دە، ئېشىگىنى توقۇپ، ئوغاق، ئاغامچىلىرىنى ئېلىپ ئېتىزغا بېرىپتۇ. ئۇ ئېشىگىنى بىر يەرگە باغلاپ قويۇپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قاراپ يۈرۈپ، بىر بۇغداي-لىقنىڭ چېتىدىكى چوپلەرنى كورۇپتۇ ۋە ئاستا ئورۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا بىر باي قولىغا قارچىغىسىنى قوندۇرۇپ، قارا يور-غىسىنى يورغىلىتىپ، بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئېتىنى ئالدىغا سىلىپ بۇدۇنە ئولاشقا چىققان ئىكەن. ئۇ قارچە-غىسىغا ھېچنەرسە ئالدۇرالماي خاپا كېلىۋاتقاندا، ھېلىقى كەمبەغەلگە يولۇقۇپتۇ. كوڭلىدە دىخاننى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

—ھوي قارىغۇ، بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرۈيسەن! - دەپتۇ.

—باي ئاكا، قىشنىڭ غېمى، تىرىكچىلىك، - دەپتۇ.

—ۋۇي قارىغۇ، سەن چوپ ئورۇدۇم دەپ ساپلا بۇغداينى ئورۇۋاتىسەنغۇ. بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ - دەپتۇ باي.

—يوغىسۇ تەقسىر. مېنىڭ ئورۇغۇنۇم بۇغداي ئەمەس، - دەپتۇ

# يالتايغاق بوۋاي

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بار ئىكەن، بىراق ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن، كەمبەغەل بولغاندىمۇ ھېچنەرسىسى يوق بىر بىچارە ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بايلارغا ئىشلەپ ئۆتكۈزۈپتۇ. بوۋاي بايلارنىڭ ئىشىگىدە ئىشلەپ يۈرگەندە باشقا ئوتاقچى، يىلىلىقچى، مەدىكارلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: "باينىڭ قولىدىكى دۇنيالار مەندە بولغىنىدا ھەممىسىنى شۇ بىچارىلەرگە بولۇپ بېرەر ئىدىم" دەپ ئويلايدىكەن.

بىر كۈنى باي بوۋاينىڭ ئىشلىگەن ھەققى ئۈچۈن كىچىككىنە يەر ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ. بوۋاي ناھايىتى خوشال بولۇپتۇ.

ئۇ ئۆز ئالدىغا دېخانچىلىق قىلماقچى بولغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن شۇ ئارزۇلىرى يەنە قوزغىلىپ قاپتۇ: "خۇدا، شۇ يېرىمنىڭ ھوسۇلى كۆڭلۈمدىكىدەك بولسا، ھەممىسىنى ئاچ-يالىڭاچ كەمبەغەللەر بىلەن تەڭ يەيتتىم" دەپ كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئەتراپىدىكى كەمبەغەل دوست-يارلىرىمۇ ئۇزۇلمەي كېلىپ ياردەم قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرى بوۋاينىڭ تەلىۋىدەك بولۇپ، ئاشلىق ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بولغاندىمۇ قانداق دەڭ! بۇغداينىڭ ھەر بىر تۈپى مىڭدىن باش چىقىرىپتۇ. ھەر بىر باشاق ئاق قوناقتىنمۇ چوڭ دان تۇتۇپ، غوللىرى

قېلىن چوپ ئارىسىدىكى باشقا بىر كارىزغا ئېتىنىڭ پۇتى چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپتۇ. قوش ئاتنىڭ ئاستىدا قېلىپ مىجىغى چىقىپتۇ، باينىڭ يوغان قوسىغى ئەگەرگە قاتتىق تېگىپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. باينىڭ تىپىرلاپ ياتقىنىنى كورگەن بۇدۇنە كەمبەغەلنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ:

ۋىتۋالاق، ۋىتۋالاق،
ئاچكوز باي بولدى پاچاق.
ۋىتۋالاق، ۋىتۋالاق،
كەمبەغەل مېغىزىڭنى چاق.

دەپ كەمبەغەلنىڭ بېشىدىن ئۈچ ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كەمبەغەل دېخان كارىزدىن سالامەت چىقىپ، ئوتىنى ئورۇشقا باشلاپتۇ. كەمبەغەلنى ئەخمەق قىلىمەن دىگەن باي. ئوزى ئەخمەق بولۇپ ئەنە شۇنداق تىن تارتماي ئولۇپتۇ.

دوستلار قەدرىگە يەتمەي
ھەممەدىن بولدۇم جۇدا.
دەپ قوشاق قوشۇپ يىغلاپتۇ.
مانا بۇ چوچەك شۇنىڭدىن قېپقالغان ئىكەن.

باشاقلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كېتىپتۇ.

كۈز كېلىپ، ئاشلىقمۇ پىشىپتۇ. بىراق بۇنداق بولۇق بۇغداينى بوۋاينىڭ ئۆزى يالغۇز قانداقمۇ يىغىۋالالىسۇن! پۈتۈن يېزىدىكى دېھقانلارنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. دېھقانلار "بوۋايغا كەلگەن ئامەت بىزنىڭمۇ ئامىتىمىز" دەپ يۈگرىشىپ كەپتۇ. ئاشلىقنى ھەممە ئۆملۈكتە ئورۇپ، تېپىپ، چەشلەپ تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. مارجاندەك قىپ-قىزىل بۇغدايلار خامان-خاماندا دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. تاغ-تاغ بولۇپ دۆۋىلەنگەن ئاشلىقنى كۆرۈپ بوۋاينىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ، نەپسى يوغىناپ بايلىق كويىغا چۈشۈپتۇ. چوڭ خوجايىن بولۇپ، ئوڭدا يېتىپ راھەت كۆرۈشنى ئويلاپتۇ. يار-يۆلەك بولغانلارنىمۇ ئۇنتۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەپتۇ، ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ ناھايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ئارقىسىدىنلا سەل كېلىپ، بوۋاينىڭ پۈتۈن ئاشلىغىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. بوۋاي يەنە ئاۋالقى گادايلىق ھالىغا چۈشۈپ قاپتۇ. چۈشۈپ قالغاندىمۇ، يېنىغا ھېچكىم كەلمەيدىغان بوپتۇ، بوۋاي يالغۇز قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۆز نىيىتىدىن يانغىنىغا پۇشايمان قىلىپ:

چاقمىغىڭ چاقتى خۇدا،
دۇمبىغىڭ سوقتى خۇدا،
چادىر تارتىپ ھەممىسى
قىيان بىلەن ئاقتى خۇدا.
يالتايغاقلىق يامان ئىكەن،
قۇرۇق قول قالدىم خۇدا.

تېگدە ئكەن. سز كېلشتن سەل ئلگرى نۇرغۇن مال بلەن چقپ شام شەھەرگە كەتتى. ئۇ دەريادن چققان چېغدا: "دەريانڭ تېگدە باينڭمۇ ئاتا ـ ئانسى بار ئكەن. ئۇلار بەك باي ئكەن. ئوغلنى كورۇشكە ناھايتى ئارزۇ ئكەن. باي كەلسە دەرياغا چۇشۇپ، ئاتا ـ ئانسى بلەن كورۇشۇپ چقسۇن" دېدى، ـ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلغان باي خوشاللقدا ئاغزى قۇلقغا يېتپ، پۇتۇن نەرسنى ئۇنتۇپ، يېڭى مال ـ مۇلۇكنڭ ئگسى بولۇش ئۇچۇن، ئوزنى دەرياغا تاشلاپتۇ. دەريا دولقۇنلرى باينى ئېقتپ كېتپتۇ. شۇنداق قلپ، باينڭ چاكرى نا ئنساپ بايدن قۇتۇلۇپ، قالغان ئومرنى ھالال ئەمگەك بلەن ئوتكۇزۇپتۇ.

# باي بىلەن چاكار

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، زامانىسىنىڭ زامانىسىدا ناھايىتى پىخسىق، ئالدامچى بىر باي بار ئىكەن. ئۇ كىشىلەردىن نەرسە ئالغاندا ھىچقانداق ھىساپلاپ ئولتۇرمايدىكەن، بەرگەندە بىر تال يىڭنىنىمۇ قۇرۇق ئۆتكۈزمەيدىكەن. باينىڭ ئەمگەكچان، ئەقىللىق بىر چاكىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرقانچە يىللىق ھالال ئەمگىكى، توككەن تەرى ھىساپقا ئېلىنماپتۇ. لېكىن باي چاكىرىغا بەرگەن تامىقىنى ھىساپلاپ بىر مۇنچە پۇلنى چاكارنىڭ بوينىغا ئارتىپتۇ. چاكار بۇ نائىنساپلىقنى كوڭلىگە ئوبدان پۈكۈپ قويۇپ، باينىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى باينىڭ ئۇۋغا چىقىپ كېتىشىدىن پايدىلانغان چاكار باينىڭ مال-مۈلكىنى ئىككىنچى بىر جايغا كوچۈرۈپ ئاپىرىپ، باينىڭ ئۆيىنى پاك-پاكىزە قىلىپ قويۇپتۇ. باي ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، مال-مۈلكى يوق، چاكىرىمۇ يوق. غەزىۋىدىن جىنى چىقاي دەپ قالغان باي پۈتۈن ئەتراپنى ئىزلەپتۇ. شۇنداق ئىزلەپ يۈرگەندە ئالدىغا بىر پادىچى ئۇچراپتۇ. باي بۇ ئەھۋالنى پادىچىدىن سوراپتۇ. پادىچى چاكارنىڭ ئۈگىتىپ قويغان گېپى بويىچە:

— چاكىرىڭىز سىزنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىڭىزنى ئېلىپ دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرى دەريانىڭ

قايتىپ كەپتۇ.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان پاسىۋاي ئۇنى كورۇپ ئاستا ئىشارەت بىلەن:

"ئىشنى توغرىلىدىڭمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. باينىڭ يىقىنى "ھەئە" دىگەننى ئىشارە قىلىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ. پاسىۋاي ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ، "ئەمدىغۇ رەسۋا قىلارمەن" دەپ ئويلاپتۇ.

ــ پالتىۋاي، بۇگۇن ئۇزلىرى بولەك ئات مىنىپ كەپتىلا، نەچچە ۋاقتتىن بېرى مىنىپ يۇرگەن ئاتلىرى قېنى؟ ـ دەپ سوراپتۇ پاسىۋاي.

ــ بۇرۇنقى ئېتىم ئەجەللەپ قالغانتى، ـ دەپتۇ پالتىۋاي.

ــ بۇ ئاتنى نەدىن ئالدىلا؟ ـ دەپ سوراپتۇ يەنە پاسىۋاي.

بۇ گەپكە ھەيران بولغان پالتىۋاي:

ــ ھەجەپ گەپ قىلىلغۇ؟! مەن بۇ ئاتنى نەدىن ئالاتتىم، يايلاقتىكى ئاتلىرىمىنىڭ ئارىسىدىن تالاپ ئەكەلدۇردۇم، ـ دەپتۇ غەزەپ بىلەن.

پاسىۋاي پەسەن قىلماستىن:

ــ ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن، پالتىۋاي، مېنىڭ يايلاقتا ئوزەم مىنىمەن دەپ ئويلاپ يۇرگەن مۇشۇنداق بىر توروق قاشقا ئېتىم بار ئىدى، ئۇچ ئاي بولدى يوقاپ كەتتى، بۇ ئات شۇنىڭغا ئوخشايدىكەن، سىلىنىڭ ئاتلىرىغا قوشۇلۇپ قالغان بولسا، شۇنى مىنىپ كەلدىمىكىن دەيمىنا، ـ دەپتۇ پاسىۋاي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پالتىۋاينىڭ جان - پېنى، چىقىپ كېتىپتۇ - دە:

# ئىككى باي

بۇرۇنقى زاماندا پالتىۋاي ۋە پاسىۋاي دىگەن ئىككى باي ئۆتكەن ئىكەن. پالتىۋاي يۇقۇرقى مەلىنىڭ. پاسىۋاي تۆۋەنكى مەلىنىڭ پۈتۈن يەر، سۇ، چارۋىلىرىغا ئىگە ئىكەن.

بۇلار سىرتتىن قارىغاندا ناھايىتى ئىناق، يېقىن ئاغىنىدەك كورۇنسىمۇ. ئەمما ئىچىدە بىر-بىرىنى ئۆلگىدەك يامان كورۇشىدىكەن، ھەمىشە بايلىق، مەنسەپ، ئابروي تالىشىپ، ئارقىلىرىدىن غەيۋەت-شىكايەت قىلىشىپ، بىر-بىرلىرىگە ئورا كولىشىدىكەن، ئەپ تاپسىلا بىر-بىرسىنى ئورىغا چۈشۇرۇشكە، ھېچ بولمىغاندا بىر-بىرلىرىنى كام سۇندۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. مەرىكىگە پالتىۋاي بۇلماقتەك سېمىز، قومۇش قۇلاق، تورۇق قاشقا يورغا ئات مىنىپ كەپتۇ. پالتىۋاينىڭ بۇ ئېتىنى كورۇپ ھەسەتخور پاسىۋاينىڭ ئىچى ئاداپ كېتىپ تۇرالماي قاپتۇ. شۇ يەردىلا ئۇ، ئۆزىنىڭ يېقىن بىر غالچىسىغا:

— سەن ئاستا بېرىپ، پالتىۋاينىڭ ئەشۇ تورۇق قاشقا ئېتىغا بىزنىڭ ئاتنىڭ ئېىنىنى سىلىپ قويغىن، بۇنى ھىچكىم ئۇقمىسۇن جۇمۇ؟ - دەپتۇ. باينىڭ غالچىسى:

— خوپ، باي ئاكا، - دەپتۇ-دە، كورۇنمەي بېرىپ، تورۇق قاشقىنىڭ قۇلىغىغا پاسىۋاينىڭ ئېتىنىڭ ئېىنىنى سىلىپ قويۇپ

پاسىۋاي قازىنىڭ بۇ ھەركىتىدىن پالتىۋاينىڭ كۆڭلىگە بىرەر پارە بەرگەنلىكىنى بايقاپتۇ-دە، ئاخشىمى ئۇمۇ قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر موزاي پارە بېرىپتۇ. ئەتىسى قازى بىردىنلا پاسىۋايغا يان بېسىپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ بۇ ئىشىغا چىدىماي، ئاچچىغى بىلەن:

— تەقسىر، دەۋانى چوڭ پالتىدا ئۇتۇن يارغاندەك ئادىل، كەسكىن سورىسىلىچۇ؟! — دەپتۇ. قازى پىسەن قىلماستىن:

— ئۇ دېگەنلىرى توغرا، لېكىن كېچە پالتىنىڭ سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويۇپتۇ، — دەپ ئاتىنى پاسىۋايغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ.

— كوزۇڭگە چۇمبەل تارتىۋالدىڭمۇ؟! كىمنى ئوغرى تۇتۇۋاتە-سەن؟! ئاغزىڭغا بېقىپ جولىگىن! - دەپ بىردىنلا سەنلەپ چۇشۇپتۇ.

پاسىۋايمۇ بوش كەلمەي:

— مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈكتەك، نىمانداق يوغان سوزلەي-سەن؟! ئاتىنىڭ ئىېنىنى كوروپ ئاندىن چوڭ گەپ قىل! - دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن سوزۇن بوزۇلوپ، پۈتۈن جامائەت ئاتىنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئاتتا، راست دىگەنىدەك، پاسىۋاينىڭ ئىېنى تۇرغان.

پالتىۋاي ئاتتىنمۇ كوره ئىزا - ئاھانەتكە چىدىماي، پاسىۋاينىڭ توھمىتىنى تەن ئالماپتۇ، ئىككىلىسى يەنە تەگىشىپ، سەن - پەن دىيىشىپ قاپتۇ. جىدەل ئۇلغىيىپ بۇلار شەرىئەتكە بېرىشىپتۇ. قازى ئىككى باينىڭ گەپلىرىنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىككى ئارىدىن كوپرەك بىر نەرسە يۇلۇش قەستىگە چۈشۈپتۇ. بىر كۈن ئۇ بايغا، بىر كۈن بۇ بايغا يان بېسىپ، دەۋانى ئەتەي كەينىگە سوروپتۇ. بۇلار بىر نەچچە كۈن دەۋالىشىپ يۇروپتۇ، لېكىن دەۋا بىر تەرەپ بولماپتۇ. پالتىۋاي قازىنىڭ دەۋانى ئەتەي كەينىگە سۇرۇۋاتقانلىغىنى ئۇقۇپ، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئويىگە بېرىپتۇ - دە:

— تەقسىر، بۇ ئات ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى. پاسىۋاي ئوز ئىېنىنى سېلىپلا، قەستەن ماڭا توھمەت قىلىۋاتىدۇ. سىلى دەۋانى ئادالەت بىلەن سورىسىلا. ھە، راست، سىلى چوڭراق پالتام يوق دەپ يۇرەتتىلە، تەقسىر، بۇنى سىلى تۇتسىلا، - دەپ بىر پالتا پارە بېرىپ قايتىپتۇ.

ئەتىسى قازى دەۋادا ھەدەپ پالتىۋايغا يان بېسىپتۇ. سورۇنغا

مەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېتىپ بارسا، بۇلارغا يول بويىدا تازا ئوخشىغان بۇغدايلىقلار ئۇچراپتۇ. زېرەك بۇغدايلارغا زوقلىنىپ قاراپ:
— تاغا، مۇشۇ بۇغدايلار دىخاننىڭ ئويىگە كىرەرمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. زېرىككەك خاپا بولۇپ، بەك تېرىكىپ كېتىپتۇ:
— بەللى - بەللى، ئەقلىڭگە "بارىكاللا!" ئەمسە دىخاننىڭ ئويىگە كىرمەي، شۇنچە بۇغداينى چاشقان توشۇپ كېتەرمىدى؟! — دەپ سەكرەپ كېتىپتۇ. زېرەك تېرىكمەستىن:
— گەپنىڭ تېگى چاشقاندا ئەمەس، چاشقاندىنمۇ ئاشقاندا، — دەپ كۈلۈمسىرەپتۇ.
ئاخىرى زېرىككەك:
— بەس، ئەمدى ئېيتىشماق. قاملاشمىغان تېپىشماق، — دەپتۇ - دە، ئۇزاققىچە گەپ قىلماي مېڭىپتۇ. زېرەك يانداپ مېڭىپ:
— ئۇنىڭغىز سىزگە ھەمرا، زېرىكمەڭ، — دەپ ئاستا يەنە كېلىشە ۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار يەنە مېڭىپتۇ.
بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە، بىر شەھەرگە يېقىن كەپتۇ، قارىسا بىر توپ خالايىق جىنازىنى كوتىرىپ، چىرايىدا غەم، كوزلىرىدە نەم، تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇدەك. بۇنى كورگەن زېرەك چوڭقۇر بىر "ئۇھ" تارتىپ:
— تاغا، ئاشۇ جىنازىدىكى ئولۇكمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ھەممىدىن ئېشىپ چۈشۈپتۇ. زېرىككەكنىڭ ئاچچىغىمۇ تېرىلىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ - دە:
— ھە، ئەخمەقنىڭ بوۋىسى مانا ئەمدى چىقتى. ئۇكا، سېنى

## زىرەك بىلەن زىرىككەك

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتا - بوۋام زامانىسىدا بىرى ياشقا تولغان، بىرى باشقا تولغان ئىككى ئادەم بولغان ئىكەن. كىچىكىنىڭ لەقىمى زىرەك، چوڭىنىڭ لەقىمى زىرىككەك ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زىرىككەك شەھەرگە سودىغا مېڭىپتۇ. يولدا كېتىپ بارسا، ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق يىگىت ناخشا ئېيتىپ كېلىپ قوشۇلۇپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم؟ - دەپتۇ زىرەك. زىرىككەك لام - جىم دىمەپتۇ.

بۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، زىرىككەك زىرىكسىمۇ زىرەككە زادى قارىماپتۇ. يول زادى ئاۋۇماپتۇ. ئاخىرى زىرەك ئۇچرىغان نەرسىلەرگە بانا قىلىپ سوز باشلاپتۇ:

— ئاغا، يول ئۇزۇراپ كەتتى، ھېرىپمۇ كەتتۇق، يولنى قىسقارتمايلىمۇ؟ - دەپتۇ. زىرىككەك ھەيران بولۇپ:

— بەللى، مانا زاڭلىشىش، يولنى قانداق قىسقارتقىلى بولىدۇ؟!- دەپ خاپا بولغاندەك قىپتۇ.

زىرەك:

— مېنىڭ گېپىم زاڭلىشىش ئەمەس ئىدى. خەير، ئۆزىڭىز بىلىڭ. بوپتۇ، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇلار يەنە مېڭىپتۇ. لام - جىم دىيىشمەپتۇ. سەپەر يەنە كېلىش-

زېرىكىپ، "خەير" دەيتتۇ ـ دە، ئايرىلىپ كېتىپتۇ.

ئۆيىگە بېرىپ چېپىنى ئىچە ـ ئىچمەيلا "ئەستاغپۇرۇللا!" دەپ غودۇڭشۇپتۇ.

خوتۇنى:

ـ يەنە نىمە ئەستاغپۇرۇللا؟! ـ دەپ قىستاپ سوراپتۇ.

زېرىككەك:

ـ سەن بۇنى سورىماي، ئاشقا تۇتۇش قىل، مەن يولدا بولغان بىر ئىشقا مۇشۇ تۇرقىدا ئۆيدە تۇرۇپمۇ زېرىكىۋاتىمەن... ـ دەپتۇ، خوتۇنى:

ـ ئاشنى قىزىم ئېتىۋاتىدۇ، يولدا نىمە ئىش بولغانتى؟... ـ دەپ تېخىمۇ قىستاپتۇ. ئېرى يا زېرىكىشنى بىلەلمەي، يا تېرىكىشنى بىلەلمەي، ئاخىرى زېرەكنىڭ يولدا ئېيتقان سوزلىرىنى خوتۇنىغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. خوتۇنىمۇ: "ۋىيەي، راستلا، بۇ قانداق دىگەن گەپلەر!" دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

زېرىككەكنىڭ دۇنيالىقتا بارى ـ يوقى بىرلا قىزى بار ئىكەن. ئۇ، ناھايىتى سەزگۈر، چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىكەن. ئۇ قىز ئىش قىلغاچ يۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئاغزىدىن ھىلقى يىگىتنىڭ ھەممە "غەلىتە" سوزلىرىنى ئاڭلىۋاپتۇ، مەسىلىگە كېلىپ، ھەيران قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسىنىڭ گەپىنىڭ بىر يېرىگە "ئۆزى بولمىسا، بۇرۇتلىرى ئەمدى خەت تارتقان......ناھايىتى ئىسكەتلىك يىگىت ئىكەن ..." دىگەن سوزلىرىدىن قىيامىغا يېتىپ قالغان بويىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاپتۇ. دادىسى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ "دۇنيادا شۇنداق ئەخمەقلەر بولىدىكەن" دىگەن ۋاقىتلىرىدا قىز "ياق، دادا، ئۇ دانا يىگىت!..." دەي دەپ يەنە سوزىنى توختىتىۋاپتۇ. كېيىن

بالىسىكىن دىسەم، ساقاللىق چىقىپ قاپتۇ. قېرىپ ئالجىدىمىكىن دىسەم، تېخى ياش تۇرىسەن. لېكىن ياش بولساڭمۇ، دۇنيادىكى ھەرقانداق ئەخمەقلەردىنمۇ ئېشىپ كېتىپسەن. جىنازىغا كىرگەن ئۆلۈك بولماي، تىرىك بولامدۇ؟ خۇدايا پەرۋەردىگارا، پەمسىز ئەخمەقلەرگە يولۇقۇشتىن ئۆزەڭ ساقلىغايسەن! - دەپ، "چۇھ" دەپ ئېتىنى قامچىلاپ قاچقىلى تۇرۇپتۇ. زېرەك ھەيران بولۇپ:

— توختاڭ تاغا، توختاڭ! قانداقلىكى بولمىسۇن، بىر قانچە كۈن ھەمسەپەر بولۇپ قالدۇق، خوشلاشماي ئايرىلىش نامەرت- لىك، ئۆيلىرىڭگە ئالدىرامدىلا؟ - دەپتۇ. زېرىككەك توختاپتۇ. "ئۆي" سۆزىدىن بىر نەرسىنى ئويلاپتۇ. "راست، ھەرقانداق بولسا، بىرقانچە كۈن ھەمرا بولدۇق. ئەمدى ئۆيۈمگە يېقىن كەلگەندە، تاشلاپ كەتسەم سەت بولار. ئۇغۇ بىر ئەخمەق. شۇن- داق بولسىمۇ، ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بىر پىيالە چاي بېرىپ ئاندىن يولغا سالاي" دىگەن خىيالغا كەپتۇ.

— ئۇكا، ئەمدى ئەخمەقانە سۆزلىرىڭنى قوي، جۇمۇ؟ ماۋۇ بولسا شەھەر، سېنىڭ سارائىڭغا ئوخشاش سۆزلىرىڭنى خەلقلەر ئاڭلاپ قالسا، ئۇيات بولىدۇ. خەير، ئۇتكەن سۆزلەرنى تەگمەيلى. سەپىرىمىزنىڭ ھۆرمىتى، ئەمدى ئۇكا، سەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بىر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭغىن، جۇرۇ، - دەپتۇ.

زېرەك:

— رەخمەت تاغا، كوڭلۇمنى شۇنچىلىك ئىستىگەنلىرىڭگە. مەن مۇشۇ بوستاندا بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، سالقىن چۈشەرگە يېقىن يولۇمغا چۈشۈۋالاي، - دەپ زېرىككەكنىڭ ئۆيگە يېقىن بىر ئۆستەڭ بويىدا قاپتۇ. زېرىككەك يەنە بىر تەكلىپ قىلا - قىلمايلا

يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاچىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. قىز "ھە..." دەپ كۈلۈپتۇ-دە، بالىنى يۇمشىتىپ چىرايلىقچە سوراپتۇ، سورىغاندا، بالا بىرئاز قىزىرىپ ئاخىرى يولدا بارغىچە چوچۇرىدىن بىر قانچىنى، نانىنىڭ يېرىمىنى يەۋېلىپ، قالغىنىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز ئاندىن يىگىتنىڭ ئېقىللىقى، زېرەك يىگىت ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشىنىپ، "قانداق قىلسام، ئۇ يىگىتنى بىر كۆرەرمەن" دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

قىز داستىخاننى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، دادىسى ھېلىقى يىگىتنىڭ گېپىنى قىلىپ كېلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا "دونيادا شۇنداقمۇ ئەخمەقلەر بولىدىكەن..."دەپ كۈلۈپتۇ. قىز ئەمدى تۇرالماي:

— دادا، كۈلمەڭ. مەن ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتتىم. ئىجازەت بولسا ئېيتىپ بەرسەم؛ ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى جايىدا، ناھايىتى مەنىلىك سۆزلەر ئىكەن، — دەپتۇ. ئاتا قىزىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا-ئاڭلىماي يەنە زېرىكىپتۇ، ھەيران بولۇپ تېرىكىپتۇ:

— ھە...مانا، ئانىسى! تېخى سۆزلىرىنى بىر ئاڭلاپ قېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئەخمەقلىقى بۇ قىزىمىزغا يۇقۇپتۇ، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئانا:

— قېنى، توختاپ تۇرسىلا، ئاڭلاپ باقايلى. قىزىمىزمۇ بىر نەرسىنى بىلىپ ئېيتقاندۇ، — دېيىشىگە، ئاتا:

— ھە، ئەخمەقلىق تېخى ساڭىمۇ يۇقۇپتىكەندە، — دەپ تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ. قىز ئۆز رايىنى بوشاتماي تېخىمۇ چىڭىپ:

— ئاتا، مېنىڭمۇ سۆزۈمنى بىر تىڭشاپ باقسىڭىز... — دەپ ئۆلتىجا بىلەن يېلىنىپتۇ. ئاتا ئاخىرى:

— خەير، قېنى دانىشمەن بولساڭ، شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى سەنمۇ

"ئۆزەممۇ بىر سىناپ باقسام..." دەپ كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈكۈپتۇ. ھاردۇق ئېشىنى دادىسىغا ئۇسۇپ ئەكىرىپ بېرىپتۇ. ئاندىن "ھەر نېمە بولسا مۇساپىر ئىكەنغۇ..." دەپ ئانىسى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئاشتىن بىر قاچىغا ئۇسۇپ، بىر نان بىلەن ئۈستىنى يېپىپ، خوشنىسىنىڭ بالىسىدىن يىگىتكە ئەۋەتىپتۇ؛ ئەۋەتكەندە دەرۋازا ئالدىدا بالىغا يېقىن تۇرۇپ ئاستا: — ئۇكام، سەن بۇ غىزانى ئاۋۇ... ئۇستەڭ بويىدىكى... يولۇچى ئادەمگە "سىلى ھەمرا بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ قىزى — ئاچام ئەۋەتتى" دەپ بەرگىن. "نېمە دەپ بەردى؟" — دېسە، "ئاسماندا يۇلتۇز تولۇق، ئاي پۈتۈن" دەپ بەردى، دېگىن. ئاشنى ئىچىپ بولغاندا، قاچىنى ياندۇرۇپ كەلگىن. ياناردا ئۇ ئاكاڭ ساڭا نېمە دېسە، شۇنى ئۇنتۇماي، ماڭا ئېيتىپ كەلگىن، — دەپ ئۇبدان جېكىلەپ ئەۋەتىپتۇ.

بالا يولدا كېتىپ بېرىپ، بىر ئېرىق بويىدا دەم ئالغاچ ئاشنى ئېچىپ قارىسا، يۇمغاقسۇتلۇك ئۇخشىغان چوچۇرە، ئۈستىدە سىيادانلىق يۇمشاق نان... ئۇ بالىنىڭ قوسىقى ئاچلىقتىنمۇ، يا ئۇبدان كۆرگەنلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ، چوچۇرىدىن بىر قانچىنى ھىلىقى ناننىڭ يېرىمى بىلەن يەپ، قالغان يېرىم نان بىلەن ئاستا ئاشنىڭ ئۈستىنى يەنە يېپىپ، چاندۇرماي ھىلىقى يولۇچىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. يىگىت بىر خوشال، بىر ھەيران بولۇپ، ئاشنىڭ ئۈستىنى ئېچىپتۇ. بالىدىن ھىلىقى ئېيتىپ بەرگەن سۆزنى ئاڭلاپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاشنى ئىچىپتۇ. قاچىنى قايتۇراردا:

— ئۇكام رەخمەت! ئەمدى سەن بارغاندا، ئاچاڭ نېمە دېدى؟ دېسە "كۆپتىن-كۆپ رەخمەت، يۇلتۇز كەم، ئاي يېرىم" دېدى دېگىن- دەپتۇ. بالا ئىشنىڭ چېنىپ قالمىغىنىغا خوشال بولۇپ،

# كاژ بىلەن جاھىل

بۇرۇن بىر يېزىدا ئوبۇل دېگەن بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ، قول ئىلكىدە خېلى بىر نەرسىلىرى بولغاچقا، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

ئوبۇل كېيىنكى كۈنلەردە تېخىمۇ باي بولۇپ، ئۇزەمنىڭ قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن دەپ، كاژلىقى ھەرقانداق جاھىللارنى ھەيران قالدۇرغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئەلى-مەلە ئۇنى ئوبۇل كاژ دېيىشىدىغان بوپتۇ. نەگىلا بارسا، ئوبۇل كاژنىڭ گېپى...

ئىمىشقىدۇ ئوبۇل كاژنىڭ ئۆيىدە خوتۇن تۇرمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۆيلىنەي دېسە، "ۋاي... يەي، ھېلىقى ئوبۇل كاژغىمۇ؟ ئۇنىڭ بايلىقى قۇرىسۇن!" دەپ ھېچيەردىن لايىق چىقماپتۇ.

ئوبۇل بىر كۈنى ھارۋىسىغا بىر دەللىنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە مېڭىپتۇ......

ئەمدى شەھەردىن گەپ ئاڭلايدىغان بولساڭلار يەنە قىزىق: شەھەردىمۇ يەنە بىر جاھىل جۇۋان بار ئىكەن. ئۇ ھەمىشە: "ۋىيىەي، ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىدۇ كىشى، سەرايى قىيامەت دەپ بىكار دەمدۇ كىشى، مەيلى بولسا، ئاق بوغدايمۇ ئالدىمىغا كەلسۇن، قوغۇن-تاۋۇزلىرىمۇ..." دەپ ئۆمرىدە يېزىغا چىقىپ باقمىغان ئىكەن. قانداقتۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەر توختىمايدىكەن. كىم دېسە،

بىر ئېيتىپباقى! — دەپتۇ. ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش بىلەن قىز:

— "يولنى قىسقارتايلىمۇ؟" دېگىنى — ھېكايە-چۆچەك ئېيتىشىپ، مۇڭدىشىپ ماڭايلى — دېگىنى؛ "ئاشۇ بۇغدايلار دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرەرمۇ؟" دېگىنى — بۇغدايلارغۇ ئەمگەك بىلەن شۇنچە ئوخشاپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھوسۇلى كۆزدە باي-خوجاملارغا قەرزگە؛ قالغىنى ئامبالغا، قوتقىنى رامبالغا... كېتىپ، دېھقانغا يەنە ھېچنېمە تەگمەي قالارمۇ؟ — دېگىنى؛ "جىنازىدىكى ئۆلۈكمىدۇ، تىرىكمىدۇ؟" دېگىنى — شۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ بالىلىرى بارمىدۇ، يا بولمىسا ئارقىسىدا قالغان ياخشى كىشىلەرمۇ يوق، ئوبدان ئىشلارمۇ يوق — ھەقىقى ئۆلۈكمىدۇ؟ دېگىنى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئاتا بۇ قېتىمقى گەپلەرنى زېرىكمەي ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، قىزى قىلغان سوزلەرنىڭ مەنىسىگە يېتىپ قايىل بوپتۇ. ئانىمۇ قىزنىڭ سوزلىرى كوڭلىگە يېقىپ:

— ھوي جېنىم بوتام، ئەقلىڭدىن ئۆرگىلەي ئاناڭ! — دەپ باغرىغا بېسىپتۇ. شۇ يەردىن ئاتا ئوستەڭ بويىغا بېرىپ:

— ئېنىم، سەن خېزىر قوشقان ھەمرا ئىكەنسەن، بىلمەپتىمەن!... — دەپ ئۆيىگە باشلاپتۇ. بىر نەچچە كۈن مېھمان قىپتۇ. قىز تېخىمۇ خوش بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى يىگىت.

— ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم، — دېگەن ئىكەن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى.

— جېنىم بالام، ئەمدى سەن يالغۇز بېشىڭنى ئېلىپ نەگە بارىسەن؟ ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت — بەرىبىر ئۆز يۇرت... ئەمدى سەن بىزگە... ئوغۇل بولۇپ قالغىن، — دەپ پېشانىلىرىگە سۆيۈپ، ئېلىپ قاپتۇ.

دەك ھەركەتلەندۈرۈپتۇ.

ئوبۇلنىڭ قويىقى چېچى تىك بولۇپ، كاۋلىغى مېڭىسىدىن تېشىپ چىقىپتۇ. "مانا ئەمسە"، خوتۇنىنىڭ ئىككى قولىنى دولىسىغا يېقىن جايدىن چورتلا كېسىپ تاشلاپتۇ.

خوتۇن يىقىلىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بوي بەرمەي، يېتىپ تۇرۇپ، "قىرقىپتۇ" دىگەن مەنىدە ئىككى پۇتىنى قايچىدەك ھەركەتلەندۈرۈۋېرىپتۇ.

ئوبۇلنىڭ ئوغىسى تېخىمۇ قايناپ، كوزىگە قان تولۇپتۇ، غالجىرلىشىپ ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپتۇ-دە، خوتۇنىنى هارۋىغا بېسىپ ئاپىرىپ، تىك قىرغاقتىن دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

— ھە، مانا توي! — دەپ قارىسا، خوتۇن سۇنىڭ ئۈستىدە ئۆگدا يېتىپ دولىسى بىلەن ئۈزۈپ، بوي بەرمەي، ئىككى پۇتىنى يەنە قايچىدەك ھەركەتلەندۈرۈپ، "قىرقىپتۇ" دىگەندەك قىلىپ، كېتىپ بارغىدەك. ئوبۇل قىرغاق ياقىلاپ يۈگرەپ، بەزگەك تەترەپ توۋلاپتۇ. "تاختا بولغان، دە، تاختا!!" دەپ ۋاقىراپ تىللاپتۇ، ۋە:

— توختا. مەن سېنى تۇتۇپ چىقىپ، ئىككى پۇتۇڭنى تامام كېسىپ تاشلىمىسام...... — دەپتۇ-دە، ئارقىدىن ئۆزىنى تىك ياردىن دەرياغا تاشلاپتۇ.

تازا قىرقىپتۇ. كاۋلىق ھەر ئىككىسىنىڭ ئومرىنى قىرقىپتۇ.

جىملەك جاھىل، دەپ ھەممىگە پۇر ئىكەن......

ئوبۇل بايمۇ شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. "تېپىشمىغىچە ئېلىشماس" دىگەندەك ئىككىسى تېپىشىپتۇ.

"ھەر نىمە بولسا، باي ئوتكەن ئادەمنىڭ قىزىكەنغۇ......

'نىكا غايىپ' دىگەن شۇ" دەپ ئوبۇل ھىلىقى جوۋاننى ئاپتۇ. بىر كۈن ئوتە - ئوتمەي خوتۇننى ھارۋىسىغا سېلىپ، ئاتنى ئوزى ھەيدەپ يېزىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. كۈزلەككە يېقىنلاشقاندا، كورەڭلەپ ئېتىزلارنى تاماشا قىلدۇرۇپتۇ. توممىنى قىرلاپ:

— ئاشۇ كوز يەتمەيدىغان قىرلارمۇ بىزگە قارايدۇ، - دەپ ھارۋىنى بۇغدايلىق تەرەپكە تارتىپ سوزلەپتۇ. — قارىغىنا، بىزنىڭ بۇغدايلار نىمدىگەن تەكشى تاختا بولۇپ كەتكەن!...

— ۋاي ئاتا...م، راستلا بۇ بۇغداينى ھەجەپ تەكشى قىرقىپتا. قانداقمۇ قىرقىپ بولغاندۇ؟! - دەپتۇ خوتۇنى.

— قىرقىمىغان. تاختا بوپتۇ.

— نىمە دىگەنلىرى ئۇ؟ قىرقىپتۇ.

— ياق، قىرقىمىغان.

— قىرقىپتۇ.

— ھوي، تاختا بوپتۇ، تاختا!

— قىرقىپتۇ!

— قىرقىمىغان دەيمەن، قىرقىمىغان!

— قىرقىپتۇ.

ئوبۇل "تاختا بولغان" دىگۈزەلمەي، كاژلىق ئاچچىغىدىن "مانا قىرقىپتۇ" دەپ خوتۇننىڭ تىلىنى قىرقىۋېتىپتۇ. جىملەك يەنە "قىرقىپتۇ" دىگەن ئىشارە بىلەن ھەدەپ ئىككى قولىنى قايچە-

— ساتىدىغىنىڭنى بىلىمەن، — دەپتۇ قولىغا ئېلىپ كورۇپ،

كوڭلىگە ياققاندىن كېيىن، — باھاسى قانچە؟

— بىكارغا بېرىشنىڭ ئورنى يوق تەقسىر، ئون تەڭگە

بەرسىلە.

— پاھ، پاھ، سېنىڭ باھا قويىدىغانلىغىڭنى بىلىمەن، بازار

دىگەندە ئوشۇق گەپ بولىدۇ. 4 تەڭگە بېرەي.

بوۋاي 9 تەڭگىگە چۈشۈپتۇ. "بىلەرمەن" باي 5 تەڭگىگە چىقىپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر 7 تەڭگىگە سالا قىلىپ قويۇپتۇ.

— سىلەرنىڭ 7 تەڭگە قىلىپ قويىدىغىنىڭلارنى بىلىمەن.

ئۇنىڭدا قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. ماقۇل 5 يېرىم تەڭگە، بولامدۇ؟

"بىلەرمەن" باي تومۇردەك قاتتىقلىق قىلىپ، 6 تەڭگىگە ئاپتۇ.

پۇلىنى ساناپ بېرىۋېتىپ، بوۋايغا:

— سېنىڭ 6 تەڭگىنى كوزلەپ تۇرغىنىڭنىمۇ بىلىمەن، —

دەپتۇ. بوۋاي:

— تەقسىر، بۇ چاپاننىڭ بىر خىسلىتى بار...، — دىيىشىگە گەپنى

كېسىپ:

— بىلىمەن، چاپان دىگەننىڭ نىمە خىسلىتى بولىدۇ، — دەپتۇ.

بوۋاي يەنە:

— ياق، كېيىمگە قولاق سالسىلا، بۇ چاپاننى كىيىپ، "ئۈچ

چاپىنىم" دىسىلە ئۈچىدۇ. چۈشىدىغان چاغدا...، — بوۋاي سوزىنى

تۈگەتكىچە، "بىلەرمەن" باي يەنە گەپنى تارتىۋېلىپ:

— بىلىمەن، ھەي، بىلىمەن! 6 تەڭگىلىك چاپان ئەلۋەتتە

ئۈچىدۇ — دە، — دەپ گەپنىڭ ئاخىرىنى تىڭشىمايلا، چاپاننى

قولتۇغلاپ ئويىگە كېتىپتۇ.

## "بىلمەن"

بۇرۇن زاماندا بىر ـ بىرسىدىن "بىلەرمەن" ئەر ـ خوتۇن بولغان ئىكەن. خوتۇنى ئېرىگە بىر مەسلىھەت سالسا، ئېرى گەپنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەيلا "بىلمەن" دەيدىكەن. خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگىمەيلا "بىلمەن" دەپ تۇرىدىكەن. بۇلار بىلەرمەنلىكىنى ئۆيدىلا ئەمەس، يۇرت ئىچىدىمۇ قىلىشقا باشلاپتۇ. باشقىلار بىر نەرسە دېسىلا، "بىلمەن" دەپ يۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇلاردىن زېرىكىپ، قانداقمۇ قۇتۇلارمىز، دەپ پاراڭلىشىۋاتسا، ھىلىقى "بىلەرمەن" كېلىپ قېلىپ:

— بىلىمەن، سىلەر بىكارلا قۇرۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇسىلەر، ـ دەپ گەپنىڭ بېشىغا تېپىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزى بىلگەن يولغا كېتىدىكەن.

بىر كۈنى "بىلەرمەن" بازارغا بېرىپتۇ. ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ مال كورۇپتۇ. بىر بوۋاي: "ئۇز لايىغىدا خېرىدار چىقسا ساتارمەن" دەپ بىر چاپاننى كوتىرىپ يۇرۇپتۇ، بۇ چاپان بوۋايغا تۇتىنچى بوۋىسىدىن قالغان ئىكەن. بۇ چاپاننىڭ خىسلىتى "ئۇچ چاپىنىم" دېسە ئۇچىدىكەن، "چۈش شەيتىنىم" دېسە چۈشىدىكەن. "بىلەرمەن" باي بوۋاينى كورۇپ، قىچقىرىپ سوراپتۇ:

— بۇ چاپاننى ساتامسەن!

— ساتىمەن تەقسىر.

# كالدەك ئالتۇن

ئوتكەن زاماندا لەڭگەلچاق ياسايدىغان ئاكا-ئۇكا ئۆتۈپتۇ. ئاكىسىنىڭ ئېتى باقى، ئىنىسىنىڭ ئېتى شاشاقى ئىكەن. باقى ئىنىسى شاشاقىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ياراتمايدىكەن.

شاشاقى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، ئېسىل تاشتىن كوز ئويۇپ، بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ بىردانە ئىگەر ياساپتۇ. باقى ئومرىگە كېلىپ بۇنداق ئىگەرنى ياساپ باقمىغان ئىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ ئۇستىلىقىغا ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا پۈتكەن ئىگىرىنى ئوغۇرلاپ كويدۇرۇۋېتىپتۇ.

شاشاقى كويۇپ كەتكەن ئىگىرىگە قاراپ بەكمۇ ئېچىنىپتۇ، لېكىن بۇنىڭغىمۇ ئامال تېپىپتۇ: كويۇپ كۈلگە ئايلانغان ئىگەرنىڭ كۈلىنى خالتىغا قاچىلاپ، پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، — دەپ چوڭ تازىم قىپتۇ شاشاقى، — ئاتامدىن مىراس قالغان بىر خالتا كېپەك ئالتۇن بار ئىدى، كالدەك ئالتۇنغا تېگىشىپ بېرەلەمسىكىن، دەپ ھوزۇرلىرىغا كېلىۋىدىم.

— غەزىنىچى!... — دەپتۇ شاھ — ماۋۇنى ئۇيۇل ئالتۇنغا تېگىشىپ بەرگىن.

شاشاقى غەزىنىچى بىلەن غەزىنىگە مېڭىپتۇ. غەزىنىچى غەزىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:

ئۆيىگە كېلىپ:

— ھەي خوتۇن، ھاي باللىنىڭ ئانىسى، مەن بىر چاپان ئېلىپ كەلدىم...

— ھە، نىمە دەيلا؟ بازارغا بارغاندىن كېيىن چاپان ئېلىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەمەن، — دەپتۇ خوتۇنى.

— توختا، بىز بۇ چاپاننى كىيىپ، ئاسمانغا چىقىپ، دۇنيانى كورىمىز.

— ۋىيەي، تازىمۇ ئوبدان چاپانكەنغۇ! مۇنداق چاپاننىڭ ئۇچىدىغانلىقىنى بىلمەمەن. قېنى، كىيىپ باقسىلا.

"بىلەرمەن" باي چاپاننى كىيىپ، "ئۇچ چاپىنىم" دەپتىكەن، چاپان تەۋرىنىپ، ئاستا كوتۇرۇلۇشكە باشلاپتۇ. خوتۇنى توۋەندە تۇرۇپ:

— ۋاي دادىسى، چۈشۈشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا! — دەپتۇ.

— ھەي ئەخمەق، سەن دىمىسەڭمۇ بىلىمەن، — دەپ ئۇرلەپ كېتىپتۇ. دەرەخ بويى ئورلىگەندە بېشى قېيىپ، چۈشۈپ كەتمەكچى بوپتۇ. "چۈش چاپىنىم" دىسە، چۈشمەپتۇ. ئۇنداق قىلىپ، مۇنداق قىلىپ زادى چۈشۈرەلمەپتۇ. ئاخىر بولمىغاندىن كېيىن توۋەنگە قاراپ:

— ۋاي خوتۇن، مېنى تۇتۇۋال، مېنى تۇتۇۋال! — دەپ ۋاقىراپتۇ.

خوتۇنى بۇنى ئاڭلاپ، ئوز-ئوزىگە "بىلىمەن، سېنى مەن تۇتۇۋالسام چۈشەلمەيسەن" دەپ، ئېرىگە قاراپ، دوكمۇ-دوك، تاغمۇ-تاغ يۇگرەپتۇ. ئېرى بارغانسېرى ئورلەپ كېتىپتۇ. خوتۇنى ھاسىراپ-ھومۇدەپ تاقىقا چىقىۋاتقاندا، پۇتى سىيرىلىپ كېتىپ دۇمىلاپ كېتىپتۇ، تاشتىن-تاشقا سوقۇلۇپ ئولۇپتۇ. ئېرى بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ يوقاپتۇ. خوتۇنىنىمۇ كورەلمەپتۇ.

"ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىگەن" دىگەن تەمسىل مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

# ئۈچ ئەخمەق

بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۈچ كىشى بار ئىكەن، ئۈچىلىسى يىگىتكەن، يىگىت بولغاندىمۇ قۇرۇق سولەت، بىكار تەلەپ، تايىنى يوق ئىكەن. ئۇلار يازنىڭ تازا ئىسسىق قايناۋاتقان بىر كۈنىسى تاماشا قىلىمىز، گۈل قىسىمىز، دەپ بەشىرىق دىگەن يەرگە مېڭىپتۇ. بىر پېشىنى ئۈستۈن، بىر پېشىنى توۋەن قىلىشىپ كېتىپ بارسا، ئۇزى راسا كېلىشكەن، چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن نوچى بىر ئايال ئۇچراپتۇ. چوكان بۇلارغا تەبەسسۇم بىلەن تازىم قىپتۇ، يىگىتلەر ھاڭۋېقىپ بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ، ئاڭغىچە ئۇ چوكان خېلى يەرگە كېتىپ قاپتۇ. شۇ يەردىن بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا كۈلۈشۈپ، ماختىنىشىپ خېلى يەرلەرگىچە بېرىشىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن بىرى ئارقىسىغا قاراپ قولىنى كوتىرىپ:

— ئىمىدىگەن كېلىشكەن چوكان... ماڭا سالام قىلدى، كوردۇڭلارمۇ؟ - دەپ كورەڭلەپتۇ. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ:

— نىمە دەيسەن؟ ماڭا سالام قىلدى، ماڭا! - دەپتۇ.

ئاڭغىچە ئۈچىنچىسى تاقەتسىزلىنىپ:

— بىكار ئېيتىسىلەن، ئاكاڭغا سالام قىلدى، ئاكاڭغا! - دەپ ۋاقىراپتۇ. بۇ ئۈچەيلەن تالىشا-تالىشا ئاخىرى جالاقلىشىپ مۇشلىشىپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىدا بۇ يەرگە كېلىپ قالغان بىر بوۋاي

— مانۇ ساندۇققا توكۇپ قويۇڭ، — دەپ پولاتە بىلەن قاپلانغان ساندۇقنى كۆرسىتىپتۇ. شاساقى كۆلنى ھەم بىلەن ساندۇققا توكۇپ قويۇپتۇ. بىغەم غەزىنىدار ساندۇققا قاراپمۇ قويماستىن، باشقا بىر ساندۇقتىن بىر كاللەك ئالتۇننى ئېلىپ شاساقىغا بېرىپتۇ. شاساقى ئالتۇننى خالتىغا سالا — سالماي بەدەر ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ......

ئىنىسىنىڭ بىر خالتا ئالتۇن ئەكەلگىنىنى كۆرگەن باقى ئەھۋالنى سوراپ بىلىپتۇ. ئاندىن ئۇمۇ بىر دانە ئىگەر ياساپ كويدۇرۇپتۇ، كۆلنى خالتىغا سېپتۇ — دە، ”قايدىسەن كاللەك ئالتۇن؟“ دەپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ئۇلۇغ شاھى ئالەم، دادامدىن قالغان كىپەك ئالتۇنغا كاللەك ئالتۇن تېگىشىپ بېرەلەمسىز؟ — دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ باقى.

— جاللات!... — دەپ ۋاقىراپتۇ شاھ، — بىزنى ئالداپ يۈرگەن ئالدامچىنىڭ بېشىنى كەس!

”ۋاي مەن ئەمەس“ دەپ تىپچەكلىگەن باقىنى جاللاتلار سورەپ يۈرۈپ داقىرىتىپ، قىلىچلىرىنى پاقىرىتىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن بىر بۇرۇتلۇق جاللات قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى شارتتىدا ئېلىپ، گەۋدىسىنى سىگايان قىپ قويۇپتۇ. خالتىدىكى كۆلمۇ ئالتۇنغا ئايلىنالماي. باقىنى دوراپ ئاستا قىڭغىيىپتۇ.

بىرىنچىسى سوز باشلاپتۇ:

— قارىسىلا تاغا، بىر كۈنى ئۆيگە كىرىپ ئىسسىناي دەپ شۇنداق ئوچاقىقا يېپىلىسام، ئوچاق ئالدىدىكى كۆل دومباق بولۇپ تۇرۇپتۇ. قولۇمغا كوسەينى ئېلىپ، كۆلنى پاتاڭگۇشلىسام① قولۇمغا توت تۇخۇم چاچراپ چىقتى. دەررۇ بىر تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى سويۇۋېتىپ، ئاغزىمغا كاپ سالدىم. سېپ تۇرسام، ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئانام چىقىپ قالدى. ئانامدىن ئۇياتقىم كېلىپ، ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم ۋە قوۋزۇمنى پۇزنەك قىلىپ تۇرۇۋالدىم. ئاڭغىچە دادام كىردى:

— ۋاي ئوغلۇم، نىمە بولدى، ئىڭىكىڭ ئىشىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. كوزۇمنى پاقىرىتىپ:

— ھىم، — دىدىم. دادام ئانامغا بىر نىمىلەرنى دەپ تالاغا يۈگۈردى. ئانام:

— ئاغزىڭنى جىم تۇت، — دەپ كەتمەي قادىلىۋالدى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا دادام بىر سەتىراچنى باشلاپ كىردى.

— بالامنىڭ قوۋزى پۇزنەك بوپ قاپتۇ، يامان بولۇپ كەتمىسۇن، يېرىپ ئېلىۋەتسىلەر، — دىدى.

سەتىراچ ئۇستۇرىسى بىلەن قوۋزۇمنى ياردى. "مانا، قېپى چىقتى" دەپ تۇخۇمنىڭ ئېقىنى ئالدى؛ "مانا، يىرىڭى چىقتى" دەپ سېرىقىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىسىنى ئېلىۋەتتى، ساقايسۇن، دەپ ئاغزى - بۇرنۇمنى تېڭىۋەتتى......

مەن قاراپ تۇرۇپ ياڭغىمنى يارغۇزغان مانا شۇنداق ئەخمەق مەن.

---

① پاتاڭگۇش — قاغىلىق شىۋىسىدە قوچۇش، ئاختۇرۇش دىگەن سوز.

ھەيران بولۇپ:

— توختاڭلار، ھاي توختاڭلار، نىمە ئۈچۈن مۇشلىشىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۈچەيلەن تەڭلا:

— قارىماملا، بىر چوكان تازىم قىلىپ ئۆتۈۋىدى، شۇ تازىمنى تالىشىپ قالدۇق، — دەپتۇ. بوۋاي:

— مانا قىزىق! سىلەر مۇنداق ئۇرۇشۇپ تۇرغىچە شۇ چوكاننىڭ ئۆزىدىن سورىساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۈچ يىگىت بوۋاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ھېلىقى چوكاننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپ ئارقا - ئارقىدىن ھۇقۇيتۇپتۇ:

— خېنىم! ۋا... خېنىم سەل توختىسىلا. بايا قايسىمىزغا سالام قىلدىلا، قايسىمىزغا؟ — دەپ سوراپتۇ.

چوكان توختاپتۇ، بۇلارنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ سۆز قىپتۇ:

— قايسىڭلار بەك ئەخمەق بولساڭلار، شۇنىڭغا تازىم قىلدىم، — دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

بۇ ئۈچەيلەن:

— مەن ئەخمەق، مەن بەك ئەخمەق دېيىشىپ، يەنە مۇشلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئانغىچە ھېلىقى بوۋاي ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ:

— يەنە نىمە دەپ ئۇرۇشۇۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇلار بولغان ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىڭلار، ئاندىن قايسىڭلارغا سالام قىلغانلىقىنى ئايرىپ بېرەي، — دەپتۇ. شۇ يەردىلا "مەن ئېيتاي، مەن" دەپ

قارىماي، كاسامغا نەچچىنى تېپىۋەتتى، بولمىدى، ئاخىر: "سەن بەشىرىق كوچىسىدىكى جىگدە تۈۋىگە بارساڭ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازلاردىن بىرسى يولۇقىدۇ، شۇنىڭدىن سورىساڭ، ھەممە ئىش جىمىقىدۇ" دېدى. بارسام راست دېگەندەك بىر قىمارۋاز ئۆزى بىلەن ئۆزى سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. "ماڭا قارىسىلا" دەپ ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋىدىم، خاپا بولۇپ كەتتى، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ سەكرەپ كەتتى: "مەن بىر مىنۇت ۋاقتىمنى خوتۇنۇمنىڭ ئۆپىسىغا تەڭ قىلمايمەن!" دەپ مۇشت بىلەن ئوتتى ئۇرۇپ، پەشۋا بىلەن سەككىزنى سالدى.

"ۋاي ھەشقاللا! ئۇپا، ئۇپا، ئۇپا...سالى دېمىسىلە، يادىمغا يەتمەيتتى ئاكا" دەپ ئارقامغا ياندىم...

گەپ شۇ يەرگە يېتە-يەتمەيلا ئۈچىنچىسى سوز باشلاپتۇ:

— نېمە دەيدىكىن دېسەم... سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭ، مېنىڭ ئەخمەقلىقىمغا ياماقمۇ بولالمايدىكەن. مەن خوتۇنۇمغا سەندىنمۇ بەكرەك ئامراق ئىدىم. قارىسىلا، ئاكا! بىر كۈنى مەنمۇ بازارغا بارغىلى قوپۇۋىدىم، خوتۇنۇم: "ھەي بارمىسىلا، ئەنسىرەيمەن" دېدى. "ياق" دېۋىدىم، "ئانداق بولسا توختىسىلا، بازار دېگەندە ئادەم جىق، يەڭگۈش بولۇپ كەتمىسىلە. سىلىگە 'بىر نىشان' قىلىپ قوياي" دەپ بويىنۇمغا يوغان بىر جۇۋاز قاپىقىنى ئېسىپ قويدى. "بوۋ، دۇرۇس" دەپ يولغا راۋان بولدۇم. بازارغا كىرگىچە ئون ئالتە يەردە تېنىپ، سەككىز يەردە يېتىپ، ئاران باردىم. بازاردا ئادەم مىغ-مىغ، قىيامەت. ئۇقمايمەن نەدە تۇردۇم، قايان باردىم... بىر چاغدا ھېرىپ-ئېچىپ، ئۆزەمگە شۇنداق قارىسام، قاپاق يوق. "ئاپلا! مەن ئەمدى يۈتۈپ كېتىپتىمەن..." دەپ

شۇمىدى سىنىڭ سوزۇڭ!؟ — دەپ ئىككىنچىسى سوز باشلاپتۇ، — سىنىڭ ئەخمەقلىقىڭ مىنىڭ ئەخمەقلىقىمغا سۇ قويۇپ بىرەلمەيدىكەن. قارىسىلا، تاغا، مىنىڭ بىر ئاغىچام① بار ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراق ئىدىم. بىر كۇنى بازارغا بارغىلى قوپسام، "ھوي، ماڭا ئىككى پۇللۇق ئۇپا ئالغاچ كەلسىلە، جومۇ" دىدى. شۇ يەردىن بازارغا بارغىچە ئاغزىمدىن چۇشۇرمەي "ئۇپا، ئۇپا ئۇپا" دەپ باردىم. بازارنىڭ ئاغزىغا كەلگەن ۋاقتتا ئالدىمغا يوغان بىر ئېرىق ئۇچرىدى. ئالدىمغا بىر، كەينىمگە بىر مىڭىپ، ئېرىقتىن بىر ئاتلىۋىدىم، ئۇ يانغا يومۇلاپ چۇشتۇم. ئورنۇمدىن تۇرسام، ئاغزىمدىكى ئۇپا ھىلقى ئېرىققا چۇشۇپ قاپتۇ. ئېرىقنىڭ ئىچىگە سەكرەپ كىرىپ سۇنى ئىككى كۇنگىچە مالتىلاپ ئىزلىدىم. شۇنداق ئىزلەپ تۇرسام، بىر ئادەم كىلىپ "نەچچە كۇندىن بىرى بۇ سۇنى ئەجەپ ئىزلەپ كەتتىڭ، نىمەڭ يۇتۇپ كەتكەنتى شۇنچىۋالا؟" دەپ سورىدى. "سودىلىغىم ئاغزىمدىن سۇغا چۇشۇپ يۇتۇپ كەتتى. يا يادىمدا يوق، يا سۇدا. شۇنى ئىزلەۋاتىمەن" دىۋىدىم، ئۇ كىشى "سەن مۇنداق ئىزلەپ تاپالمايسەن، ئۇنىڭدىن كورە، مەدرىستىكى ھەزرىتىمنىڭ قېشىغا بىرىپ سورىساڭ، يادىڭغا سىپ قويىدۇ" دىدى. شۇ يەردىن مەدرىسكە بىرىپ ۋەقەنى ئېيتىۋىدىم. ھەزرىتىم بىر كۇلۇپ، بىر ئوكۇپ "نىمە دەيدىكىن دەپتىمەن بەچچىغەرنى... ماڭ مەدرىسنى قالايمىقان قىلماي!" دەپ قوغلىدى. مەن ئۇنىماي: "سادىغىلىرى كېتەي ئاخۇنۇم! سىلىنىڭ خوتۇنلىرىمۇ شۇنداق سودا بۇيرۇغان بولغىدى، بىر ئېيتىپ بەرسىلە" دەپ تۇرۇۋالدىم. يەنە كايىپ كەتتى، كەشىسىنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىگە

① ئاغىچام — قاغىلىق شىۋىسىدە خوتۇنۇم دىگەن سوز.

# ”تۇخۇنى يولدا چىللىتارمەن“

بۇرۇن - بۇرۇنتى، بورە خىزىرتى، تۈلكە ۋەزىرتى، ئاتام تۇغۇل-
مىغان، ئانام تورەلمىگەن، مەن چوك ئاتامنىڭ پادىسىنى بېقىپ
يۈرگەن زاماندا، بىر كەمبەغەل ئېشىگىنى توقۇپ. يۈك - تاقلىرىنى
ئارتىپ، ئاغامچىدا تارتىپ، نەق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، باشقا بىر
يۇرتقا يول ساپتۇ. بىر جايغا كېلىپ ئېشىگىنى سېتىپتۇ، يۈك -
تاقلىرىنى يۈدۈپتۇ. ماڭا - ماڭا مەنزىلگە يېتەلمەپتۇ، ياكى يېنىپ
ئۆز جايىغا كېتەلمەپتۇ. يەنە مېڭىپتۇ، قوساقلىرى ئېچىپتۇ، ئاچلىق-
تىن ھالسىزلىنىپ ئاران دىگەندە تاغارنى ئېچىپتۇ. ئوتتۇز كۈن
بولغان قاتتىق ناننى ئاغزىغا تىقىپتۇ، چىشى ئوتمەپتۇ، قاتتىغىراق
چىشلىگەن ئىكەن، ئىككى چىشى سۇنۇپتۇ، ئاغزىدىن قانلار ئېقىپتۇ.
بۇ بىچارە ئاچچىغىغا پايلىماي، ھىچنەرسىگە قارىماي مېڭىپتۇ.

تاغ - دەشتىلەرنى، چول - جەزىرىلەرنى، پاتقاق - سازلىقلارنى،
ئادەم يەيدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ياشايدىغان قېلىن ئورمانلىقلارنى
بېسىپ ئۆتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يۇرت ئىچىگە كىرىپتۇ. كىردى
دىسە ئوي يوق، مىنەي دىسە ئېتى يوق، يەي دىسە نېنى يوق،
ئېغىر ئەھۋالدا قېپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي، ھىچنىمىنى
سەزمەي يۇرتنى ئارىلاپ مېڭىپتۇ. بىر موماينىڭ ئويىگە كېلىپ،
بىر كېچە قونۇشنى ئوتۇنۇپتۇ. موماي بېخىل ئىكەن، كىرگۈزمەپتۇ.
بىچارە ئادەم يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماسلىققا

ھەزرىتىمگە يۈگۈردۈم. يىقىلىپ-قوپۇپ كېتىپ بارسام، ئالدىمغا جىق باللار ئۇچرىدى. "ۋاي ئاكا نەگە؟ نىمە ئىش؟" دەپ سورىدى.

"ئۆزەم يۈتۈپ كېتىپتىمەن... قاپاق يوق! نىمۇ دەر ئاچاڭلار" دېۋىدىم، باللار: "ۋاي ئەنە، قاپاق ئارقىلىرىدا تۇرىدىغۇ" دىدى. باللار قاپاقنى ئالدىمغا ئېلىپ كورسەتكەندە، قارىسام، راست، قاپاق ئارقامغا ئۇتۇپ قالغان ئىكەن... مەن دىگەن مانا شۇنداق ئەخمەق!

شۇ يەردىن ھىلىقى بوۋاي:

ئۇنداق بولسا، ئۈچۈڭلار بىر-بىرىڭلاردىن قېلىشمايدىغان ئەخمەق ئىكەنسىلەر. ئۇ چوقۇم ئۈچۈڭلارغا تەڭ سالام قىپتۇ،-دەپ ماجرانى ئايرىپ قويۇپتۇ.

چىشى ئۆتمەپتۇ، تاڭ يورۇپتۇ. قارىسا تۈزسىنىڭ بىر پاي كەشىسى لىكەندە تۇرغىدەك.

شۇنداق قىلىپ، پەخسىق موماي مېھماندىن توخۇنى قىزغىنىپ، زىمىستاندا كېيىدىغان ئاياق كېيىمىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ. مۇسابىر يولۇچى ياغ يەپتۇ، مومايىڭ كوڭلى داغ بوپتۇ.

كوزى يەتكەن موماي مىنىڭ تەسلىكتە ئۆيىگە كىرگۈزۈپتۇ.

مومايىنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، باللارنىڭ بىرى ئوچاقتا ئوتۇن سېلىۋاتقان ئىكەن، قازاندا گوش بار ئىكەن. بىر چاغدا شورپا قايناپتۇ — قايناپتۇ، لېكىن موماي ئالماپتۇ. يەنە ئوت قالاپتۇ. شورپىنىڭ تەمى ئوچاق ئالدىدىكىلەرنى جەلپ قىپتۇ. مومايىنىڭ باللىرى شورپىنى ئېلىشقا ئۈندەپتۇ. موماي توخۇنىڭ گوشى قازاندا پىشىپ كەتسمۇ، يولۇچىدىن قىزغىنىپ، باللىرىنىڭ بېقىنىدىن چىمداپ، كوزلىرىنى چىمىلدىتىپ قويۇپتۇ. باللىرى شۈك بوپتۇ. تون يېرىملىشىپتۇ.

ئىككى بالا ئۇخلاپتۇ. يولۇچى مومايغا ئۆزىنى سەھەردە ئويغىتىپ قويۇشنى ئېيتىپ يېتىپتۇ، مومايمۇ ئۇخلاپتۇ. مومايىنىڭ ئورىمۇ، بىچارە باللىرىمۇ، يولۇچىمۇ ئاچ يېتىپتۇ.

يولۇچىنىڭ قوساقلىرى ئاچ، ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قازاندىكى توخۇ شورپىسىدىن بىر قاچا ئىچىپتۇ، توخۇ گوشى بەلۋىغىغا تىزگۇپتۇ. مومايىنىڭ بىر پاي ئاياق كېيىمىنى قازانغا سېلىپ قويۇپ، مومايىنى ئويغىتىپتۇ. موماي:

— تېخى توخۇ چىللىمىدى، سەل يېتىپ ئاندىن تۇرۇڭ، — دەپتۇ. يولۇچى:

توخۇنى يولدا چىللىتارمەن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

موماي ئىشكنى ئېتىپ، لېگەننى يۇيۇپتۇ، "توخۇ گوشى"نى ئاپتۇ، شورپىسىنى ئۇسۇش ئۈچۈن قاچا يۇغلى تۇرۇپتۇ. باللىرى كۇتۇپتۇ، لېگەندىكى "گوش"نى تارتىپتۇ، قولىغا چىقماپتۇ. موماي كېلىپ پېچاقتا كېسىپ باللىرىغا بېرىپتۇ. باللىرىنىڭ چىشى ئوتمەپتۇ. موماي مېيى بار يەردىن كېسىپ ئاغزىغا سالغان بولسىمۇ،

"بىزنى دىسلە چاپسان كەلسىلە جۇمۇ!..." دەپ كۈلۈپتۇ. قېينا-تىلارمۇ ئاڭلاپ، ئاخىرىدا رازى بوپتۇ. "بارسا كەلمەس يولدىن ئۆزەڭ ساقلىغايسەن خۇدايىم!" دەپ دۇئا قىلىپ، يولغا ساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇستىقۇل جاھاننىڭ نېرىسىغا، ئالتە شەھەرنىڭ بېرىسىگە، بېرىسىگە بولغاندىمۇ يوغىنىغا، ھەممىگە داڭلىق بولغىنىغا رەببىم دەپ راۋان بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ھەپتىلەر كەپتۇ. ھەپتىلەر ئۆتۈپ، ئاي كەپتۇ، ئالدىغا نۇرغۇن ساي كەپتۇ، ساي كەلسە سۇيىنى پاچاق تۇرۇپ كېچىپتۇ، چۆل كەلسە، ياتاقنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئىچىپتۇ، دەريا كەلسە ئۈزۈپتۇ، خورجۇنغا بېلىقنى سۈزۈپتۇ. ئىشقىلىپ، مىدىرلاپ، جاننى ئەپلەپ بېقىپتۇ. جاڭگاللاردىن يول تېپىپ، لەڭگە① لەردىن پۇل تېپىپ، مەنزىلگە ئاران يېتىپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ھۇشىغا كېلىپ قارىسا، راست دېگەندەك چوڭ شەھەر... ۋاراڭ-چۇرۇڭ، مىڭ غەۋغا كېچە-كۈندۈز، شامۇ-سەھەر.

ئۇستىقۇل شەھەرنىڭ ئەلمى-تەلىملىرىنى بىلىپ، ئاستا ئۇقەتكە كىرىشىپتۇ، ئۇز شەھىردە يوق ھۇنەرلەرنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئايلار ئۆتۈپ، يىل كەپتۇ، يازلار ئۆتۈپ، قىش كەپتۇ، ئەمدى ئۆزىنىڭ قولىدىنمۇ يېڭى-يېڭى ئىش كەپتۇ. كۆزلىرىمۇ ئېچىلىپتۇ، ئەمما پىكرى چېچىلىپتۇ. قارىسا چوڭ شەھەر دېگەن باي كېلىدىكەن، بارغا سۆزۈك سۇ، يوقىغا لاي كېلىدىكەن. بازىرىمۇ چوڭ ئىكەن، يەتتە ئىقلىمدىن ئۆرلۈك

---

① لەڭگە — قونالغۇ، ئۆتەڭ.

# ئەينەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇ ئىقلىمنىڭ تولىسىدا ئىشلار ناھايىتى ئاددى ئىكەن، كىشىلەر ناھايىتى ساددا ئىكەن.

شۇ زامانلاردا بىر ئەر-خوتۇن بولۇپ، ئەرنىڭ ئىسمى ئۇستىقۇل، خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئايخان ئىكەن. ئېرى ھۈنەرگە تىرىشچان، خوتۇنى ئۆيدە ئىشچان، شۇنداق بىللە ياشايدىكەن. ئەمما بۇلارنىڭ ئۇقتى زادى ئىلگىرى باسماپتۇ، قانچە قىلىپ باقسىمۇ چاپىنى تىزىدىن ئاشماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇستىقۇل:

— خوتۇن، مەن ئەمدى بۇ كىچىككىنە ئاسمىنى ئەگلەكتەك شەھەردە ئولتۇرۇۋەرمەي، چوڭراق بىر شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كەلسەم قانداق بولار؟ ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئاتا-ئاناڭدىنمۇ بىر رازىلىق ئېلىپ بەرگىن، بىچارە-ساددا ئادەملەر ئىشنى ئۇقۇپ، ئۇزلىرى يولغا سالغىنى ياخشى، — دەپتۇ.

شۇ چاققىچە ئېرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇي ئىشىدىن باشقىغا قايرىلىپ باقمىغان بىچارە ساددا خوتۇن ئۇنىماپتۇ:

— قويسىلا، كۆڭلۈم ئەنسىرەيدۇ...— دەپ يىغلاپتۇ. ئۇستىقۇل:

— سەپەر قىلماق بوۋايلاردىن قالغان، "يالجىمساڭ، يەر يوتكەل" دەيتىكەن، يوتكىلىپ كورەي، ئىككىمىزنىڭ بەختى، بىر ئايلىنىپ كېلەي .. — دەپتۇ ئۇستىقۇل. خوتۇن ئاخىرى كونۇپتۇ،

راست يوغان بىر سۈزۈك تاش. ئىچىگە قارىسا تۈرغۈدەك بىر قەلەمقاش... ئايخان ئېسىنى بىلمەي ۋال-ۋۇل تاشنى تورگە يولەپ قويۇپ، كوزىنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىسا، ھىلقى چوكان يەنە تۇرغىدەك. شۇ يەردىن ئايخان: "ۋاي ئولەي، نىمكىن دەپتىمەن، ئايدەك... سوغا دەپ ئۇستۇمگە خوتۇن ئېلىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ؟! ئىست ئەقىدەم!" دەپ يىغلىغان بويىچە داتلاپ، تام خوشنا ئانىسىنىڭكىگە يۈگرەپتۇ...

ئانا ھەيران بولۇپ:

— تۈزۈك سوزلە قىزىم، توۋۋا دىگىن... — دەپ ئىشەنمەپتۇ. ئاخرى قىزىنىڭ دات-پەريادىغا چىدىماي، كۈيوغۇلىنىڭ ئويىگە كىرىپ قارىسا، تورده بىر نىمە پاقىرىغىدەك. يېقىن بېرىپ قارىسا، بىر قېرى خوتۇن تۇرغىدەك. چاندۇرماي "ئەسسالام، تىچ-ئامان كەللە، ئولتۇرسىلا، ئولتۇرسىلا" دەپ يۇقۇرىغا مىدىرلاپ قويۇپ، ملك قىلسىمۇ ئوزىنى تۇتالماي ئويدىن غىپپىدىلا يوقىلىپتۇ. تالاغا چىقىپلا پىشانىسىگە مۇشتلاپ: "ۋاي ئولەي، راست ئىكەن ئەمەسمۇ، قانداق قىلارمىز، نىمە دىگەن سەتچىلىك... سوغىسى قۇرىسۇن!..." دەپ يىغلاپ ھويلىسىغا يۈگرەپتۇ. چىقىپ قىزىغا قوشۇلۇپ، ھويلا-ئارامنى بېشىغا ئاپتۇ. ئاگىنچە قېيىناتا ناماز بامداتتىن يېنىپ، ئەسنەپ مېڭىپ، ھويلىسىغا كىرىپتۇ. كىرسە خۇددى ھازىنىڭ ئاۋازى. ئانا يۈگرەپ ئېلىپ:

ۋاي قارىماملا ئاتىسى، قوزىدەك كۈيوغۇلىمىز "ھۈنەر تېپىپ كېلىمەن دەپ بۇزۇلۇپ كەپتۇ، بۇزۇلۇپ..." دەپ ھوڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋېتىپتۇ. ئاتا:

— ۋاي، قانداق بۇزۇلۇپتۇ، ئېچىپ ئېيتساڭچۇ؟ خۇدا نىمە

تۈگىمەس مال كېلىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۈرلۈك تويماس گال كېلىدىكەن. چوڭ شەھەرنى شەھەر قىلغان كىچىك شەھەر ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرسى بىزنىڭ شەھەر ئىكەن...

ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ؟
ئاي خېنىمدەك يار بارمۇ؟...

دەپ ئۇ ئۆز شەھرىگە كېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ، كەتمەي بولماپتۇ. كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، شۇنداق بولسىمۇ بىر خالتا سايمان قىلىپ، خوتۇنىغا ئېلىپ ئەينەك سوغا، ئاستىغا ئېلىپ بىر يورغا، بىر كۈنى يولغا راۋان بوپتۇ. مىڭ مۇشەققەت-جاپا يولمۇ ئاخىرى تامام بوپتۇ. تازا ھېرىپ-ئاچقاندا، ئۆيگە يېقىن قالغاندا، كەچ كىرىپ زاۋال بوپتۇ. ئۇستىقۇل بىر لەڭگەرگە كېلىپ سايمان خالتىسىنى لەڭگەرچىگە بىر كۈنلۈك ئامانەت قويۇپ يېتىپ قاپتۇ، ئەتىسى ئامانەتنى ئۇنتۇپ، سوغىنى كوتىرىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇستىقۇل تاڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. كەلسە، ئايخان ئامان، چىرايلىرى سامان، ئىككىسى كورۈشۈپتۇ. خوشال بولۇپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇستىقۇل دەررۇ خورجۇننى ئېچىپ:

— خوتۇنۇم، ساڭا ئاجايىپ بىر سوغا ئەكەلدىم. قارىساڭ ۋال-ۋۇل بىر نىمە، ئۆزى بۇ يۇرتتا يوق نىمە، ئېتى بۇنىڭ "ئەينەك". ساڭا ئوخشاش ئايدەك...— دەپ يەڭلىكتەك ئوراقلىق بىر نەرسىنى خوتۇنىغا بېرىپتۇ، بېرىپلا ھويلىغا يۈگرەپتۇ: "خوتۇن، يولدا بىر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، ئەكىلىۋالمىسام بولمايدۇ، قېيناتىلىرىمغا سالام دە..." دەپ چىققان بويى ئاتقا مىنىپ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ.

ئايخان يېرىم خوشال ئۆيگە كىرىپ، سوغىنى ئېچىپ قارىسا،

تويۇڭ...- دەپ چۆقاننى باشقىدىن كۆتىرىپتۇ...

ئاخىرى بۇ ئىككى قېرى نېرى - بېرى ئويلاپ، ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىپتۇ. ئاخۇنۇم كەپتۇ كېلىپ "تەقدىر" دەپتۇ. دەۋاگەرلەر ئۇنىماي سوزلەپتۇ:

— سادىغىلىرى بولايلى ئاخۇنۇم، دەردىمىزگە بەتسىلە! يالغان بولسا ئۇزلىرى كىرىپ كورۇپ كەتسىلە. خىزمەتلىرىنى ئوتەيلى، چارىلىرىنى كۈتەيلى.

بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ ئاخۇنۇم: "مەنمۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە" دەپ ئۇستىقۇلنىڭ ئويىگە يول ساپتۇ، كىرىپ تورگە كوز ساپتۇ، قارىسا يوغان سىلىق تاش، دائىم ۋال - ۋۇل قىلغىدەك. يېقىن كەلسە ئۇزىدەك بىر ئاخۇنۇم تۇرغىدەك...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم. تەقسىر! - دەپ شۇنداق قول ئۇزاتسا، تىماق تېگىپ تاشقا، ئوت تۇتىشىپتۇ باشقا. ئاخۇنۇم يامان قورقۇپتۇ. ئايەتەلكۇرسىنى ئوقۇپتۇ، تالاغا قاراپ ھاسىسىنى ئاران - ئاران چوقۇپتۇ..

ئاخۇنۇم تالاغا چىقىشىغا، دەۋاگەرلەر كېلىپ قېشىغا:

— كوردىلىمۇ تەقسىر؟ - دەپ سوراپتۇ. ئاخۇنۇم دۇدۇقلاپ:

— كوردۇم، ئەمما، لېكىن... ئۇ خوتۇن بىلەن "قۇدا" يوق. تورگە قارىسام بىر ئاخۇنۇم مۇزدەك پاقىراپ تۇرىدۇ، ئەتىمالىم ئۇ ئۇزى سىلى دىگەن خوتۇننىڭ يۇرتىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، كورۇشەيلى دىسەم قوللىرى تاش. ئەزايى باشقا.. تىترەپ قالدى تېنىم... ئۇزى ساقلىغاي پىرىم، - دەيتۇ.

قېينانىلار تېخىمۇ غەم - قايغۇغا چوكۇپتۇ.

— دۇنيايىمىز كەتسىمۇ، بېشىمىزنى سىلى ئوڭشاپ قويسىلا،

مالا ئەۋەتكەندۇ، بۇ يۇرتقا! ـ دەپ پەشىنى قىستۇرۇپ پىقراپتۇ. ئانا:

ـ بىرى كەلسىلە، قولاقلىرىغا ئىيتاي، جۇۋاينىمەك كۆيوغلىمىز ئايدەك قىزىمىنىڭ ئۇستىگە مەندەك بىر قېرى خوتۇننى ئېلىپ كەپتۇ. ياقا يۇرتقا بارمىسۇن دىسەم ئۇنىمىدىلا، مانا شەرمەندىچەلىك، تويىسىلا! قىزىم ئەمدى ئۇ قېرىنىڭ قولىدا نىمە كۈنلەرنى كورەر. ئاللا خۇدايىم. ئاللا! ـ دەپ ئاھ ئۇرۇپ، تووۋلاپتۇ، ئاتا ئەمدى كايىپتۇ:

ـ تووۋلىما ئانىسى، تووۋادە. قېنى، ئۇ خوتۇن قەيەردە؟ مەن بىر كورەي، جۇر! ـ دەپتۇ.

ئانا زادى ئۇنىماپتۇ:

ـ مېنى ئۇ يەرگە سورىمەي، كورۇپ چىقسىلا ئوزلىرى. كوزۇم كورمىسۇن ئۇ دەللە، باشقا بالا قېرىنى! ـ دەپ يەنە يىغلاپتۇ. ئاتا شۇ يەردىن ئاستا كۆيوغۇلىنىڭ ئويىگە كىرىپ، تۇرگە شۇنداق قارىسا، بىر سۆزۇك تاش پاقىراپ تۇرغىدەك. ئىگىشىپ قارىسا، بىر ئاقساقال ئادەم......

ـ ئەسسالامۇئەلەيكۇم قودا. بۇيان كەپلا، ئامىن ئاللاھۇئەكبەر. ۋاي ئۇلتۇرسىلا! ـ دەپتۇ. "مېھمان" شۇنداق ئولتۇرۇشىغا، ئاتا قايرىلغان بويى لىپلا قىلىپ ئوزىنى تالاغا ئاپتۇ. تالاغا چىقىپ ساقىلىنى تۇتاملىغان بويى ئويىگە يۇگرەپتۇ...

ـ ۋاي ئانىسى، راست ئىكەن. سەن دىگەن خوتۇن ئوزىنى چەتكە ئالدى، ئەتىمالىم، مەن كىرسەم ئۇ خوتۇننىڭ دادىسى ئولتۇرۇپتۇ، ـ دەپتۇ. ئانا:

ۋاي تېخى ئۇ قېرىنىڭ دادىسىمۇ بىللە كەپتىمۇ، مانا كەلگۇلۇك!

كۈلۈشۈپ، كۈيوغلىغا قاراپتۇ. ئۇئۇشماسلىق كوڭۈلدىن شۇلدىن باشلاپ تاراپتۇ. ئاندىن كېيىن كۈيوغۇل ئەينەكنى ئوتتۇزۇپ ئانىغا، ئوتتۇپتۇ قاتارغا. شۇ چاغ بۇلار قارىسا، كۈيوغۇل ئەينەكتە تۇرغىدەك. ئاتا سوزنى باشلاپتۇ:

— خاپا بولمىساق بولغىدەك...

ئاخىر ھەممىسى ئەينەكنى قولغا ئېلىپ كورۇشۇپتۇ، خۇدايا تووۋا... ھىكمەت، دەپ ئۇزاققىچە كۈلۈشۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ياخشى - خوپ بولۇپ قاپتۇ. ئەل ئىچىدە بۇ ۋەقە چوچەك بولۇپ تاراپتۇ.

ئاخۇنۇم، — دەپتۇ.

ئاخۇنۇم دۇنيانى ئاڭلاپ:

— ئانداق بولسا، شۇ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھورمىتىگە بۇرتىقا بىر چاي قويسىلا. ۋاللاھۇئەلەم، شۇ ۋاقىتتا ئاندىن بىر گەپ بولۇپ قالار، — دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن دەردى-بالا تېخىمۇ بوغناپ چوڭ بوپتۇ؛ بىردەمدىلا بۇ ۋەقە يۇرت ئىچىگە پۇر بوپتۇ...

پېشىنغا قالماي ئۇستىقۇل كەلسە، خوتۇنى يوق ئۆيدە. خورجۇنلىرى تاشلاغلىق، ئەينەك تۇرغىدەك نۇردە. ھەيران بولۇپ ئۇستىقۇل، قېيناتىسىنىڭكىگە چىقىپتۇ. چىقسا ۋاڭ-چۇڭ، تاپا-تەنە. ھەممە ئۇنىڭدىن قېچىپتۇ... ئۇستىقۇلنىڭ بېشى قېتىپتۇ، كېيىن ئويلىسا، ھەممە گەپ-سىر "تاشتا" ئۇقۇشماسلىق تۇغۇلۇپتۇ، چۈشەندۈرمىگەچكە باشتا. شۇ يەردىن ئۇستىقۇل ئولتۇرۇپ، بىر خاپا بولۇپ، بىر كۈلۈپ، نېمە قىلىشنى بىلمەپتۇ. قېيناتىلىرىغا ھوزۇر قويۇپ، ئايخاننى ئۆيىگە جۆر دەپتۇ. ئايخان يىغلاپ، ئېسەدەپ "ئۆيدە ئۇ تۇرسۇن، يا مەن..." دەپ چىقىشقا زادى كونمەپتۇ.

قانچە قىلسىمۇ، بەۋا كەلمەپتۇ سوز-تازىم، ئۇستىقۇل ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟

ئاخىرى ئۆيىگە قايتىپ، ئەينەكنى ئېلىپ چىقىپتۇ. قېينانا، قېيناتا، ئايخان دەقەمتە تۇرغاندا، ئاستا ئېلىپ قوينىدىن ئۇلارنىڭ يۈزىگە تۇتۇپتۇ. ئىككى قېرى ھەيران بولۇپ، ئەينەككە داجىپ قاراپتۇ. ئايخان قارىسا ئەينەككە، ئاتا-ئانىسى تۇرغىدەك. ئاتا قارىسا ئەينەككە، ئانا بىلەن قىز تۇرغىدەك، ئانىسى قارىسا ئەينەككە، دادا بىلەن قىز تۇرغىدەك، بۇ نۆچەيلەن

بۇلار بىر كۈنى قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە جۇمەلەپ بېرىپتۇ. قايتىش ۋاقتىدا قېيناتىسى بۇلارغا 2 جىڭ گوش يولـلۇق تۇتۇپتۇ. بۇلار گۆشنى ئەكىلىپ قازانغا سېپتۇ. گوش ئەمدى پىشاي دېگەندە:

— ۋاي خوتۇن، گوشنىمىزغۇ يەيمىز، چىش كولىغۇچ يوق. قانداق قىلىمىز؟ - دەپتۇ شىتىلە. بۇ پىكىرنى قۇۋۋەتلەپ:

— بىز ھەممە ئىشنى ئالدىن تەييارلاپ كەلگەن ئەر - خوتۇن تۇرۇپ، ھەجەپ ئۇنى ئويلىماپتىمىز - ھە؟ - دەپتۇ پىتىلە.

چىش كولىغۇچنىڭ ئارچا ياغىچىدىن بولىدىغانلىقىنى، ئارچىنىڭ تاغدا بولىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپ، گۆشنى قازاندا قويۇپ، ئاۋال تاققا بارماقچى بوپتۇ. ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئاچقۇچنى قويۇشقا يەر تاللاپتۇ. بۇلار بىر زامانلار كېلىپ دېخانچىلىق قىلىشىق لازىم بولىدۇ، دەپ بىر تۈز يەرنى خامان قىلىپ، ئوتتۇرىسىغا موما ياغاچ قاداپ قويغان ئىكەن. قارىسا، موما خېلى ئېگىز. ئەر - خوتۇن بىر - بىرىنى يۆلۈشۈپ تۇرۇپ ئاچقۇچنى مومىنىڭ ئۇچىغا ئېسىپ قويۇشۇپتۇ ۋە بۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ قولى بەتمەيدۇ، دەپ جەزمە قىلىشىپ تاققا راۋان بوپتۇ. بۇلارغا يولدا ھېلىگەر بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. ئۇ شىتىلە بىلەن پىتىلىگە سالام بېرىپ:

— يول بولسۇن! نەگە مېڭىشتىلا؟ - دەپ سوراپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە بىر - بىرىسىنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى تارتىۋېلىپ، سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— ۋاي تەقسىر، بۈگۈن قېيناتىمىزنىڭ ئۆيىگە جۇمەلەپ بارساق 2 جىڭ گوش بەردى. ئۇنى قازانغا سېلىپ، ئەمدى يەيلى دېسەك چىش كولىغۇچ يوق. شۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاققا كېتىۋاتىمىز.

# شتىلە بىلەن پىتىلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر-خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئېرىنىڭ ئېتى شتىلە، خوتۇنىنىڭ ئېتى پىتىلە ئىكەن. بۇلار مەھەللىدىن چەتتەرەك پاكار بىر ئۆيدە تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۆينىڭ لىم ياغىچى غارسىلداپ سۇنۇشقا باشلاپتۇ. ئەر-خوتۇن ئۇنىڭغا چارە قىلماقچى بولۇپتۇ. شتىلە:

— نوغۇچنى تۈۋرۈك قىلايلى، — دەپتۇ. پىتىلە قارشىلىق كۆرسىتىپ:

— نوغۇچ بولمىسا، بىز ئۇرۇقلۇق بۇغداي تېپىپ تېرىپ، ئورۇپ، يىغىپ، ئۇن تارتىپ كەلگەندە قانداق قىلىپ ئاش ئېتىمىز؟ مۇنۇ ھاسىنى تۈۋرۈك قىلايلى، — دەپتۇ. شتىلە قوپۇپ:

— سەن تەييار ھاسىنى تۈۋرۈك قىلىپ قويساڭ، مەن قېرىغاندا نىمنى تايىنىمەن؟ تۇغىدىغان بالىلىرىڭ چوڭ بولۇپ باش-باشتاقلىق قىلسا، نىمە بىلەن ئەدەپلەيمەن؟ سەن ئاش ئېتىۋاتقاندا ئۇ ئەگۋاش ئۆتۈن ئەكىرگىلى چىقىپ ئويناپ قالسا، ھاسام بولمىسا، قانداق تالاغا چىقىپ قىچقىرىپ كىرەلەيمەن؟ سەن زادى كېيىنلىكنى ئويلىمايسەن، — دەپتۇ.

سونۇشقا باشلىغان ياغاچ پەسلەشكە باشلاپتۇ. شۇ ئارىدا تونۇر-كوسىيى قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ يۈرگەن بىر تال چەنزىسى بار ئىكەن، ئۇلار شۇنى تۈۋرۈك قىلىپ، لىمنى توختىتىپ ئاپتۇ.

تاغدا بولىدۇ. ئاخىرى چوچۇرىنى قازانـدا قويۇپ، تاقـقا ماڭاقچى بولۇپـتۇ. بۇ قېـتىم ئاچـقۇچنى بۇرۇنـقىدىن يوشۇرۇنـراق جايغا قويۇشنى مەسلىھەتلىشىپ، تونۇر تۈۋىدىكى كۈلگە كومۇپ، ئۈستىگە ئەگرى-بۈگرى قىلىپ سۇ سېپىپ، بەلـگۇ قىلىپ قويۇپ، تاقـقا مېڭىپتۇ. يولدا ھېلىقى ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە بۇ نۆۋەت ئالداپ قۇتۇلماقچى بولۇپ كېلىشىۋاپتۇ.

— ھە، يول بولسۇن؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— تاققا بارمايمىز، شىلۋە ياغـچى ئالـمايمىز، چوكا ياسمايـمىز، — دەپتۇ شىتىلە.

— ئۆيدە چوچۇرە ئەتـمىدۇق. ئاچـقۇچنى كۈلـنىڭ ئاستىغا كومۇپ، ئۈستىگە ئەگرى-بۈگرى سۇ سېپىپ قويـمىدۇق، — دەپتۇ پىتىلە.

يولۇچـى بۇلار بىلەن خوشـلىشىپ، توپـتوغـرا شىـتىلە بىلەن پىتىلىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ-دە، چوچۇرىنى ئىچىپ قازاننىڭ ئاغزىنى بۇرۇنـقىدەك يېپىپ قويۇپ، ئىشكـنى قۇلۇپـلاپ، ئاچـقۇچـنى ئۆز جايىغا قويۇپ كېتىپتۇ. بۇ قېتىمدا شىتىلە بىلەن پىتىلە 5 كۈندە كەپتۇ. ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشكنى ئېچىپتۇ. بېرىپ قازانـغا قارىسا ھېچنىمە يوق، بىر چىۋىن قازاننىڭ ئىچـىدىكى نەمـلىكنى شۈمۈپ تۇرغىدەك، بۇنى كورگەن شىتىلىنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، چاپسان بول، پالتىنى ئەكىلىپ بەر، — دەپتۇ.

پىتىلە پۈتىنىڭ ئۇچـىدا بېسىپ، پالـتىنى ئەكـىلىپ بەرگەن ئىكەن، شىتىلە چىۋىننىڭ مېڭىسىنى نىشانلاپ تۇرۇپ، راسا كەلتۈرۈپ بىرنى قويۇپتۇ، قازان 8 پارە بوپتۇ. چىۋىن ئۇچۇپ بېرىپ پىتىلە-نىڭ بېشىغا قونۇپتۇ.

— ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويدۇق، — دەپتۇ پىتىلە، — گوش پىشاي دەپ قالغان، يەنە كىرىپ يەپ كەتسىلە جۇمۇ؟

— نىمە دىگەنلىرى بۇ خېنىم، — دەپتۇ ھىلىقى ئادەم، — ئۇنداقمۇ قىلامدىغان.

ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز يوللىرىغا كېتىپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلىنىڭ قارىسى يوتۇش بىلەن ھىلىقى ئادەم ئۆيگە كىرىپ گوشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يەنە ئاۋالقىدەك موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە تاقىقا بېرىپ، ئارچا تېپىپ، چىش كولىغۇچ ياساپ، ئۈچ كۈندە ئاران ئۆيىگە كەپتۇ. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىگە بىر دانە دولەت قوڭغۇزى ئومۇلەپ بوسۇغىدىن چىقىۋاتقان ئىكەن، بىر-دەمدىلا بىر توشۇككە كىرىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە كېلىپ قازاننى ئاچسا، ھىچنىمە يوق.

— ئاپلا، بۇنى ھىلىقى قوڭغۇز يەپ كېتىپتۇ، — دەپ ئارقىدىن قوغلاپ چىقسا، ھىچنىدە يوق. ئىشىكنى ياپماي كىرگەنلىكى ئۈچۈن ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە خېلى تاپا-تەنە قىلىشىپتۇ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە يەنە جۇمەلەپ بارغان ئىكەن، چوچۇرە بىلەن مېھمان قىلىپ، قايتىش ۋاقتىدا بىر جىڭ گوش بېرىپتۇ. شىتىلە بىلەن پىتىلە گوش بىلەن چوچۇرە ئېتىپتۇ. ئاش پىشقاندا قىيناتىسىنىڭ ئۆيىدە چوچۇرىنى چوكا بىلەن ئىچكەنلىكى ئېسىگە كەپتۇ-دە، بىر شەرتىنىڭ ھازىرلانمىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال چوكىنى قانداق ياساش ئۈستىدە ئويلاپتۇ، ئۇنىڭ شىلۋە ياغىچىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى ئەسلەپتۇ. شىلۋە ئەلۋەتتە

# مىس قازان

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەمنىڭ بىر مىس داشقازىنى بار ئىكەن. بۇ قازان تولىمۇ يوغان بولغىنى ئۈچۈن ئىشلىتەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم بۇ قازاننى قازانچىنىڭ دۇككىنىغا ئىككى قازان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىپتۇ. قازانچى بۇنى كۆرۈپ كۆڭلىگە باشقىچە بىر خىيالنى پۈكۈپتۇ-دە:

—بولىدۇ، ئىككى قازان قىلىپ بېرەي، بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى كېيىن كېلىپ:

—ئۇستام، قازان پۈتتىمۇ؟ — دەپتىكەن،

—يوغىسۇ، قازاننىڭ مىسى بەك بېزەپ بولۇپ كېتىپتۇ، ئىككى قازان چىقمىغىدەك، — دەپتۇ قازانچى.

قازان ئىگىسى:

—ئانداق بولسا، بىر قازان چىقار، بىر قازان بولسىمۇ ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

—ماقۇل، ئۇنداق بولسا، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپتۇ قازانچى.

قازان ئىگىسى بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈپ كەلسە، قازانچى ۋايساپ:

—بىر قازانمۇ چىقمىدى كورسىلە، — دەپتۇ.

— ۋاي خوتۇن، — دەپتۇ شىتىلە، — مىدىرلىماي تۇر، بۇ قۇرغۇر سېنىڭ بېشىڭغا قوندى، بۇنىڭ ئەدىۋىنى بەرمىسەم بولمايدۇ، — دەپ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بېرىپ، بىر قويغان ئىكەن، خوتۇنىنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ھېلىقى قۇۋ چىۋىن "غىڭ" قىلىپ ئۇچۇپ تۈۋرۈككە قونۇپتۇ. شىتىلىنىڭ ئەرۋايى ئۇچۇپ، تومۇرلىرى چوچۇپ، ئاچچىغى ئىچىگە، غەزىۋى بېشىغا ئۇرلەپتۇ.

— سەن ھېلىگەر قۇۋ چىۋىن، — دەپتۇ شىتىلە، — ئاشنى ئىچىڭ، قازاننى چېقىڭ، خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈڭ، ئەمدى تۇرۇككە قونۇپ ئۇگىزنى كوتۇرۇگىما؟ ھىم...مەن سېنىڭ شۇنداق ئەدىۋىڭنى بېرەيكى، خەپ توختا!

ئۇ، پالتىنى ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ئاستا پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ تۈۋرۈككە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندا، تۈيۈقسىزلا ئىشىك ئېچىلىپتۇ، قارىسا، بايىقى ئاچكوز ئادەم كىرىپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇ كوڭلىدە بۈگۈن نەق سامسا تەييارلاپ قويغاندۇ، دېگەن گۇمان بىلەن كىرگەن ئىكەن. ئۇ شىتىلىنىڭ "خەپ شۇك"دېگەن شەرتى بىلەن جىم تۇرۇپ قاپتۇ، شىتىلىنىڭ قولىدا پالتا بارلىقىنىمۇ ئۇققاپتۇ. شىتىلە ئەپلەپ تۇرۇپ تۈۋرۈككە راسا كەلتۈرۈپ بىرنى قويغان ئىكەن، تۈۋرۈك نەق ئوتتۇرىسىدىن ئىككى بولۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ. تۈۋرۈك بىلەن بىللە لىممۇ چۈشۈپتۇ. چىۋىن ئۇچۇپ تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ، سۇنغان يوغان لىم ياغاچ بولسا، توپ-توغرى ھېلىقى ئاچكوز ئادەمنىڭ قاق چوققىسىغا چۈشۈپ، "ۋايجان" دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئۇستىخانلىرى پېقىش-پېقىش بولۇپ جان بېرىپتۇ. شىتىلە بولسا، ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى يوق چىۋىننى قوغلاپ كېتىپتۇ.

قازانچى قازان ئىگىسىنى ساددە كۆرۈپ، بىر پۈتۈن قازاننى يەپ كېتەلىگىنىگە تازا خوشال بوپتۇ ۋە كېيىن ئويلاپ شاگىرتىغا:
ئۇ ئادەم نىمە دىسە ماقۇل دەيدىغان تازا ساددە ئادەم ئىكەن. بىز ئۇنىڭ قازىنىنى بىلەن قانائەتلەنمەي: "قازىنىڭىزنى بۇزۇپ ئىككى قازان قىلىشقا، ئاندىن چوگۇن قىلىشقا، كېيىن بولماي قوشۇق قىلىشقا، ھەتتا بىگىز قىلىشقا بىرقانچە كۈن ئەمگەك قىلدۇق. شۇ ئەمگىكىمىزنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىڭ" دەپ ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى، ــ دەپتۇ.
مەسلىھەتچە، بىر كۈنى قازانچى شاگىرتى بىلەن ئىككى ئېشەككە مىنىپ، ئىككى تاغارنى ئاستىغا سېلىشىپ، ھېلىقى قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. قازانچى يولدا شاگىرتىغا:
ــ مەن ئىككى تاغارنى كوتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىمەن. سەن ئېشەك ئالدىدا تۇرۇپ سالا قىلىپ بەر. ئۇ تايىنلىق بىزگە خېلى بىر نىمە بېرىدۇ. "مۇشۇ بولارمۇ؟" دىسە، سەن "ياق، ئاز بولۇپ قالدى، يەنە... يەنە..." دەپ تۇرغىن! ــ دەپ جېكىلەپتۇ.
ئۇلار قازان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە شاگىرتى ئېشەك ئالدىدا قاپتۇ. ئۇستىسى ئۆيگە كىرىپ:
ــ ئۇستام، ئەمگەك ھەققىمىزنى بېرىۋەتسىلە! ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
ــ قانچىلىك نەرسە بەرسەم بولار؟ ــ دەپ سوراپتۇ قازاننىڭ ئىگىسى.
قازانچى بولسا تەمتىرىمەستىن تۇرۇپ:
ــ ئېشەك تۇۋىدە شاگىرتىم بار، ئۇ خالىس نەرسە، شۇ تالادا تۇرۇپ تۇرىدۇ، سىلى بەرگەننى بېرىپ، "بولدىمۇ؟" دەپ شۇنىڭدىن سورىسىلا، ــ دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قازان ئىگىسى. — بىر چوگۈننى چىقار، ھېچ بولمىغاندا چوگۈن ياساپ بەرسىلە.

قازانچى:

— ھەر نىمە چىقسا بىر ھەپتىدىن كېيىن كورەيلى، — دەپتۇ.

قازان ئىگىسى دىگەن قاراردا كەلسە، قازانچى:

— ۋاي ئاكا، چوگۈنگە چۇشلۇقمۇ مىس يوق ئىكەن، — دەپتۇ.

قازان ئىگىسى:

— ئۇنداق بولسا، بىر قوشۇق ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ماقۇل، يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كەلسىلە، — دەپتۇ قازانچى.

قازان ئىگىسى كۈننى ساناپ بىر ھەپتىنى توشقۇزۇپ كەلسە، قازانچى يەنە:

— ۋاي ئاكا، قوشۇق ياسىغىدەكمۇ مىس چىقمىدى، — دەپتۇ.

قازان ئىگىسى خاپا بولماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئۇستام، بۇ قازان ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان بىر نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتمىسۇن، ھېچ بولمىغاندا بىر بىگىز چىقار. خاپا بولماي بىر بىگىز ياساپ بەرسىلە، — دەپتۇ

قازانچى "ماقۇل" دەپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن:

— ۋاي ئاكا، بىگىز قىلغىدەك بىر نەرسىمۇ چىقمىدى، — دەپ قاپاقنى ئۇشۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

قازاننىڭ ئىگىسى ئوز ئىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، دېمىنى سىرتقا چىقارماي ئويىگە قايتىپ كەپتۇ. ئويلا - ئويلا: "توختا، بۇ قازانچى قاراپ تۇرۇپ يوغان بىر قازاننى يەپ كەتتى، مەن ئۇنىڭدىن بىر ئوچۇمنى ئالاي" دىگەن يەرگە كەپتۇ، بىراق، قانداق قىلىپ دەردىنى چىقىرىشنىڭ يولىنى تاپالماپتۇ.

دىگىن دىمەيمەنلا؟ مەن قوناق بىرىۋاتىمەن، دەپ ئويلاپ "بول-
دىمۇ؟" دىسە، "ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە..." دەۋېرىپتىمەن.
ئۇنىڭ قوناق ئورنىغا كالتەك بەرگىنىنى مەن نەدىن بىلەي،-
دەپتۇ.

ئۇزۇندىن بىرى قازاننىڭ ئەلىمىدە تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن قازان ئىگىسى ئىشىكنى ئىتىپ، ئوچاق يېنىدىكى يوغان بىر كالتەكنى ئېلىپ:

ــ مانا سىزنىڭ ھەققىڭىز! ـ دەپ قازانچى ئۇستىنى راسا ساۋاپ ھېرىپ كېتىپ، تالادىكى شاگىرتىدىن:

ــ بولدىمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

باياتىن بېرى ئۇستامغا قوناق سوقۇپ بېرىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىغان شاگىرت، ئۇستىسىنىڭ يولدىكى جېكىشى بويىچە:

ــ يوغىسۇ، ئاز بولۇپ قالدى. يەنە...يەنە...! ـ دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئوي ئىگىسى ئۇستىنى يەنە ئۇرۇپتۇ. ھېرىپ توختاپ:

ــ بولدىمۇ؟ ـ دىسە، شاگىرت:

ــ يەنە، يەنە... ـ دەپتۇ.

ئوي ئىگىسى ئۇستىنى ئۇرۇپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپ، ئاخىرى ئىشىكنى ئېچىپ شاگىرتىغا:

ــ ئەمدى ئوزىڭىز كىرىپ كورۇپ بېقىڭ، بولار ئەمدى، ـ دەپتۇ.

شاگىرت كىرسە، ئۇستىسى يېرىم جان بولۇپ، تاياق زەربىدىن تولغىنىپ ياتقىدەك. ئۇمۇ قورقۇپ كېتىپ، دەررۇ ئۇستىسىنى يېشەككە ئارتىپ ئويىگە ئەكەپتۇ.

بىر چاغدا ئۇستىسى كوزىنى ئېچىپ شاگىرتىنى كورۇپ:

ــ ھوي، نىمانداق قىلىسەن؟ ئۇ ئۇرۇپ ھارسا، سەن تالادا تۇرۇپ "يەنە" دەۋاتىسنا، ـ دەپ جان ئاچچىغىدا تىللاپتۇ.

ــ ئۇستام، ئوزلىرى يولدا كېتىۋېتىپ ئويدە "بولدىمۇ؟" دىسە، سەن تالادا تۇرۇپ "ئاز بولۇپ قالدى، يەنە، يەنە..."

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ دىخان. پادىشا يەنە بىر قېتىم:
— بارىكاللا، — دەپتۇ.
لېكىن دىخاننىڭ شۇنچە مېھنەت قىلىپ پىشۇرۇپ، ئېقىدە بىلەن ئېلىپ كەلگەن چىلگىسىنىڭ قەدرىگە يەتمەي، دىخانغا ھېچنەرسە ئىنئام قىلماپتۇ.
دىخان پادىشانىڭ ئوردىسىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، قوسىغى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بىر دۇكاندا "پولو، مانتۇ" دەپ ۋاقىراپتۇ ئاشپەز. دىخان بىر ئويلىنىپ، تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپتۇ. يىگىرمە مانتا بۇيرۇپ يەپتۇ. قوسىغى تويغاندىن كېيىن، ئاشپەزنى چاقىرىپ:
— ئۇستام، مۇشۇ مانتا ئەشۇ قاسقاندا پىشتىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دىخان:
— بارىكاللا! — ئېتىپ يەنە سوراپتۇ:
— ئۇستام، مۇشۇ مانتىنى ئۆزلىرى ئەتتىلىمۇ؟
— ھەئە، — دەپتۇ ئاشپەز. دىخان يەنە:
— بارىكاللا! ناھايىتى ئوخشاپتۇ، بارىكاللا! — دەپ، مانتىنىڭ پۇلىنى تولىمەي، دۇكاندىن چىقىپ مېڭىپتۇ. بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ئاشپەز تېرىكىپ:
— قانداق نىمە سەن؟! مانتا دىگەن پۇلغا كېلىدۇ، سېنىڭ قۇرۇق بارىكاللائىڭغا بېرىدىغان مانتا يوق. ئەكەل پۇلنى! — دەپ دىخاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ. دىخانمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ بىلەن جىدەللىشىپتۇ. ئاچچىقىغا بەس كېلەلمىگەن ئاشپەز دەررۇ دىخاننى سورەپ پادىشانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، ئەرز قىپتۇ. پادىشا دىخاندىن:
— نەمىشقا مانتىنى يەپ پۇلنى تولىمىدىڭ؟ — دەپ غەزەپلىنىپ

# باركاللا

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر دىخان بار ئىكەن. يېزىچە قىلىغان دىخانچىلىقىدىن تاپقىنى يېمەك - ئىچمىگىگە، كىيىم - كېچىگىگە يەتمەيدىكەن. دىخان بۇ ئېغىر تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشىنىڭ يولىنى ئىزلەپ، ئاخىرى بىر يەرگە كەپتۇ. ئۇ، قىش باشلىنىش بىلەن بىر ئۇينىڭ هاۋاسىنى تەڭشەپ چىلگە تېرىپتۇ، چىلگىمۇ پىشىپتۇ. دىخان چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى پادىشاغا سوۋغا قىلىپ ئاپىرىپتۇ.

پادىشا قىش پەسلىدە چىلگىنىڭ پىشىشىغا ئىشەنمەيرەك، دىخاندىن:

— قىشتىمۇ چىلگە پىشۇرۇپسەن - ھە؟ - دەپ سوراپتۇ.

— ھە. شۇنداق تەقسىر، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دىخان.

— باركاللا ساڭا، - دەپتۇ هەيرانلىقتا. كېيىن يەنە:

— قىشتا چىلگە پىشۇرۇشنىڭ يولىنى ئۇزەڭ تاپتىڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

— خوش تەقسىر، - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دىخان.

پادىشا كۈلۈپ يەنە:

— باركاللا، - دەپتۇ. پادىشا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ چىلگىنىڭ باش بۇرنىنى پادىشا يىسۇن دەپ ئەكەلدىڭمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

# سالام ئېيت

بۇرۇنقى زاماندا بىر خەلپىتىم ئۆتكەن ئىكەن. شۇ چاغلاردا بىر ئادەم ئۆز بالىسىنى ئۇنىڭغا ئوقۇتقىلى بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئادەم "بالامنى ئوبدانراق ئوقۇتۇپ، چاپسانراق موللا قىلامدىكىن" دىگەن ئوي بىلەن خەلپىتىمنى ئۆز ئۆيىگە چايغا چاقىرىپتۇ. خەلپىتىم مېھمان بولۇپ كەلگەن هامان بالىنىڭ ئانىسىغا كوزى چۈشۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. قايتقاندىن كېيىن ئۇزاق ئويلاپتۇ. ئەتىسى بالا مەكتەپتىن قايتقاندا:

— بالام، ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيت! — دەپتۇ. بالا ئۇخماستىن موللىسىنىڭ سالىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ "سالام" 3 — 4 قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بالىنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسى "بۇ سالامنىڭ تېگىدە بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە!" دەپ مەسلىھەتلىشىپ، موللامنى سىناماقچى بولۇشۇپتۇ. مەسلىھەت بويىچە ئېرى تۈگمەنگە كېتىپتۇ. بالا مەكتەپكە بېرىپ موللامغا سالام قىلغاندا:

— بالام، سالىمىمنى ئاناڭغا ئېيتتىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موللا.

— يەتكۈزدۈم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بالا.

— نىمە دىدى؟ — دەپتۇ خەلپىتىم.

— بۈگۈن مەندىن سالام ئېيتقىن، دىدى، — دەپتۇ بالا.

— داداڭ نەگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم.

سوراپتۇ. دىخانمۇ ھودۇقماي:

— تەقسىر، بايا جاناپلىرىنىڭ ھوزۇرىغا قىشتا پىشۇرغان چىلگىنى سوغا قىلىپ ئېلىپ كەلگىنىمدە، جاناپلىرى چىلگىنىڭ بەدىلىگە ئۈچ "بارىكاللا" بەرگەن ئىدىلە، بۇنىڭغا مانتا بولىسىمۇ ئېلىپ يەي دەپ، بۇ ئۇستامدىن يىگىرمە مانتا ئالدىم. مانتا ھەققىگە "بارىكاللا"دىن ئۈچنى بەرسەم، جاناپلىرى بەرگەن بارىكاللىنى يىگىرمە مانتىغا تەڭ قىلماي جدەل چىقاردى. ئۆتكەن ئەھۋال مانا شۇ. بۇنى ئۆزلىرى تەھقىقلەپ بەرسىلە! — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشا بەك ئوسال بوپتۇ — دە، دەررۇ ئاشپەز-نىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلەپ، دىخانغا ئايرىم ئىنئام بېرىپتۇ.

شوينا بىلەن ئوقۇرغا باغلاپ قوياي، — دەپتۇ ئايال. ئاندىن خەلپىتىمنى ھويلىغا ئەپچىقىپ باغلاپ، ئۆشكىنى ئىچىۋېتىپتۇ.

ئېرى:

— ئۆشكىنى نېمىشقا ئىتتىك ئاچمىدىڭ؟ — دەپ كايىغان بولۇپتۇ.

— ماۋۇ موزاي بوشىنىپ كېتىپتىكەن، ئۆشكىنى ئاچسام قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، باغلىغىچە ساقلاپ قالدىلا، — دەپتۇ.

ئېرىنىڭ قولىدا كېلىشكەن قامچا بار ئىكەن، ئۇ "موزاي"نى "سەن مەن بولمىساملا ئۆيدىكىلەرنى بوزەك قىلغىنىڭ قىلغان!" دەپ راسا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پاقالچاق ۋە يالىڭاچ بەدەنلىرىگە تەككەن قامچا بىلەن تاقتى-تاق بولغان خەلپىتىم شويىنىنى ئۈزۈپ، ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆزىنى تالاغا ئېتىپتۇ.

— خوتۇن، موزىيىڭ ئەمدى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دەپتۇ ئېرى.

ئەتىسى بالىسى مەكتەپكە ماڭغاندا، ئانىسى:

— بالام، موللاڭغا مەندىن ھەم داداڭدىن سالام ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— ئۈگەنگە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ بالا.

— ئۇنداق بولسا، ئاناڭغا بېرىپ ئېيت، مەن سىلەرنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بارىمەن، — دەپ بالىغا كېتىش ئىجازىتى بېرىپتۇ.

بالىسىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا خەلپىتىمگە تاماق ھازىرلاشقا كىرىشىپتۇ. كەچ كىرىپ كۈن قايرىلغاندا، خەلپىتىم "مېھمان" بولۇپ كەپتۇ. ئۇ، كېتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بالىنىڭ ئانىسىنى گەپكە سېلىپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. كەچ كىرىپ ئەل ياتقۇسى بولغاندا:

— مەن كېچىدە يول ماڭالمايمەن. مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قالسام، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ خەلپىتىم.

— بالىنىڭ دادىسى يوق، قونسىلا يامان بولماسمۇ؟

— مەن مۇشۇنداق چاغنى ئىستىگەن ئىدىم، — دەپ چاقچاق باشلاپتۇ خەلپىتىم.

ئايال خەلپىتىمنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىغىنى پەملەپ، ئۆزىنى ئوڭلاشقا ئورنىدىن تۇرغان ئىكەن، دەرۋازا قېقىلىپتۇ. ئايال:

— كىم؟ — دەپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ ئېرى.

ئايال:

— ھوي موللام، ئېرىم كېلىپ قاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دىگەن ئىكەن، خەلپىتىم:

— خېنىم، ئۆزلىرى بىر ئىلاجىسىنى قىلمىسىلا، مەن قانداق قىلالايمەن؟ — دەپ گوشۇيۇپ تۇرۇپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەيەردە سىلى كىلىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن موزاينىڭ تېرىسى بار، شۇنى يېپىنسىلا. مەن سىلنى بويۇنلىرىدىن

— ئەسساﻻمۇئەلەيكۇم قىزغىنەم، — دەپتۇ تاز.

— ۋائەلەيكۇم ئەسساﻻم تازغىنەم، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قىز.

— ئاتاڭ قېنى، قىزغىنەم؟

— ئاتام قازناقتا، تازغىنەم.

— قازناقتا نېمە ئىش قىلىدۇ، قىزغىنەم؟

— چاشقاننىڭ موڭگۈزىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى، تازغىنەم.

— چاشقاننىڭ موڭگۈزى بوﻻمدۇ، قىزغىنەم؟!

— ناخشىنىڭ بېلى بوﻻمدۇ، تازغىنەم؟! — دەپ جاۋاپ بېرىپتىكەن چېچەن قىز. تاز گەپ تاپالماي قايتىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

# چېچەن قىز

ئۆتكەن زاماندا بىر تاز بار ئىكەن. ئۇ دايىم بىر ئەسكى تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ دۇتتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرىدىكەن. بىر كۈنى شۇ مەھەللىدىكى بىر ئادەم، ئىچىدە بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ، تازنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. تاز دەرھال تامدىن چۈشۈپ ئۇ ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋېلىپ:

— سەن مېنىڭ ناخشامنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتىڭ. ناخشامنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىسەن، — دەپ ئۇنى ئاۋارە قىلغىلى تۇرۇپتۇ.

— ھازىر قوسىغىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئارقامدىن مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغىن، ئاندىن ناخشاڭنىڭ بېلىنى تېپىپ بېرىمەن، — دەپتۇ تازنىڭ جېدەللىدىن بېشى قاتقان ھېلىقى ئادەم.

بۇ ئادەمنىڭ بىر چېچەن قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز دادىسىنىڭ خاپا كەلگىنىنى سېزىپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. دادىسى قىزىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ئۇ تاز ئارقامدىن كېلىۋاتىدۇ، قىزىم. ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي بېشىم قاتتى، — دەپتۇ.

قىزى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، مەن ئۇنىڭغا ئۆزەم جاۋاپ قىلىمەن. ئەمما سىز قازناقتا كىرىپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ. ئاڭغىچە تاز كىرىپ كەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ دېتىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، بېلىقچىنى ئوردا ئىشىكىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. رەڭگى ئۆڭگەن بېلىقچىنى ئۆز ئالدىدا كۆرگەن ۋەزىر پادىشاغا خۇشامەت قىلىپ، ئېگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، بېلىقچىغا قاراپ:

— شاھىمىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. بېلىقىڭنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغان ئىدىم. قېنى، ئېيتىپ باققىنا، بېلىقىڭ قايسى جىنىسقا كىرىدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بېلىقچىنى سۆزدە يېڭىلدۇرۇپ، بېلىقىم ئەركەك دېسە، ئۇرغاچىنى تېپىپ كەل، ئۇرغاچى دېسە، ئەركىكىنى تېپىپ كەل، ئاندىن مىڭ تىللانى ئېلىپ كەت، دەپ ئۇنىڭغا بېرىلگەن مىڭ تىللا ئىنئامنى قايتۇرۇۋېلىش قەستىنى سەزگەن بېلىقچى تەمكىن تۇرۇپ:

— تەقسىر، بۇ بېلىق ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇزلا تورغا چۈشكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

چېچەنلىك بىلەن ۋەزىرنىڭ ھىيلىسىنى يوققا چىقارغان بېلىقچى-نىڭ سۆزىگە كۆڭلى سۆيۈنگەن شاھ بېلىقچىغا يەنە مىڭ تىللا ئىنئام قىلىپ يولغا ساپتۇ.

## ئەركەكمۇ، ئۇرغاچىمۇ؟

بۇرۇن ـ بۇرۇنـدا، تېرىق تولۇمدا، يىتىم بولۇغدا ئىكەن. مانا شۇكۇنلەرنىڭ بىرىـدە بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭ باللىرى كوپ، هال ـ ئوقىتى ناچار ئىكەن. يىغلاپ ـ قاخشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناهايىتى يوغان، تېرىسى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۈشۈپتۇ. بۇنى كورگەن بېلىقچى بېلىقنى پادىشاغا تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشادىن جىقراق پۇل ئېلىش تاماسى بىلەن ئولجىنى كوتىرىپ، شاهنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بېلىقنى پادىشانىڭ نەزىرىدىن ئوتكۈزۈپتۇ. بېلىق شاهقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى غەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ. شاهنىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنىڭ ئىچى تار بىر ۋەزىرى ماقۇل كورمەي:

ــ شاهىم، ـ دەپتۇ خوشامەت بىلەن، ــ بىر بېلىققا مىڭ تىللادىن ئىنئام قىلىۋەرسلە، ئاز كۈندە غەزىنە قۇرۇغدىلىپ قالامدۇ؟ غەزىنە قۇرۇغدىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ هالىمىز نىمە بولماقچى؟

ــ مەن بەردىم، ـ دەپتۇ شاه، ــ سېنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، قولۇڭدىن كەلسە قايتۇرۇۋالغىن.

ــ خوپ، شاهىم. بېلىقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەندىن، بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىش سىلدىن بولسۇن.

قىلالايمىز پادىشاھى ئالەم، ـ دەپتۇ چۈمۈلە پادىشاسى.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان پادىشا "رىسقىڭلارنى خۇدايىم بېرىدۇ" دېگەن بولساڭ، مېنى يەڭگەن بولاتتىڭ. شۇنچە ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىگە ئەمگىكىڭ بىلەن جاۋاپ قىلالىغىنىڭنى كۆرەرمىز، دەپ بىر كۈن مېھمان بولۇپ كېتىشكە ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، چۈمۈلە پادىشاسى مېھمانلارنى تىكىپ تەييارلاپ قويغان چېدىر بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپتۇ.

چۈمۈلە پادىشاسى ھەر بىر چۈمۈلىنىڭ بۈگۈنكى مېھمانلارغا ئاتاپ بىر تالدىن نانىنىڭ ئۇۋىغى، بىر تالدىن سۆلۈ، بىر تالدىن ياۋا بېدە ئېلىپ كېلىشىنى بۇيرۇپتۇ. چۈمۈلىلەر بۇ تاپشۇرۇقنى بىردەمدە ئورۇنلاپ بوپتۇ. نان، بېدە، سۆلۈلارنى يىغىپ، دۆگا ـ دۆگا قىلىۋېتىپتۇ. بۇ يىغىلغان نەرسىلەرنى لەشكەر ۋە ئات ـ ئۇلاغلار بىر كۈن يەپ ئاران يېرىملاشتۇرۇپتۇ. پادىشا بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سوئال قويۇپ يەڭمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ چۈمۈلە پادىشاسىنى چاقىرىپ:

— ھەي چۈمۈلە، سېنىڭ بېشىڭ نىمانچە يوغان؟ ـ دەپ سوراپتۇ:

— بېشىمدا ئەقلىم تولا، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلە.

— بېلىڭ نىمانچە ئىنچىكە؟

— چوڭ ئىشلارغا بېلىمنى مەھكەم باغلايمەن.

— ئۇنداق بولسا، قۇيرۇق تەرىپىڭ نىمانچە يوغان؟

— كۈچ ـ قۇۋۋىتىم جىق.

پادىشا بۇ جاۋاپلاردىن قايىل بولۇپ، يەنە باشقا سوئال تېپىپ بېرەلمەپتۇ. شۇ خىجالەتچىلىكتە شىكارغىمۇ چىقماي ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

# پادىشا بىلەن چۈمۈلە

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشا ئۆتۈپتىكەن، بۇ پادىشا ئۆزىنى "دۇنيادا مېنىڭدەك ئەقىل-پاراسەتلىك ۋە سوزمەن ئادەم يوق" دەپ ئويلايدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر قىسىم لەشكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقماقچى بولۇپتۇ. قۇرۇت-قوڭغۇز، چۈمۈلىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: "ئۇن كۈنگىچە سىرتقا چىقمىسۇن، ئەگەر سىرتقا چىقسا، ئاتلىرىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ،" دەپ خەۋەر قىلىپتۇ. بۇ خەۋەرنى چۈمۈلىلەر ئاڭلاپ، پادىشانى بىر كۈن مېھمان قىلىپ، ئاندىن يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ.

پادىشا چۈمۈلىلەرنىڭ يول توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپ چۈمۈلە پادىشاسىدىن سوراپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، جاناپلىرىنى ھوزۇرىمىزدا بىر كۈن قونۇپ مېھمان بولۇپ كېتەمدىكىن، دەپ ئالدىلىرىغا چىققان ئىدۇق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ چۈمۈلە پادىشاسى.

پادىشا ھەيران بولۇپ:

— ھەي ئەخمەق، بىزغۇ قونارمىز، شۇنچە ئادەم بىلەن ئۇلاقلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى ئويلاپ باقمىدىڭمۇ؟ — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ.

— ئويلىدىم، ئويلىدىم. ئەمگىكىمىز بىلەن باياشات مېھمان

ئارام ئالغاندىن كېيىن، يەرنى كولاپ قېتىق بىلەن ناننى قويۇپ، ئۈستىگە شاخ ـ شۇمبا بىلەن بەلگە قىپتۇ. "بۇ يەرنى تاپالماي قالماي"دەپ ئاغامچىنىمۇ تاشلاپ، ئۈچىنى سورتىپ قويۇپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ ۋە قورۇق دەرەخلەرنى تېپىپ كەسلەشكە باشلاپتۇ. نەق شۇ چاغدا ئۈشتىگەرنىڭ ئالدىدىن بېشى بولۇتتا، ئۆزى يوغان ۋە كورۇمسىز، سەت بىر نەرسە چىقىپ كېلىپ:

ـــ سەن كىم؟ بۇ يەردە نىمە ئىزلەپ ئومىلەپ يۈرىسەن؟ ـ دەپ ھەيۋە بىلەن سوراپتۇ.

ئۈشتىگەر قارىسا، بىر بەھەيۋەت دىۋە. ئۇ، ئۆزىنى توختىتىپ:

ـــ ئېتىم مېنىڭ ئەلەم نۇر،
كەسپىم بىلسەڭ ئۈشتىگەر.
داڭقىم ئالەمگە مەشھۇر؛
ئىشتىسە مېنى دىۋىلەر،
ئۆخلىيالماس راھەتتە.
كۆيىقاپمۇ قوزغىلار
قالمايلى دەپ غەپلەتتە.
ئەمما مەنمۇ بوش ئەمەس،
جاڭگاللارنى كېزىمەن.
ئاقتۇرۇپ توقايلارنى،
دىۋىلەرنى ئىزلەيمەن.
چۈنكى مېنىڭ ئۆزۈغۇم
دىۋىلەرنىڭ گوشىدۇر.

# ئوشتىگەرنىڭ چارىسى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، جەنۇپ بىلەن شىمالنىڭ ئارىسىدا بىر ئوشتىگەر ياشىغان ئىكەن. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماتا-سىنى ئوشتى قىلىپ (سىلىقلاپ) بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقى-دىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئوچكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتىدە چاي سۈتلەپ ئىچىدىكەن، قايمىغىنى تۇلكە ئوغرىلاپ ئىچىپ كېتىدىكەن، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئۇيدە قالىغىدەك ھېچنىمە قالمىدى، مەن قالدى-قاتتى ئۇننى يىغىشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرسام. سىلى جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئېتىپ كەلسىلىمۇ بوپتىكەن، -دەپتۇ.

ئوشتىگەر:

— ماقۇل، -دەپتۇ-دە، بىر چىنە قېتىقنى ئېلىپ، ئاغزىغا بىر زاغرىنى يېپىپ، ئاغامچىنى بېلىگە باغلاپ، كەكىسىنى قىستۇرۇپ، "جاڭگال دىگەن نەدىسەن؟" دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. جاڭگالغا يېقىن قالغاندا، بىر چىغىنىڭ تۈۋىدىن بىر جۈپ تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ئوشتىگەر ئىگىشىپ قارىسا، تورغاينىڭ ئۇۋىسى، ئۇنىڭدا بىرنەچچە تورغاي تۇخۇمى تۇرغىدەك. كوزىگە چىرايلىق كورۇنگەنلىكتىن تۇخۇمدىن ئىككىنى ئېلىپ قوينىغا سېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ، چاشكا ۋاقتى بىلەن ئوتۇن ئالىدىغان جاڭگالغا بېرىپتۇ. بىر دەم

قايسىمىز يەرنىڭ مىگىسىنى چۇۋۇپ، توغراقتىن ياغ چىقىرالساق، شۇنى باتۇر سانايلى، بۇ ئىشنىڭ هوددىسىدىن چىقالمىغانىنى بىلـگىنىمىزنى قىلايلى، ـ دەپتۇ ئۇشتىگەر.

دىۋە بۇ شەرتكە كونۇپتۇ.

ـ ئۇنداق بولسا، نوۋەت سىنىڭكى، قېنى، يەرنىڭ مىگىسىنى چۇۋۇپ، ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرىپ باقە! ـ دەپتۇ ئۇشتىگەر.

دىۋە غەزەپ بىلەن تۇگۇلۇپ يەرگە تەپكەن ئىكەن، يەردىن توپا ـ چاڭ كوتىرىلىپ كىتىپتۇ، بىراق يەرنىڭ مىگىسى چىقماپتۇ. ئوز ئىشىنىڭ ئوگۇشلۇق بولمايۋاتقانلىغىنى سەزگەن دىۋە خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ. بۇنى كورگەن ئۇشتىگەر:

ـ ھىلىھەم نوۋەت سىنىڭ، ئەگەر سەن ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرالساڭ، يولۇڭغا كىتىۋە، بولمىسا مەن كۇچۇمنى كورسىتىپ، بىلگىنىمنى قىلىمەن، ـ دەپتۇ.

دىۋە ئۇشتىگەر كورسەتكەن توغراق تىپىنى گىرەلەپ، پۈتۈن كۇچىنى يىغىپ تۇرۇپ سىققان ئىكەن، توغراقنىڭ قوۋزاقلىرى ئاجراپ، قولىغا چىقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ يىغى كورۇنمەپتۇ.

ـ ئەمدى سەن قاراپ تۇر، مەن كۇچۇمنى كورسىتەي، ـ دەپتۇ ئۇشتىگەر.

ئۇشتىگەر قېتىقنى كومۇپ قويغان يەرنىڭ ئۇستىگە كىلىپ، يەرنى بىر تەپكەن ئىكەن، قېتىق توپىغا مىلىنىپ چاچراپ چىقىپتۇ. كىيىن ھىلىقى دىۋە سۇندۇرۇۋەتكەن توغراقنىڭ قېشىغا بىرىپ، قويىندىن تورغاينىڭ تۇخۇمىنى ئىلىپ، دىۋىگە كورسەتمەي ئىككى ئالقىنىغا قويۇپ توغراقنى سىققان ئىكەن، ئۇششاق قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن تۇخۇمنىڭ سىرىغى بىلەن ئېقى ئېقىپ چىقىپتۇ. بۇنى

ناشتىلىغىم ئالۋاستى،

ئىنسى ـ جىننىڭ توشىدۇر.

دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېۋىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، كوزلىرى چەكچىيىپتۇ ۋە ئۇزىنىڭ ئايىغى بىلەن رەقىبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىغى ئۇچۇن مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. دېۋىنىڭ ئارىسالدى بولۇپ قالغانلىغىنى كورگەن ئوشتىگەر:

ــ سەنچۇ بۇ يەرلەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن، ـ دەپتۇ دېۋە بوش كەلمەسلىككە تىرىشىپ، ــ دېۋىلەرنىڭ باتۇرىمەن، ئۇزۇندىن بېرى ئادەم گوشى يېيىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، مۇشۇ ئارزۇ يولىدا تالاي دەشتلەرنى كەزدىم، بىراق ئىشىم ھىچ ئوڭدىن كەلمىگەن ئىدى، بۇگۇن مۇشۇ جاڭگالنى بىر ئوۋلاپ باقاي، دىگەن نىيەتتە، بۇ يەرگە كېلىپ سېنى كوردۇم.

ــ ئۇنداق بولسا، ـ دەپتۇ ئوشتىگەر، ــ كەل، ئىككىمىز كۇچ سىنىشىپ باقايلى، سەن يەڭسەڭ مېنى يە، مەن يەڭسەم، سېنى يەي!

دېۋە بۇ تەكلىپكە كونۇپتۇ ۋە ئالدىدا چۇمۇلىدەك ئومىلەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ يەڭسەم بولىدىكىن، دىگەن خىيالدا قېپتۇ.

ــ مەن بىلەن كۇچ سىنىشىشقا رازى بولىدۇڭ ـ ھە؟ ـ دەپ قايتا سوراپتۇ ئوشتىگەر.

ــ ھە...ئە... ـ دەپتۇ دېۋە دۇدۇقلاۋراق.

ــ چېلىشايلى دىسەك، سېنىڭ بويۇڭ ئىگىز، مېنىڭ بويۇم پەس، فاملاشمىغىدەك. ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئىككىمىزنىڭ

داپتۇ. خېلىغىچە ئىشكىنىڭ يوچۇغىدىن ماراپ تۇرغان دىۋە ئوشتىگەرنىڭ پوشۇلدىشىنى ئاڭلاپ تالاغا مېڭىپتۇ. ئوشتىگەر قولاق سېلىپ ياتسا، بىر چاغدا سارايىنىڭ ئوگزىسى غىرسىلداشقا باشلاپتۇ. ئوشتىگەر دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەكچىگە چىقىۋاپتۇ. دىۋە تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئوشتىگەرنىڭ ياتقان يېرىگە تاش تاشلاپتۇ، بۇ ئىش تاڭ ئاتقىچە تەكرارلىنىپتۇ. تاڭ ئېتىپ، كۈن قىزىشقا باشلىغاندىلا دىۋە تاش ئېتىشنى توختىتىپ، ئوگزىدىن چۈشۈپتۇ. بۇنى سەزگەن ئوشتىگەر دەرھال ئورۇنغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. دىۋە ئىشكىنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ تىڭشىسا، ئوشتىگەرنىڭ خورىگى چىقىۋاتقىدەك. ئىلگىرى تاشلىغان تاشلىرىغا كېيىنكى تاشلىغان تاشلىرى تېگىپ قاڭقىپ يوتقاننىڭ ئۈستىدە بىر تالمۇ تاشنىڭ قالمىغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغان دىۋە سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا، ئوشتىگەر يوتقاننىڭ ئىچىدە ئاۋال ئاخشامقىدەك پوشۇلداپ ياتقىدەك. بۇنى كورگەن دىۋە "بۇ ھەقىقەتەن باتۇر ئىكەن، ھەر نىمە بولسا ھەم بىر ئەھۋال سوراپ باقاي"دەپ ئويلاپ:

—ھەي بۇرادەر، تاڭ ئاتتى، ئوخلاۋېرەمسەن؟ -دەپتۇ.

ئوشتىگەر بېشىنى كوتەرمەي تۇرۇپ:

—كېچىدىن بۇرگىلىرىڭ يوتقاننىڭ ئۈستىدە جەڭ قىلىپ ئوخلاتمىدى. ئەمدى كوزۇم ئويقۇغا بېرىپتىكەن، سەن ۋاقىرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟! -دەپتۇ. ئوشتىگەردىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان دىۋە: "مەن تاشلىغان تاشلارغا ئولمەي، ئۇنى تېخى بۇرگىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ، دىمەك، بۇ ھەقىقى باتۇرنىڭ ئوزى ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن مەن زادى تەڭ كېلەلمىگىدەكمەن"دەپ قايتىپ چىقىپ، ئوشتىگەرنىڭ

كورگەن دىۋە ھاڭ-تاڭ قاپتۇ ۋە ئۇستىگەردىن ساق-سالامەت قۇتۇلۇشىنىڭ چارىسىنى ئىزلەشكە كىرىشىپتۇ. دىۋىنىڭ ئەندىشىدە قالغانلىقىنى سەزگەن ئۇستىگەر:

— ھەي دىۋە، ئېيتىپ باقە، قايسىمىز كۈچلۈك ئىكەنمىز؟! — دەپتۇ.

— سىز! — دەپتۇ دىۋە، كېيىن، — مەن سىزگە كوپ بىئەدەپلىك قىپتىمەن، ئەگەر مالال كەلمىسە، شۇ بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرسىڭىز، ئىككىمىز دوست بولساق، بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم بولۇپ، بىللە ئۆيۈمگە بارسىڭىز.

— خوپ! — دەپتۇ ئۇستىگەر، — مەن بۇ چاققىچە ھېچكىمنىڭ گېپىنى يەردە قويغان ئەمەس، سىنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن!

ئۇستىگەردىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان دىۋە خوشاللىقتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، مېھمىنىنى باشلاپ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە ئۇستىگەرنى تۈرلۈك تائام ۋە مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۇستىگەر ئالدىغا تىزىلغان تائام ۋە مېۋىلەر ئىچىدىن كوزىگە چىرايلىق ۋە ئاجايىپ كورۈنگەنلىرىنى ئېلىپ يەپ قوسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئانىچە كۈن ئۆتمەي زاۋال بوپتۇ. دىۋە ئۇستىگەرنىڭ ناھايىتى ئاز تائام يېگەنلىكىگە ھەيران قالغان بولسىمۇ، سوراشقا پېتىنالماي، ساراي ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇن تۈزەپ ئۇستىگەرنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇستىگەر كىرىپ قارىسا، دىۋىنىڭ سالغان ئورنى تۆگلۈكنىڭ ئۇدۇلىدا ئىمىش. "ھە، بۇ ھارامزادە مېنى كېچىچە ئۇلتۇرۇشنى پەملەپتۇ" دەپ چىراقنىڭ يورۇغىدا توت تەرەپكە قارىسا، ھەر يوغان تەكچىلەر تۇرغىدەك. ئەگەر بىرەر ئىش بولسا تەكچىگە چىقىۋېلىشنى ئويلاپ، ئورۇنغا كىرىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ پۇشۇل-

تاراقشتىپ تۇر. مەن ئاۋۇ دېۋىنى باشلاپ كىرگەندە ماڭا سەن: "هوي، مېهمانغا ئېتىدىغان ئاشقا قايسى دېۋىنىڭ گۆشىنى توغرايمەن؟" دېگىن، — دەپتۇ. خوتۇنى بۇ گەپكە هەيران بولغان بولسىمۇ، "بۇنىڭ تېگىدە بىرەر سىر بولسا كېرەك" دەپ ماقۇل بوپتۇ.

ئۇشتىگەر دېۋىنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. دېۋىنى ئۆيگە باشلاي دېسە، ئۇنىڭ پاتمايدىغانلىغىنى بىلىپ، ئىشىك ئالدىغىلا سورۇن تۈزەپتۇ. بۇلار ئەمدى ئولتۇرغان ئىكەن، ئۆي ئىچىدىن ئۇشتىگەرنىڭ خوتۇنى:

هوي ئادەم، مېهمانغا چوڭ دېۋىنىڭ گۆشىنى توغرايمۇ، كىچىگىنىڭمۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

ئۇشتىگەر جاۋاپ بەرگىچە، دېۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپتۇ. دېۋىنى قاچۇرغان ئۇشتىگەر خوتۇنىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، ساندۇقتىكى ئالتۇننى ئۆيگە توشۇشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى سۆزنى تۈلكىدىن ئاڭلايلى. ئۇشتىگەرنىڭ ئۇشكىسىنىڭ سۈتىدىن سۈزۈۋېلىنغان قايماقنى ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان تۈلكە تىلىنى بىر غېرىچ چىقىرىپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇشتىگەرنىڭ ئۆيىدىن قاچقان دېۋە ئۇچراپتۇ. دېۋىنىڭ ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورگەن تۈلكە:

— هەي دېۋە، نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟! — دەپتۇ.

دېۋە تۈلكىگە ئۇشتىگەرنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكە:

— هەي ئەخمەق، بويۇڭغا قارىسا بۇلۇتقا تاقىشىدۇ، ئەمما مېڭەڭچىلىكمۇ ئەقلىڭ يوق ئىكەن. مەن كۈندە بېرىپ ئۇنىڭ

ئەتىسىگەنلىك چېيى ئۈچۈن تەييارلىق كورۇپتۇ. چايمۇ ئىچىلىپتۇ. ئوشتىگەر خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، دىۋە بىر ساندۇققا ئالتۇن قاچىلاپ كوتىرىپ چىقىپ:

— ئەي پەلۋان، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان سوغىتىم، ئالغاچ كېتىڭ! — دەپتۇ.

ئوشتىگەر قارىسا يوغان بىر ساندۇق، ئۇنى كوتىرىش ئەمەس، ئورنىدىن يوتكەشكىمۇ خېلى كۈچ كېرەك. "بۇ يەردىمۇ بىر ھىلە ئىشلىتەي" دەپتۇ ئۇ ئوز - ئوزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىۋىگە:

— بىزنىڭ رەسىم - قائىدىمىزدە، بىرەر كىشى دوستلىرىغا يوللۇق تۇتسا، ئۇنى ئوزى ئاپىرىشىپ بېرىدۇ. ئەگەر سەنمۇ بۇنى كوڭۈل - كوكسۈڭدىن چىقىرىپ سوغات قىلغان ئىكەنسەن، ئويۇمگە ئاپىرىپ بەرگىن، بولمىسا مەن ئېلىپ كەتمەيمەن، — دەپتۇ.

دىۋە بۇ سوزنى قوبۇل قىلىپ، ئوشتىگەر بىلەن بىللە ساندۇقنى ئوشنىسىگە ئارتىپ يولغا چۇشۇپتۇ. بۇلار ئاز ماڭدىمۇ - جىق ماڭدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىش قىلىپ، ئوشتىگەرنىڭ ئويىگە يېقىن كەپتۇ. بۇ چاغدا ئوشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئوگزىگە چىقىپ ئېرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئىكەن، بۇنى كورگەن ئوشتىگەر دىۋىگە قاراپ:

— ئەي بۇرادەر، كوردۇڭمۇ، مېنىڭ خوتۇنۇم ئوگزىگە چىقىپ يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدىنىراق بېرىپ سېنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغانلىغىمنى ئۇقتۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.

دىۋە بۇ سوزگە ماقۇل بولۇپ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئوشتىگەر ئويىگە كېلىپ:

— خوتۇن، چاققان بول، ئويگە كىر، قازان - قومۇچۇڭنى

پېتى باياۋانغا قېچىپتۇ ۋە كېتىپ بېرىپ تۈلكىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن، تۈلكىنىڭ غىققىدە جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇشتىڭەر تۈلكىنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە خوشال ياشاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىدىن بويان دىۋە ئادەملەرنىڭ كوزىگە كورۈنمەيدىغان بولغانمىش.

ئۆشكىسىنىڭ سۈتىنىڭ قايمىغىنى قاخشىتىپ تۇرۇپ ئىچىپ كەل۔
گەن يەردە سەن قاچىساڭ قانداق بولغىنى؟ جۇر، مەن سېنى
باشلاپ بېرىپ ئۆشتىگەردىن ھەممە ئەلىمگىنى ئېلىپ بېرەي،
خالىساڭ ئالدىڭغىمۇ سېلىپ بېرەي! ـ دەپتۇ.

ـــ بۇ گەپنى سەن راستىن ئېيتىۋاتامسەن؟ ـ دەپتۇ دىۋە.

ـــ ھەئە، ـ دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇغىنى ئوينىتىپ. دىۋە ئويلاپ:
"تۈلكە دىگەن ھارامزادە بولىدىغان، بۇ، يوغان گەپ قىلىپ
ئاپىرىپ مېنى بىر بالاغا تىقمىسۇن يەنە"دىگەن يەرگە كەپتۇ:

ـــ ئانداق بولسا، ـ دەپتۇ دىۋە، ـــ كەل. قۇيرۇغۇڭغا ماۋۇ
ئاغامچىنى باغلاپ شۇنى تۇتۇپ ماڭاي، ئەگەر مېنى ئالدايدىغان
بولساڭ، بىلىپ قوي، قۇيرۇغۇڭ مەندە، ئۆزەم بىلگەننى قىلمەن.

تۈلكە بۇ شەرتكە كونۇپتۇ. ئىككىسى شۇنداق يولغا چۈشۈپتۇ.
ئالتۇننى ئويىگە توشۇپ بولغان ئۆشتىگەر ئۆگزىگە چىقىپ
ئەتراپقا نەزەر سېپتىكەن، كوزىگە يېتىلىشىپ كېلىۋاتقان تۈلكە
بىلەن دىۋە چېلىقىپتۇ. ئۆشتىگەرنى غەم بېسىپتۇ. ئۇ، ئۆزىنى
ئوڭشاپ، كوڭلىنى توختىتىپ قارىسا، تۈلكە يېقىنلا كېلىپ قالغان
ئىمىش.

ـــ ھەي ھارامزادە تۈلكە، ـ دەپتۇ ئۆشتىگەر تۈلكىگە خىتاپ
قىلىپ، ـــ مەندىن بىر دىۋىگە پۇل ئالغىلى ھەپتە بولدى. ئۈچ
كۈندە كېلىمەن دەپ كېلىشىڭ بۇگۈنمۇ؟ بۇمۇ مەيلى، يەنە كېلىپ
مېنىڭ ئاغىنەمنى ئالداپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى قانداق
قىيناپ ئۆلتۈرسەم بولىدۇ، قېنى، ئۆز تىلىڭ بىلەن ئېيتىپ باقە؟!

ئۆشتىگەردىن بۇ سوزنى ئاڭلىغان دىۋە "تۈلكە مېنى ساتقىلى
ئېلىپ كەلگەن ئىكەن" دىگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، تۈلكىنى سورىگەن

تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ بېرىپ، دەرۋازىسىنى ئۇرغان ئىكەن، چاچلىرى پاخپىيىشىپ كەتكەن، ئورۇق، پالكوز بىر موماي چىقىپتۇ.

— ئانا، بىز قىرىق ئوغۇل ئىدۇق، قىرىق قىزى بار كىشىنى ئىزلەپ كەلدۇق. — دەپتۇ ئوغۇللاردىن بىرى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، بالىلىرىم. مانا مېنىڭ قىرىق قىزىم بار، — دەپتۇ موماي بۇلارنى ئۆيگە باشلاپ.

موماي ئوغۇللاردىن ئۇنى - بۇنى سوراپ، قورۇق كەلمىگەنلىگىنى بىلىۋاپتۇ - دە، "ئوز پۇتى بىلەن كەلگەن بۇ ئامەت"نى قولدىن چىقارماسلىقنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ، قىرىق ئوغۇلغا قىرىق قىزنى بېرىشكە رازى بوپتۇ. ئوغۇللار خوشال بولۇشۇپ، قايتىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، موماي كەتكىلى قويماپتۇ:

— قونۇپ قېلىڭلار، بالىلىرىم، بۈگۈن كېچە مېنىڭكىدە مېھمان بولۇپ، قىزلىرىمنى ئوبدان كورۇڭلار، تونۇشۇڭلار! — دەپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. سېمىز قويىدىن بىرنى سويۇپ مېھمان قىپتۇ. تاماقتىن كېيىن موماي ئوغۇللار ئولتۇرغان چوڭ ئۆيگە قىرىق قىزنى باشلاپ كىرىپتۇ، ئوغۇل - قىزلار ئىككى رەت بولۇپ قاتار ئولتۇرۇشۇپ، بىر - بىرلىرىگە يەر ئاستىدىن قارىشىپتۇ. شۇ چاغدا چېچەن سادىق بەزى قىزلارنىڭ چىرايى قىز بالىغا ئوخشىمايدىغانلىغىنى، بەزىلىرىنىڭ ئىڭە كلىرى كوكىرۇپ تۇرغانلىغىنى، ئولتۇرۇپ-قوپۇشلىرى ئەركىشىگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىغىنى سېزىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ كوڭلىگە گۇمان چۈشۈپتۇ.

موماي بالىلار بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، يول مېڭىپ ھارغانسىلەر، ئەمدى ئارام ئېلىپ

# ”تىرىك ـ تىرىك“ كىم ئويغاق؟

بۇرۇنقى زاماندا ئۆتكەن بىر تۆمۈرچىنىڭ قىرىق ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭلىرى بازغان سوقىدەك، كىچىكلىرى كويەك باسقىدەك بوپتۇ. ئارىدىن يەنە ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرچى ئۇستام ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ قويۇش ئارزۇسىنى قىپتۇ. بىركۈنى ئۇستام ئۆيدە خوتۇنى بىلەن ئولتۇرۇپ: ”قىرىق ئوغلىمىزغا قىرىق قېتىم توي قىلغىدەك ماجالىمىز يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرلا قېتىم توي قىلايلى. قىرىقىغا قىرىق يەردىن قىز ئېلىپ بەرسەك، قىرىق كېلىن پېتىشمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىرىق قىزى بار كىشى بىلەن قۇدا بولايلى“ دېگەن مەسلىھەتنى قىپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ئوغۇللىرىغا ئېيتقان ئىكەن، ئۇلارمۇ رازى بوپتۇ. دادىسى:

— ئەمىسە، ئوغۇللۇرۇم، قىرىق قىزى بار كىشىنى تېپىڭلار! — دەپ پاكىز كىيىندۈرۈپ، ئاز ـ تولا خىراجەت بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئوغۇللار قىرىق قىزى بار ئۆينى ئىزلەپ مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، مەھەللە ئارىلاپتۇ، شەھەر ئايلىنىپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ، تاپالمىسىمۇ يەنە ئىزلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى شەھەرنىڭ چېتىدە كېتىۋېتىپ، ئادىمىزات تۇرمايدىغان دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر ھويلىنى كۆرۈپتۇ. بۇلار: ”ئەشۇ ھويلىدىن سوراپ باقايلى. ئىزلىگىنىمىز

سادىق ھودۇقماستىن:

— سەگەك سادىق — مەن ئويغاق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟

— قىرىق ئوشكەڭ مەرەپ ئۇخلاتمىدى.

موماي بېرىپ قىرىق ئوشكىسىنى چېپىۋېتىپتۇ، قايتىپ كېلىپ ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىدا كۆتۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

سادىق بىر تۇققانلىرىنى ئاستا ئويغىتىپ: "مومايىنىڭ پەيلى بۇزۇق، سەگەك ياتايلى!" دەپ شۇبىرلاپ قويۇپتۇ.

موماي يەنە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، ئاستا سوراپتۇ:

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟

— زېرەك سادىق، مەن ئويغاق.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟

— قىرىق ئىتىڭ ھاۋشۇپ ئۇخلاتمىدى.

موماي رەللە بولۇپ بېرىپ قىرىق ئىتىنىمۇ چېپىپ تاشلاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوغۇللار تۇڭلۇككە ئاغامچا سېلىپ، بىر بىردىن يامىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا موماي يەنە ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بوپتۇ.

— تىرىڭ - تىرىڭ، كىم ئويغاق؟

— چېچەن سادىق، مەن ئويغاق.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭ؟

— قىرىق مۈشۈكۈڭ مىياڭلاپ ئۇخلاتمىدى.

موماي ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولۇپ، قىرىق مۈشۈكىنى بىرىنى قويماي چېپىۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە ئاشخانىنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز كوڭلىدە شۇنداق دەپتۇ: "توختا سادىق، سېنىڭ

ئوخلاڭلار! ـ دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ، قىزلىرىغا:

ــ سىلەر ئاق كىگىزنى يېپىنىپ يېتىڭلار، ئوغۇللارغا قارا كىگىزنى يېپىپ قويۇڭلار! ـ دەپتۇ.

بۇ گەپنى باياتىن بېرى ھوشيار بولۇپ يۈرگەن سادىق ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ، ئاق كىگىز بىلەن قارا كىگىزنىڭ سىرىنى ھېچ چۈشۈنەلمەپتۇ، ئاخىرى "بۇ خوتۇن بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك..." دىگەن يەرگە كەپتۇ.

قىزلار ئىككى رەت قىلىپ ئورۇن سېلىپ، ئوغۇللارغا قارا كىگىز يېپىپ قويۇپتۇ، ئۆزلىرى ئاق كىگىز يېپىنىپ يېتىپتۇ.

بۇ ئەسلىدە شۇم نىيەتلىك، ياۋۇز موماي ئىكەن. ئۇنىڭ "مانا مېنىڭ قىزلىرىم" دەپ ئويگە باشلاپ كىرگەن باللىرىنىڭ ھەممىسى قىز بولماستىن، تەخدىن تولىسى ئوغۇل ئىكەن. موماي قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي، ئۆزىنىڭ جەدداللىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىۋاتقان ئىكەن. ھەر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرگىنىدە قىلىچنى قانغا مىلاپ يالايدىكەن. "سىلەرمۇ يالاڭلار، يۈرۈكۈڭلار پۈتۈن بولىدۇ" دەپ باللىرىغىمۇ يالىتىدىكەن.

موماي ئاشخانىغا كىرىپ قىلىچنى بىلەشكە كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ قان يالاشقا نەپسى تاقىلداپ كېتىپتۇ، بىراق مۈشۈنداق ئامەت كەلگەن كېچىدە ئۈشكىلىرىنىڭ مەرىشى، ئىتلىرىنىڭ ھاۋشۇشى، مۈشۈكلىرىنىڭ مىياڭلىشى موماينىڭ كوڭلىنى تىندۇرماپتۇ. ياۋۇز موماي ئەل ئۇيقىغا كەتكەن ۋاقىتتا باللار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىگىگە كېلىپ قىلىچنى تىرىڭلىتىپ:

ــ تىرىك ـ تىرىك، كىم ئويغاق؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— قوتۇلدۇم سەن سادىقتىن،
ئەمدى چىقتىم ھاردىقتىن.
شۇ چاغدا سادىق ئاق كىگىزدىن بېشىنى چىقىرىپ:
— قۇتۇلمىدىڭ سادىقتىن،
چىقالمىدىڭ ھاردىقتىن.
بار - يوقۇڭدىن ئايرىلدىڭ،
شوم بۇيىدەك قايرىلدىڭ.

- دەپتۇ. موماي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى سېزىپتۇ، ئۇمىرىدە مۇنداق يېڭىلىپ باقمىغان موماي دەرت - ئەلەمگە چىدالماستىن، كالىدەك ھوكۇرەپ بېرىپ سادىققا ئۆزىنى تاشلاپتۇ. سادىقنىڭ بىر قولى بىلەن بىر قولىغىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ھويلىغا ئېپ چىقىپ، قوشاق قېتىپ زارلاپتۇ:

قىرىق سەركە ئۆشكەمدىن
ئايرىپ قويغان سادىق تاز.
قىرىق تايغان ئىتىمغا
زامىن بولغان سادىق تاز.
قىرىق مومىن مۇشۇگۇمنى
ئادا قىلغان سادىق تاز.
قىرىق شاگىرت، بالامدىن
جۇدا قىلغان سادىق تاز.

ياۋۇز موماي سادىقتىن كېلىشتۇرۇپ ئۆچىنى ئالماقچى بولۇپ. ئۇنى قازانققا سولاپ قويۇپتۇ. موماي: "ئەمدى ئۆچۈمنى

چىچەنلىگىنىمۇ كورەرمەن. سەنمۇ موماگىنىڭ كىملىگىنى بىلەرسەن!..."

ئوغۇللار توڭلۇكتىن چىقىپ - چىقىپ بىرنەچچىسى قاپتۇ، ئۇلار قىزلارنىڭ ئۈستىدىكى ئاق كىگىزنى تۈيدۈرماي يىغىۋېلىپ قارا كىگىزنى يېپىپ قويۇپتۇ - دە، سادىققا قاراپ: — جۇر، چىقىپ كېتىمىز. - دەپتۇ. سادىق:

ئاق كىگىز بىلەن قارا كىگىزدە نىمە سىر بارىكىن، شۇنى كورۇپ چىقىپ كېتەي، - دەپ ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇلار سادىقنىڭ زېرەك ۋە چاققانلىغىغا ئىشىنىپ ماقۇل دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇزلىرىنىڭمۇ كورگىسى كېلىپ، ئوگزىدە توڭلۇكتىن ماراپ يېتىشىپتۇ.

سادىق ئاق كىگىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، يالغاندىن خورەك تارتىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا موماي بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ يەنە ئىشىك توۋىگە كەپتۇ:

— تىرىك - تىرىك، كىم ئويغاق؟

سادىق ئىندىمەپتۇ. موماي كوڭلىنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم سوراپتۇ:

— تىرىك - تىرىك، كىم ئويغاق؟

ئۇنىڭ ئىچىدىن خورەكتىن باشقا تاۋۇش چىقمىغاندىن كېيىن، موماي ئىشىكنى "غىچ" قىلىپ ئېچىپتۇ - دە، قىلىچنى پاقىرىتىپ كىرىپتۇ. قارا كىگىز يېپىنغانلارنىڭ بېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى جان - جەھلى بىلەن شارتىلدىتىپ چېپىشقا باشلاپتۇ. قىلىچنى ھەر بىر ئورۇپ، بىر قېتىم يالاپتۇ. كىگىزنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارغاندا قىلىچنى بار كۈچى بىلەن بىر ئورۇپتۇ - دە، قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە خوشاللىغىدىن مۇنداق دەپتۇ:

ئۇز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى تۇگەنچى گەپنى مومايىنىڭ ھالىدىن ئاڭلايلى:

موماي تېۋىلغىنى كېسىپ ھاسىراپ-ھومۇدەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۆيگە كىرىپ تولۇمغا قارىسا ئۇز جايىدا ئېسىغلىق تۇرغان. كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ، ئىشىك-تۇڭلۇكنى تاقاپتۇ-دە، تولۇمنى ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. تولۇمىدىن ھىچ بىر ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن "تاياق سادىقىنىڭ جېنىدىن ئۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ" دەپ يەنىمۇ بەكرەك ئۇرۇپتۇ. تولۇمنىڭ ئىچىدىكى قاپاق سۇنۇپتۇ، تولۇم يىرتىلىپتۇ. ھەرىلەر غۇژۇلداپ چىقىپ، مومايىنىڭ باش-كوزىنى ۋاژىلدىتىپ چېقىپتۇ. يالىماۋۇز موماي دات-پەريات ئۇقۇپ ئۇزىنى توت تامغا ئۇرۇپتۇ. ھەرىلەر كوينەكىنىڭ ياقا ۋە يەڭلىرىدىن كىرىپ پۈتۈن ئەزايىنى چېقىشقا باشلاپتۇ. موماي ھالىدىن كېتىپ لاسسىدا يىقىلىپتۇ، بەدەنلىرى كۆپتەك ئىششىپ نەپىسى سىقىلىپتۇ. مىڭ تەسلىكتە جېنى چىقىپ، گورىگە تىقىلىپتۇ.

قانداق ئالسام بولار...“ دەپ ئويلاۋاتسا، سادىق قازناقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— جەددال ئانا، قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن پاتمىدىغاندەك تۇرىمەن، چىقىپ كەتسەم مەيلىمۇ؟ — دەپتۇ.

موماي "ۋاي جۇگاينىمەك تاز" دەپ، دەرھال قازناقتىن ئېپ چىقىپتۇ. ئېپ چىقىپلا تۇلۇمغا سېلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن قامچا سېپىدەك بىر تاياق بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. تاياق سادىقنىڭ جېنىدىن ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ، "ۋاي جان" دېسە مومايىنىڭ كۆڭلى خوش بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر ھىلە ئويلاپتۇ-دە، قاقاخلاپ كۈلۈپتۇ. موماي ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي تاز، مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن، دېگەندەك، مەن ئۇرسام، سەن كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟

— سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭغا كۈلۈۋاتىمەن. مېنىڭ كۈلگىنىم تاياقنىڭ ئۆتمىگىنى، جىم تۇرغىنىم جېنىمدىن ئۆتكىنى. دەردىم چىققىدەك ئۇرىمەن دېسەڭ، جاڭگالدىن تېۋىلغا كېسىپ كېلىپ شۇنىڭ بىلەن ئۇر، بولمىسا كۈلگىنىم كۈلگەن، — دەپتۇ سادىق.

موماي ئويلاپ: "دەرۋەقە، تېۋىلغا تايىقى موڭگۈك ھوكۇزنى يىكتەك تۈزەيدۇ" دەپتۇ كۆڭلىدە. ئۇ ئىشىكنى مەھكەم قۇلۇپلاپ، كەكىسىنى ئېلىپ جاڭگالغا كېتىپتۇ. موماي كەتكەندىن كېيىن، سادىقنىڭ ئەپچىل بىر ئىنىسى قازناقنىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشۈپ تۇلۇمنى يېشىۋېتىپتۇ. بۇ ئىككىسى يەنە تۈڭلۈك بىلەن ھويلىغا چىقىپ، يوغان بىر قاپاقنى ھەرە بىلەن تولدۇرۇپتۇ. چېپىپ تاشلانغان ئۇشكىدىن بىرنى ئەكىرىپ تۇلۇمغا سېپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاپاقنى سېلىپ تۇلۇمنى ئاۋالقىدەك ئېسىپ قويۇپتۇ. ئاندىن بۇلار

ھىلىقى تاققا يېتىپ بېرىپتۇ. ئەتراپتا ئوبدان سەپ - سېلىپ، ئۆسۈپ - جىنغا تۈيدۈرماي، ئاتلار سولانغان قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ.

مانا قىزىق، دەل شۇ كۈنى كەچ شىر خوجامنىڭ "شىرلىغى" تۇتۇپ كېتىپ، ئۆز قولى بىلەن چوڭراق بىر ئولجا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن شۇ ئەتراپتا سەپەرگە چىققان ئىكەن.

بۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى نەدىن بىلسۇن، پۈتۈن ئىس - يادى ئۆز كويى بىلەن، ئۆز ئىشىنى قىپتۇ. ھىلىمۇ شىر يولۇقماپتۇ ياخشى. ئادەم ئاستا چىۋەرلىك بىلەن قاشانىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئاتلارغا راسا سەپ سېپتۇ، ئەتراپ سۈرلۈك، گوردەك قاراڭغۇ، قاشانىڭ ئىچى گۈلدۈر - گۈلدۈر... ئاتلارنىڭ ۋەھىملىك پۇرقۇشلىرى قۇلاققا كىرىپ تۇرىدۇ، ھە دىگەندە ھېچنىمىنى بايقىغىلى بولماپتۇ. ھىلىقى ئادەم "قايسى ئات ئەرگە قانات... مىندىملا ئۇچۇپ كېتەلەيدۇ" دەپ، پۈتۈن دىققىتى ۋە ئوتلۇق كوزلىرى بىلەن ئاتلارغا نەزەر سېپتۇ. ئىگىشىپ تازا سەپ سېلىپ قارىسا، ئاتلارنىڭ ئىچىدە بىر ئات سوزۇلۇپ لىك - لىك ئىرغىپ يۈرگىدەك. ئادەم "ئەمدى تاپتىم!" دىگەن خوشاللىق بىلەن ئالدىدىن ھىلىقى ئات شۇنداق ئۇتۇشكە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ "شارت"لا قىلىپ مىنىۋاپتۇ، مىنىۋالماپتۇ، ئات ئۈستىگە يەملەشكەندەك چۈشۈپ، مىخلىنىۋاپتۇ. "جاھاندا ئۆزەم بىرلا!" دەپ ماختىنىپ يۈرگەن بۇ توسۇن ئات غەزەپ بىلەن چاپچىپ قاشا ئۈستىدىن ئوقتەك شوڭغۇپ چىققانچە، تاغۇ - تاش، باياۋانلارغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئادەم "ياخشى ئاتقا يېتىشسەم دىگەن كىشىلەر ھېچيەردە مەندەك مىرادىغا يەتمىگەندۇ" دەپ تېخىمۇ خوشال بولۇپ، ئاتنىڭ يايلىدىن مەھكەم تۇتقانچە، ئارىلاپ تېقىملاپ قويۇپ چىڭ ئولتۇرۇپتۇ. ئات كېچە-

# ئادەم قالتىسمۇ، هايۋانمۇ؟

بۇرۇن بىر جاڭگالدا شىر، ئېيىق، مولۇن، توشقانلار ئارىسىدا "ئادام قالتىسمۇ، هايۋانمۇ؟" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە چوڭ بىر دەتالاش باشلىنىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى تالاش-تارتىشلار ئاخىر-لىشىپ، شىر: "ئادەم ھىچقاچان ھايۋانلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ھايۋانلار قالتىس!" دېگەن ھوكۈمنى چىقىرىپتۇ. ھوكۈمگە چىن كوڭلىدىن قوشۇلمىغان كوپچىلىك: "قېنى، شىر خوجامنىڭمۇ ئەھۋالىنى كورەرمىز!" دېيىشىپ، ئاستا ئوز جايلىرىغا قايتىشىپتۇ، تالاش-تارتىشلارغا تۇلكە بەگ قاتناشمىغان ئىكەن، ئۇ قايسى تەرەپكىن، بۇ نامەلۇم. ئىشقىلىپ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئويلىرىغا كېتىۋېتىپ: "ھەر ھالدا، بىز ئادەملەرنىڭ چىشىغا تەگمەي، ئوز ئىشىمىز بىلەن بولايلى" دېيىشىپتۇ.

تېخى ئارىدىن ئۇزۇن كۈنلەر ئوتمەي، شۇ ئەتراپتا بىر ئادەم-نىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتۇ. ئوز بېشىنى يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كەتمەك بولۇپ ئويلاپتۇ، ئويلا-ئويلا "ياخشى ئات — ئوغۇل بالىغا قانات" دېگەن ماقال ئۇنىڭ ئېسىگە كەپتۇ. گادايلارغا ياخشى ئات نەدە تۇرۇپتۇ. نىمە قىلىش كېرەك؟ ئاخىرى ئۇ ئادەم جاڭگال باينىڭ تاغدىكى ئاتلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر ئاتنى تالاپ مىنىپ قاچماقچى بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن "تەۋەككۇل" دەپ يولغا چىقىپ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر نەچچە كۈنلەردىن كېيىن كەچتە

شۇ ئارىدا بىر تۈلكە كېلىپ:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شىر شاھ! — دەپتۇ. شىر "بىرەر مەدەتكار كېلىپ قالدىمۇ — نېمە، خۇدا" دەپ ئاستا پەم بىلەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىقى دە تالاشتىن خەۋىرى يوق تۈلكە بەچچىغەر ئىكەن. شىر كۇسۇرلاپ:
— ھىم، زۇۋانىڭنى چىقارما، ئادەم، ئادەم... — دەپتۇ. تۈلكە:
— تەقسىر، ئادەم دىگەن قانچىلىك نېمىتى......سىلى شۇنچىۋالا قورقىسلا، باشقىلار قانداق قىلار؟......— دەپتۇ. شىر تېخىمۇ جىلى بولۇپ:
— كاساپەت، جىم! ئادەمنى ھەرقانچە كوزگە ئىلمىساڭ، مەنچىلىك ئىلماسسەن. جېنىڭنى ئاستا چەتكە ئال، مېنىڭمۇ بېشىمغا چىقىسەن .......— دەپ خىرىلداپتۇ. تۈلكە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇستىلىق قىلىپ:
— تەقسىر، ئادەم دىگەن ئەخمەق كېلىدۇ...مەن ھازىرلا ئۇنى جايلاپ، جاناپلىرىنىڭ ناشتىلىرىغا تەييارلايمەن، — دەپ شىرنى قايىل قىلغاندەك بولۇپ، ئادەمگە قاراپ مېڭىپتۇ. شىر: "ھەي قانداق بولاركىن...؟" دەپ قاراپ يېتىپتۇ. تۈلكە دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ ئادەمگە شۇنداق قاراپ، "يۇگرەپلا چىقسام قولىدىكى تاياق بىلەن كاللامغا بىرنىلا ئۇرۇپ، ئىشنى تۈگەتمىسۇن، ئۇنىڭدىن كورە بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى ئاۋال پەسكە چۈشۈرۈۋالاي" دەپ ئويلاپتۇ، دەرەخ تۈۋىدە ئېغناپ ھەر خىل قىلىقلار بىلەن ئەكىلەپتۇ......
ئادەم: "شىرنى كۆزدىن يوقىتالماي تۇرسا، ئەمدى بۇ ھارامزادە نەدىن كەلدى...توختا" دەپ دەرەختىن سۇندۇرۇۋالغان

چە چىپىپتۇ، "ئۇستۇمگە يېپىشقان قانداق بالا-قازادۇ؟!" دەپ جىسمىكى كۆچى بىلەن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپتۇ. تاشتىن-تاشقا، پەستىن-ئۆرىگە، ئۆرىدىن-پەسكە چىپىپتۇ، بولماپتۇ؛ چوڭ سۇلارنىڭ ئۇ قېتىدىن بۇ قېتىغا سەكرەپتۇ، تۇز يەرلەردە ئاسمانغا ئۆرلەپ چىچاڭلاپ بېقىپتۇ، بولماپتۇ؛ قۇيۇندەك كېتىپ بېرىپ بىردىنلا ئارقىغا، يانغا بۇرۇلۇپ كورۇپتۇ. يەنە بولماپتۇ. ئاخىرى كوز يەتكۇسىز يىراقلارغا بوراندەك ئۇچۇپمۇ بېقىپتۇ، زادى ئۇتۇلالماپتۇ. ئات قانچە ئېتىشسا، ئادەممۇ شۇنچە يېپىشىپ، "ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن" دەك، ھە دەپ بىقىنىغا تېپىپ، تىنىم تاپقۇزماپتۇ، شۇنداق قىلىپ، تاڭمۇ سۇزۇلەي دەپ قاپتۇ. ئامال قانچە. ئاتمۇ كونۇپتۇ، مىدىرلاشقا دەرمانى قالماپتۇ، ھەتتا يىقىلىپمۇ چۇشۇپتۇ. ئادەم: "ئاپلا! بىچارە، نىمە بولدىكىن؟" دەپ ئاتنىڭ ئۇستىدىن شۇنداق چۇشۇپ قارىسا، شىر. ئاتلاردىن بىرەرىنى ئولجا ئېلىش ئۇچۇن قاشانىڭ ئىچىگە كىرگەن شىر ئىكەن، شىر بولغاندىمۇ شىرلارنىڭ پادىشاسى ئىكەن.

ئادەم: "توختا، ھايۋانلىغىنى قىلمىسۇن يەنە" دەپ چاققانلىق بىلەن ئۇدۇلدا تۇرغان ئېگىز دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىۋاپتۇ. كۇنىمۇ بۇلارنىڭ بازغاپ تۇرۇشىنى تاماشا قىلغاندەك تاغ ئارقىسىدىن ئارتىلىپ چىقىپ قاراپتۇ.

شىر بىر ھازادىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، شۇنداق قارىغىدەك بولسا، ئۇتتۇردا — دەرەخ ئۇستىدە، قوپسىلا مىنىۋالىدىغاندەك قىلىپ، بىر ئادىمىزات تۇرغىدەك. شىر قورققىنىدىن دەررۇ كوزىنى يۇمۇپ، ئىچىدە "نەۋزەمبىللا.....پاناھ بەرگەيسەن ئاللا! ئېزىپتىمەن......" دەپ يەنە ئۆلگەندەك يېتىۋېلىپ، قۇتۇلۇشنى ئويلاپتۇ.

# قازان تۇۋى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن. ئۆتكەن زاماندا. يىراق بىر جاڭگالدا يالغۇز ئۆيلۈك بىر بوۋاي بىلەن موماي كۆن كوچۇرۇدىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيالىقتا بار-يوق بىركالىسى ۋە بىر كونا قازىنى بار ئىكەن. بۇ ئەتراپتا يىرتقۇچ هايۋانلار ۋە ئوغرى-قاراقچىلار پات-پات پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. بوۋاي بىلەن موماي پۈتۈن هاياتىدا ئىككى نەرسىدىن: بىرسى. كالىسىنى يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشى ياكى ئوغرىلارنىڭ ئوغۇرلاپ كېتىشىدىن، ئىككىنچىسى بار-يوقى بىر دانە قازىنىنىڭ تۇۋى تېشىلىپ كەتسە، تاماق ئېتىپ يېيەلمەيدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا، بوۋاي بىلەن موماي هەر كۈنى ئاخشىمى ئىشىك، تۈڭلۈكنى بەك تاقاپ، كالىسىنى ئارىلىقىغا سولاپ. دائىم ئەشۇ ئىككى ئەندىشىسى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، يېتىپ قالىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر يولۋاس ۋە يەنە بىر ئوغرى بۇلارنىڭ كالىسىنى قەستلەپ قاپتۇ، ئەمما يولۋاس بىلەن ئوغرى بىر-بىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. بىر كۈنى ئوغرى كەچتە كېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ دۈم يېتىپ "بۇلار ئۇخلىدىمۇ-يوقمۇ؟" دەپ تۈڭلۈككە قولاق يېقىپتۇ. يولۋاسمۇ ئۇنىڭ ئالدىدىراق كېلىپ كالا سولانغان ئارىلىقنىڭ ئىشىگىدە پەملەپ ياتقان ئىكەن. موماي بىلەن بوۋاي يەنە ئادەتتىكىدەك سۆزگە كىرىشىپ كېتىپتۇ.

قولىدىكى ئۇزۇن تاياقنىڭ ئۇچىغا بەلۋېغىدىن چىقىرىپ ئەشكەن تانا بىلەن قىلتاق ياساپ، چىڭ باغلاپ، ئاستا تۆۋەنگە چۈشۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە، قىلتاقنى نەدىن ئۇقسۇن، تېخى ئۇنى ئانچە-مۇنچە ئويناپ قويۇپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپتۇ، ئوڭدا يېتىپ ئەكىلىگەن بوپتۇ. ئادەم قىلتاقنى پەم بىلەن تۈلكىنىڭ بوينىغا ئوبدان سېلىپ، ئاندىن "مۇشۇككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن" دې-گەندەك، يۇقىرىغا شۇنداق بىر تارتىپتىكەن، تۈلكە بىر-ئىككى چىقىراپتۇ، كېيىن خىقىراپتۇ، ئاندىن تېرىدەك ساڭگىلاپ قاپتۇ. بۇ ھادىسىدىن تېخىمۇ قورققاپ شىر: "مەن دېمىدىممۇ، كاساپەت! خەير. ماڭىمۇ قىلدىڭ" دەپ ۋاقىراپ، ئاخىرقى كۈچىنى گەۋدىسىگە يىغىپ، شۇنداق قېچىپتىكى، ھەش-پەش دېگىچە، بۇ دەرگالىقتىن غايىپ بولۇپ، ئادىمىزاتقا كۆرۈنمەپتۇ. تۈلكە دەرەخ ئۇچىدا ئېسىلغان بويى قاپتۇ، ئادەم بولسا، پاڭشىڭ ئۆز ناخشى-سىنى ئېيتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. "تادان تۈلكە تومشۇقىدىن ئىلىنەر" دېگەن ماقال مانا شۇنىڭدىن قالغانمىش.

ئۇغرى قاراپ باقسا، ئاستىدا مىنىۋالغىنى كالا ئەمەس، يولۋاس. سەكرەپ چۈشۈپ، قورقۇنچلىقىدا بىر ئېگىز دەرەخكە يامشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. يولۋاس قىرىق - ئەللىك قەدەم بېرىپ ھېرىپ يېتىپ قاپتۇ. شۇ يەردە يۈرگەن بىر تۈلكە بۇ ھالغا ھەيران بولۇپ، يولۋاسقا سالام بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ.

— سەن كىچىك بىر ھىلىگەرسەن، دەرھال جېنىڭنى جايلا، دەرەخنىڭ ئۈستىدە قازان تۈۋى بار، تاك ئاتقىچە مېنى مىنىپ ھالىمنى قويمىدى، - دەپتۇ يولۋاس.

— ۋاي يولۋاس پادىشاھىم، ئۇ قازان تۈۋى ئەمەس، ئادەم، - دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇغىنى شىپاڭلىتىپ.

— ياق، قازان تۈۋى، - دەپتۇ يولۋاس كوزلىرىنى ئالايتىپ.

— ئۇنداق بولسا، ئىككىمىز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارايلى. سىلى قاراپ تۇرسىلا، مەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىمەن، مابادا ئۇ ئادەم بولماي، راست سىلى ئېيتقاندەك قازان تۈۋى بولسا، ئاستا كوزۈمنى چىمچىقلىتىپ قويىمەن. سىلى دەرھال قېچىپ كەتسىلە. مەن قېچىشنىڭ يولىنى ئۆزەم تاپىمەن، - دەپتۇ تۈلكە. يولۋاس ماقۇل كەپتۇ، بىراق شەرت قويۇپتۇ:

— سەن تۈلكە ھارامزادە. ئالداپ قېچىپ كېتىپ، مېنى قازان تۈۋىگە تۇتۇپ بەرمەكچىسەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى بوينۇمغا باغلاۋېلىپ بارىمەن. نىمە بولساق تەڭ بولىمىز، - دەپتۇ يولۋاس.

بۇلار دەرەخ تۈۋىگە كەپتۇ. يولۋاسنىڭ بوينىغا باغلانغان تۈلكە ئاغامچىسىنى سورەپ دەرەخقە چىقىشقا باشلاپتۇ:

قورقۇپ ئەرۋايى ئۇچۇپ كەتكەن ئوغرى دەرەخ ئۈستىدە ئۆزىنى

— خوتۇن، مۇشۇ كالىمىزدىن ئاجراپ قالساق ئۇقەت قىلىشىمىز تەس بولىدۇ جۇمۇ. قېرىغاندا ئىككى قولىمىز بىلەن نىمىمۇ قىلالايتتۇق، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇمۇ بىر جان ئىگىسى، بۇ دۇنيالىق ئەمەس، مەن ئوغرىدىنمۇ، يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، ئەمما خۇدايىم قازان تۈۋدىن ساقلىسۇن، — دەپتۇ موماي.

تۈگۈلۈكتە تىڭشاپ ياتقان ئوغرى: "يائاللا، بۇلار ئوغرىدىنمۇ قورقمىسا، يولۋاستىنمۇ قورقمىسا، قازان تۈۋدىن قورقسا، قىزىق ئىش ئىكەن، مەن بىلمەيدىغان قازان تۈۋى دەيدىغان بىر بالا-قازا بار ئوخشايدۇ" دىگەن ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. قورققىنىدىن ئەترايقا قاراپتۇ. ئۇمۇلەپ ئىشىك بېشىدىن چۈشۈپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ يەرگە كوز تىكسە، ئىشىك ئالدىدا بىر يوغان نەرسە ياتقىدەك. بۇنىڭ يولۋاس ئىكەنلىگىنى بىلمىگەن ئوغرى ئۇنى قاراڭغۇدا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ كالىسى دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

يولۋاسمۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ "يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، خۇدايىم قازان تۈۋدىن ساقلىسۇن" دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ "قازان تۈۋى دەيدىغان مەندىنمۇ يامان بىر بالا بار ئوخشايدۇ" دەپ قورقۇپ ياتقان ئىكەن.

يولۋاسنى كالا دەپ ئويلاپ قالغان ئوغرى خوشال بولۇپ كېتىپ، ئۇنى مىنىپلا قاچماقچى بولۇپ، ئوگزىدىن ئوزىنى توغرى يولۋاسنىڭ ئۈستىگە تاشلاپتۇ. يولۋاس ئوز ئۈستىگە مىنىۋالغان ئوغرىنى قازان تۈۋى دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بەدەر قېچىپتۇ. تاڭ ئاتقىچە قېچىپ يولۋاسنىڭ ھىچ ئەھۋالى قالماپتۇ. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار بىر جاڭگالىغا بېرىپ قاپتۇ.

# بوزچى يىگىتنىڭ باتۇر ئاتىلىپ قىلىشى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن. زامانلارنىڭ زامانىسىدا بوز توقۇپ كۈن ئالىدىغان بىر يىگىت بولغان ئىكەن. ئۇ كۈندە بىر نانىغا ئىشلىسىمۇ، ئۇنى توت پارچە قىلىپ ئۈچ پارچىسىنى كۈندە يەپ، بىر پارچىسىنى كېيىنكى كۈننى ئويلاپ ئېلىپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئېلىپ قويغان نانلىرىغا قارىسا چاشقان يەپ قويۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇرسا، بىر چاشقان چىقىپ، قويۇپ قويغان ناننى ئېلىپ قېچىپ كېتىۋاتقىدەك، بوزچى يىگىت قولىدىكى بوز توقۇيدىغان موكىسىنى چاشقانغا بىر ئاتقان ئىكەن، چاشقان ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بوزچى يىگىت بۇنداق ئويغا كەپتۇ: "بوز توقۇيمەن دەپ ئويماندا جان تالىشىپ ئولتۇرغىنىمدىن كورە موكام بىلەن جاڭگالغا بېرىپ ياۋا جانىۋارلارنى ئۇۋلاپ، گوش تېپىپ، كۈن كەچۈرگۈنۈم تۈزۈك ئوخشايدۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بوز توقۇيدىغان ئۈچ دانە موكىسىنى خورجۇنغا سېلىپ، بىرئاز ئوزۇقلۇق ئېلىپ، جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ، كۈن بويى مېڭىپ ھېچنىمىنى كورمەپتۇ. گۇگۇم چۈشكەندە قارىسا، بىر ياتاق تۈۋىدىن بىر توشقان يۈگرەپ چىقىپتۇ، بوزچى يىگىت موكىسىنى بىر ئاتقان ئىكەن، توشقانغا تەگمەي، تاشقا تېگىپ يانچىلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى بىر كۈن مېڭىپ، قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدا

قويىدىغان يەر تاپالماي، قورقۇنچلىقىدا تۈلكىگە قارىتىپ جىڭغاۋىرتىپتۇ. بۇنىڭدىن تۈلكىنىڭ كوزلىرى چىمىلداپ كەتكەن ئىسكەن، يولۋاس تۈلكىنى ۋە ئاغامچا ئۈرىلىپ قالغان دەرەخنى قومۇرۇپ بەدەر قېچىپتۇ. ئۇغرى ئاسماندىن چۈشكەن خىمىردەك جاڭگالدا قىمىر قىلماي يېتىپتۇ.

بىر رىۋايەتكە قارىغاندا، يولۋاس ھازىرغىچە تۈلكىنى سورەپ يۈگەنىمىش. تۈلكىنىڭ بولسا تېرىسىدىن باشقا ھېچنەرسىسى قالماپتىمىش.

— بۇ جايغىمۇ ئادەم - ئىنسان كېلىدىكەنغۇ؟ - دەپ ھەيران بولغان ھالدا سوراپتۇ ۋە سوزىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپلا ئويگە تەكلىپ قىلىپتۇ. يىگىت ئويگە كىرىپتۇ. قىز يىگىتكە ئۆزىنىڭ بۇ جايغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوزلەپ بېرىپتۇ: قىزمۇ ئەسلى ئادىمىزات بولۇپ، دىۋىلەر ئەپقېچىپ كەلگەن ئىكەن. يىگىتمۇ بېشىدىن ئوتكەنلەرنى سوزلەپ بېرىپتۇ. ئەنە شۇنداق ھال - ئەھۋاللىشىپ بولۇشقاندىن كېيىن، يىگىت قايتماقچى بولۇپتۇ. قىزنى بىللە ئېلىپ كېتەي دىسە دىۋىلەردىن قورقۇپتۇ. قىزمۇ:

— بولدى، دەرتىنى مەنلا تارتاي، سىز چاپسان قايتىپ كېتىڭ. ئۇلارنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، - دەپتۇ. يىگىت قىزدىن:

— دىۋىلەر قانداق كېلىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

دىۋىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم يامغۇر ياغىدۇ، ئارقىدىن بىرئاز بوران چىقىدۇ، - دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ قىز. يىگىت تالاغا چىقىشىغا ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز:

— ئەمدى بولىدىغان ئىش بولدى، مۇشۇ جايدا بىر ئامال قىلىڭ، دەپ يىگىتنى كەتكۈزمەي ئېلىپ قاپتۇ. بۇلار دەرۋازىلارنى چىڭ تاقاپ، قولۇپ سېلىپ تۇرغاندا دىۋىلەر كېلىپ، بۇ جايغا ئادىمىزات كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ، ئېچىلماپتۇ. دىۋە قىزغا:

— دەرۋازىنى ئاچامسەن - يوقمۇ؟ - دەپتىكەن، قىز:

— مەيەردە بىر ئادەم بار، شۇ ئاچقۇزمايۋاتىدۇ، - دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دىۋىلەردىن بىرسى:

بىر جەرەننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭغىمۇ بىر موكىسىنى ئاتقان ئىكەن، جەرەنگە تەگمەي، قومۇشلۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كېتىپتۇ. بۇنىمۇ ئىزلەپ تاپالماي، بىر كۈن يول مېڭىپ، بىر كول ياقىسىغا كېلىپ قونۇپ قاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارىسا، كولنىڭ باغرىدا بىر ياۋا ئۆدەك تۇرغىدەك، ئۇنىڭغىمۇ قېپ قالغان ئاخىرقى بىر دانە موكىسىنى ئاتقان ئىكەن، ئۆدەك ئۇچۇپ كېتىپ، موكىسى كولگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. يۈگۈرۈپ بېرىپ كولگە تاخلاپ چۈشۈپ سۇدىكى موكىسىنى ئىزلەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ يەي دېسە يېيىشكە نېنى يوق، ئۇۋچىلىق قىلاي دېسە موكىسى يوق. ئاخىرى ئۇ ئۆز جايىغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلىپ مېڭىپتۇ. بىر جاڭگالدا كېتىۋاتسا، يولدا بىر دانە ئېشەك قويرۇغى ئۇچراپ قاپتۇ. بوزچى يىگىت بۇنى كۆرۈپ، بۇمۇ لازىم بولۇپ قالار، دەپ ئۇنى خۇرجۇنىغا ساپتۇ. يەنە ماڭغاندىن كېيىن يولدا بىر تال كاناي ئۇچراپتۇ، بۇنىمۇ ئېلىۋاپتۇ، يولدا يەنە بىر تاشپاقىمۇ ئۇچراپتۇ، بۇنىمۇ ئاپتۇ. بىر جايلارغا بارغاندا قوسىغى بەك ئېچىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىركىم قارا دىگەندەك قېپتۇ، بېشىنى كوتىرىپ قارىسا بىر جاڭزا كۆرۈنۈپتۇ. نىملا بولسۇن مۇشۇ جاڭزىغا كىرىپ قوساق توقلاپ، ئاندىن ماڭاي، دىگەن قارارغا كېلىپ، جاڭزا تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ. يېتىپ كېلىپ قارىسا، يوغان دەرۋازا بەكمۇ ھەيۋەتلىك سېلىنغان. جاڭزىغا كىرەي دېسە يەنە، كىرمەي دېسە يەنە، ئەڭ ئاخىرىدا كىرىشكە قارار قىلىپ دەرۋازىنى قولى بىلەن ئۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، دەرۋازىنى ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر قىز چىقىپ ئېچىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

كۆنلەردىن بىر كۈنى پادىشانىڭ بېغىغا بىر بولۋاس كىرىۋاپتۇ. ئۇنى ھېچكىم قوغلاپ چىقىرالماپتۇ. بۇ توغرىلىق پادىشاغا خەۋەر قىلغان ئىكەن، پادىشا دىۋىلەردىن قىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ كەلگەن يىگىتنى چاقىرىپ ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. پەرمانغا بىنائەن بورچى يىگىت كەپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن باغدىكى يولۋاسنى يوقىتىشنى بۇيرۇپتۇ. بورچى يىگىت بۇنىڭغا نىمۇ دىيەلىسۇن، پادىشانىڭ ئەمرىنى ئورۇنلىماي ئامالى يوقتە. ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ، ئاخىرى بىر ئامال تېپىپتۇ: بىردانە يوغان جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ، باغنىڭ تۆۋىدىكى تامغا يۆلىنىپ يېتىۋاپتۇ. يولۋاس پىقىراپ بورچى يىگىت تۇرغان جايغا كېلىپ، ئارام ئالاي دەپ جۇۋىغا يۆلەنگەندە، يىگىت بىر سۇرەن سالغان ئىكەن، يولۋاس قورقۇپ كەتكىنىدىن قاچىمەن دەپ، بىر تۈپ ئۈرۈكنىڭ شېخىغا قوسىقىدىن ئىلىنىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن خالايىق ھەيران قېلىشىپتۇ: پادىشا خوشال بولۇپ يىگىتنى رازى قىپتۇ ۋە يۇرت خەلقىنى يىغىپ، 40 كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، قىزىنى بورچى يىگىتكە بېرىپتۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ باتۇرلۇق داڭقى پۈتۈن يۇرتقا تارقاپتۇ.

— بۇرۇتىمىزنى يۇلۇپ تاشلاپ ئۇنى قورقىتىپ ئاچۇرايلى، — دەپ بىر تال بۇرۇتىنى يۇلۇپ پىقىرىتىپ ئېتىپتۇ. بۇنى كورگەن يىگىت هودۇقماستىن، يولدىن تېپىۋالغان ئېشەكنىڭ قۇيرۇغىنى پىقىرىتىپ ئاتقان ئىكەن، بۇنى كورگەن دىۋىلەر هەيران بولۇشۇپتۇ:

— دەرۋازىنى ئاچامسەن - يوق؟ ئەگەر ئاچمايدىغان بولساڭ پىتىمىزنى تاشلىساق، سېنى يەپ ئولتۇرىدۇ، - دەپتۇ.

— پىتىڭلارنى كورۇپ باقاي، قېنى ئېتىڭلار، - دەپتۇ يىگىت. دىۋىلەر دۇمبىسىدىن بىر تال پىتىنى ئېلىپ پىقىرىتىپ جاڭگىزىغا ئېتىپتۇ، قارىسا، بورى ياڭغىدەك پىت يەرگە چۈشۈپ مېڭىپ يۈرگىدەك. بوزچى يىگىت:

— سىلەرنىڭ پىتىڭلار شۇ بولسا، مەنمۇ پىتىمنى ئېتىپ باقاي، كورۇپ بېقىڭلار، - دەپتۇ - دە، خورجۇندىن تاشپاقىنى چىقىرىپ ئېتىپتۇ، بۇنى كورۇپ دىۋىلەر قورقۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىر سىناپ كورەيلى، دەپ ۋاقىراپ بېقىشماقچى بوپتۇ. ئاۋال دىۋىلەر ۋاقىراپتۇ. ئاندىن بوزچى يىگىت خورجۇندىن كانايىنى چىقىرىپ چالغان ئىكەن، دىۋىلەر "بىز تۈگمەس - پۈتمەس بالا - قازاغا ئۇچراپتىمىز، چاپسانىراق جېنىمىزنى جايلايلى" دەپ جاڭگالغا قاراپ تىكىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز، يىگىت خوشال بولۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ. قىز ئەشۇ يۇرتنىڭ پادىشاسىنىڭ ئەڭ سويۇملۇك قىزى ئىكەن، قىز يىگىتنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ، قىزىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولۇپ قالغىلى ئاز قالغان پادىشا قىزىنى كورۇپ، يېڭىدىن تېنىگە جان كىرگەندەك خوشال بولۇپتۇ، ئەهۋالنى قىزدىن تەپسىلى ئۇققان پادىشا يىگىتكە چوڭ ئىنئام بېرىپ ئۇزىنىڭ ئويىگە قايتۇرۇپتۇ.

چىقىرىپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر خالىساڭ كوزا تېپىپ كېلىپ سال، ئۇندىن كېيىن ئىختىيارىڭچە سۇ بېرەي، — دەپتۇ.

قاغىنىڭ بېشىغا چوڭ غەم چۈشۈپ، ئىگىگىنى تۇتۇپ، ئۇزۇن ئولتۇرۇپتۇ، بۇ چۆللۈكتە سۇ تارتقىدەك قاچا تېپىشقا كوزى يەتمەي، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، بىر يېزىغا كېلىپ، بىر ئەخلەتخانىغا قارىسا، بىر پۇچۇق كوزا تۇرغىدەك.

— كوزا ئاداش، بولساڭ پۈتۈن، تاتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپ يالۋۇرغاندىن كېيىن، پۇچۇق كوزا ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ:

— مەن سۇپۇرۇندىخانىدا تۇرسام، كوزۇڭگە ئىلماي ھەر قىسما گەپ قىلىۋەرمە، مېنى ئىگىلىرىم نۇرغۇن ئەجرى قىلىپ، تاغدىن سېغىز تۇپا ئېلىپ كېلىپ، خۇمدانغا سېلىپ پىشىرىپ، كوزا ياسايدۇ، ئاندىن كېيىن سۇ تارتىدۇ، — دەپتۇ.

قاغا ئولە-تىرىلىشىگە قارىماستىن، ئىزلە-ئىزلە بىر سېغىزلىقنى تېپىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سېغىز تۇپىغا قاراپ:

— سېغىز ئاداش. بەرسەڭ سېغىز، ئېتەي كوزا، تاتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۇلاينى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپتۇ.

سېغىز چىرايىنى ئانچە ئاچماستىن، قاغىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— مەن بولسام قانچە يىلدىن بېرى مۇشۇ يەردە ساقلىنىپ ياتتىم. ئەتراپىمدا ياشاۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر پېشانىلىرىدىن تەر ئاققۇزۇپ، مېنى كولاپ ئېلىپ، نۇرغۇن مېھنەت بىلەن كوزا ياساپ ئىشلىتىپ كەلدى. سېنىڭ مۇنداق قۇرۇق سوزلىرىڭگە چىقىپ كوزا ياسىلىپ بەرمەيمەن. خالىساڭ سەنمۇ خەلقلەرگە ئوخشاش

## ئۈلاي بىلەن قاغا

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈلاي بىلەن قاغا ئىككىسى چېلىشماقچى بوپتۇ. كىم يىقىتۋالسا، يىقىتقۇچى يىقىلغۇچىنى يېيىشنى توختام قىلىشىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى جانىۋار يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چېلىشىپ، ئاخىرى قاغا ئۈلاينى يىقىتىۋېلىپ، ئۇنى يېيىشكە تەمشەلگەندە، ئۈلاي ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ھەي قاغا، سەن بولساڭ ئۇچار جانىۋارلار ئىچىدە ئەڭ شالاق، سەت، پاسكىنا بىر نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن قەيەردىن بولمىسۇن سۇ تېپىپ، تۇمشۇغىڭنى پاكىزىلاپ كېلىپ مېنى يېگەن، ــ دەپتۇ.

قاغا قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز سۇ ئىزلەپ، چول ـ جەزىرىلەردە ناھايىتى كوپ ئاۋارە بولۇپ، ئاخىرىدا سۈيى بار بىر قۇدۇقنى تېپىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىگە چۈشەي دىسە، كېيىن قايتىپ چىقىش قىيىن، چۈشمەي دىسە، باشقا بىر يەردە سۇ يوق، ھېچبىر ئىلاج قىلالماستىن قۇدۇقتىكى سۇغا قاراپ:

ــ قۇدۇق ئاداش، بەرسەڭ سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۈلاينى يەپ، بولاي سېمىز، ــ دەپتۇ.

قۇدۇق مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ:

ــ مەن بۇ سۇنى غېرىپ ـ مۇساپىر، ئوتكەن ـ كەشكەن كار- ۋانلار ئۈچۈن ساقلاپ قويغانمەن. سېنىڭ بۇ قۇرۇق گېپىڭگە سۇ

ئوت-چۆپلەر قاغىغا قاراپ:

— سەن بولساڭ كېرەكسىز، ئىنسانغا ھېچ پايداڭ تەگمەيدىغان نەرسىسەن. بىز سېنىڭ ئۈچۈن نىمە دەپ ئوزۇق بېرىمىز؟ بىزدىن نۇرغۇن جان ئوزۇقلىنىپ پايدىلىنىدۇ. ئەمگەك قىلغانلار بىزنى ئورۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر خالىساڭ ئوغاق تېپىپ كېلىپ ئورۇپ كەت، — دەپتۇ.

قاغا ئىلاجىسىز يولغا چىقىپ، بىر ئوغاقنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئوغاق ئاداش، بەرسەڭ ئوغاق. ئوراي ئوت، بەرسۇن چۆپ، يەسۇن كىيىك، بەرسۇن موڭگۈز. چوقچۇلاي سېغىز. ئېتەي كوزا، تاتاي سۇ، يۇياي تومشۇق، ئۇلايىنى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپتۇ.

ئوغان بەللىرىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆزەمچىلا مۇنداق بولغان ئەمەس، مېنى تۆمۈرچى ئۇستا نۇرغۇن ئەمگەك بىلەن ياسىغان. شۇ تۆمۈرچىنىڭ قېشىغا بېرىپ ياسىتىپ كەل، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

قاغا ئۇلاي بىلەن چېلىشقىنىغا مىڭ بىر پۇشمان قىلىپ، نۇرغۇن ئويلاپ، ئاخىرى تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ يېنىغا بېرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارتقان يول ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى ئېيتىپ. تولا قاخشىغانلىقتىن. تۆمۈرچى:

— ئوغاقنى ياساپ بەرسەم قەيىرىڭ بىلەن تۇتۇپ ئېپ كېتىسەن؟ — دەپتۇ.

— پۇتۇمغا ئېسىپ قوي، — دەپتۇ قاغا.

— بولمايدۇ، پۇتۇڭدىن چۇشۇپ كېتىدۇ.

— بولمىسا بوينۇمغا ئېسىپ قوي.

— مەيلى، — دەپ تۆمۈرچى ئوغاقنىڭ ئەگمىچىدىن قاغىنىڭ

كىيىك موڭگۈزى تېپىپ كېلىپ، ئەجرى قىلىپ ئېلىپ كەتسەڭ مەيلى.

قاغىنىڭ بېشىغا يەنە غەم چۈشۈپتۇ. يالتىيىپ قالاي دېسە، ئۆلاينىڭ كوشى تاتلىق. مەيلى دەپ ئۇ يەنە يولغا راۋان بوپتۇ. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، تاغنىڭ بىر كامىرىدىن ئىككى بالىسى بار بىر كىيىكنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ:

— كىيىك ئاداش، بەرسەڭ موڭگۈز، چوقچۇلاي سېغىز، ئېتەي كوزا، تاتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۆلايىنى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپتۇ كوزىگە مولدىدە ياش ئېلىپ، كىيىك يېنىدا ياتقان بالىسىنى كورستىپ:

— ماڭا مۇشۇ يەردە ياشىغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. نۇرغۇن ھەلەكچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن. مۇشۇ ئۇششاق بالىلىرىمنى يىراق يەرلەردىن ئوت - چوپ ئېلىپ كېلىپ باقمەن. موڭگۈزۈم بولسا ياۋايى يىرتقۇچلاردىن ساقلىنىش ئۇچۇن كېرەك بولىدۇ. سېنىڭ مۇنچىلىك ئۇزۇن يوللاردىن كەلگىنىڭ ئۇچۇن مەيلى بېرەي، لېكىن بىر نەچچە كۈنلۈك ئوزۇغۇم ئۇچۇن ئوت - چوپ ئېلىپ بەرگىن، — دەپتۇ.

قاغا ئۆز ئىشىنىڭ مۇنداق چىگىش بولۇپ كېتىپ بارغانلىغىنى سېزىپ، نۇرغۇن پۇشايمانلارنى يەپتۇ، ئىلاج يوق. مىڭ بىر نادامەتلەر ئاستىدا يولغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوت - چوپلۇك تاققا كېلىپ، ئوت - چوپلەرگە قاراپ:

— چوپ ئاداش، بەرسەڭ چوپ، يەسۇن كىيىك، بەرسۇن موڭگۈز، چوقچۇلاي سېغىز، ئېتەي كوزا، تاتاي سۇ، يۇياي تۇمشۇق، ئۆلايىنى يەپ، بولاي سېمىز، — دەپ زارلىنىپتۇ.

# باتۇر ئۇشكە

بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ناھايىتى نامراتچە- لىقتا كۈن ئۆتكۈزگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ دۇنيادا يالغۇزلا بىر ئۆشكىسى بار ئىكەن. ئۇشكىگە ھەر كۈنى بىر تۇتام قۇرۇق ئوت بېرىپ، يىلىنلىرىغا مۇشلاپ يۇرۇپ، كۈنىگە بىر ئاپقۇر سۈت سېغىپ ئالىدىكەن. بىچارە ئۇشكە ھەر ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىدىكەن. ئۇشكە شۇ كۈنلا ئەركىن ئوتلاپ يۈرەلەي- دىكەن، باشقا كۈنلىرى بولسا، بويىندىن باغلانغان، قۇرۇق ئوتنى يەپ، قوزۇق تۈۋىدە كوشەپ ياتقىنى ياتقان ئىكەن.

ئۇشكە كوكلەمدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، كەڭ توقايلىقتا چوپنىڭ ئۇچىنى يەپ يايلاپ يۇرگىنىدە، ئۇنىڭ يېنىغا بىر ساغلىق قوي كېلىپ سالام بېرىپتۇ. ئۇشكە ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىسا، بىچارە ساغلىقنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خاراپ، يىلىنلىرى خالتىلىشىپ، تېرىسى ئۇستىخانلىرىغا يېپىشىپ كەتكەن. ھەر بىر قوۋۇرغىسى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرغىدەك. ئۇشكە ساغلىق قوينىڭ سالىمىنى ئېلىپ:

— ئەي بىچارە قوي، كوپ يول يۈرۈپسەن،
مۇشكۇل ئازاپنى تازا كورۇپسەن.
تېرەڭدە سېنىڭ ئاندا-ساندا تۈك،

بوينىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

قاغا ئىچ ـ ئىچىگە پاتماي خوشال بولۇپ، بىرلا كوتۇرۇلۇپ بىرئاز ئۇچقاندىن كېيىن، ئوغاق قاغىنىڭ بويىننى شىرت قىلىپ كېسىپ، يەرگە پولاڭلاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.

قاغا ئۇلايىنى يەپ سەمرەلمەستىن چولدە قاپتۇ.

— ئانداق بولسا نەگە قاچىمىز؟ — دەپتۇ ساغلىق قوي.

ئۆشكە توت ئەتراپىغا قاراپ، يىراقتىكى تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئانام ماڭا: "بالام، ئەشۇ كورۇنگەن تاغ ناھايىتى ئوتلۇق، سۇلىرى ياخشى، ھاۋاسى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى، بىر ئىلاج قىلىپ، شۇ يەرگە يېتىۋالساق، ئۆمۈربويى راھەتتە ئوتەتتۇق، بۇ يەردە كورگەن ۋە چەككەن ئازاپلىرىمىزمۇ يادىمىزدىن چىقىپ كېتەتتى" دەپ ئېيتقان ئىدى، لېكىن ئانام رەخمەتلىك شۇ يەرگە يېتەلمەي، بىزنىمۇ يەتكۈزەلمەي ئالەمدىن ئوتتى. لېكىن ماڭا يەنە: "ئەگەر بىر ئىلاجىنى قىلىپ شۇ يەرلەرگە بارالىساڭ، كەڭ يايلاقلاردا ئەركىن - ئازات يۈرگىنىڭدە مېنىمۇ يادلاپ قويارسەن" دەپ ۋەسىيەت قىلغان. شۇ يەرگە بارساق كوپ ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

بۇ گەپ ساغلىققا تازا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەۋەككۈل دەپ، شۇ كورۇنگەن تاققا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇلار يولدا كېتىۋېتىپ، يىراقتىكى بىر نىمىنىڭ قارىسىغا كوزى چۈشۈپتۇ. دەسلەپ "بۇ قانداق نەرسىدۇ" دەپ قورقۇشۇپتۇ، يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ئۇ بىر ئوكۇز بولۇپ چىقىپتۇ. ئوكۇز پۇتلىرىنى ئارانلا يوتكەپ، سەنتۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ئۆشكە بىلەن ساغلىق يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇزى كوتۇرەم بولغان، موڭگۇزلىرى غولاچتىن ئاشقان، دۇمبىسىنى يېغىر باسقان، كوزلىرى ئورىدەك، بۇرۇنلىرى مورىدەك، بويىنى ئۇزۇن تالدەك، گەدىنى دۇمباق ئىششىق، سوزلەشكىمۇ ھالى يوق ئوكۇز ئىكەن. ئۆشكە ئوكۇزگە سالام بېرىپتىكەن، ئوكۇز بېشىنى لىڭشىتىپ، سالامغا ئارانلا جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ. ئۆشكە يەنە:

— ھە، ئوكۇزۋاي، يول بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەمدى ئۇ ساڭا بوپتۇ ئىغىر يۈك. — دەپتۇ.

ئۈشكىدىن بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ ساغلىق:

— ئەي دوستۇم ئۈشكە، قارا ئۇزەڭگە،
كىملەر كۈلمەيدۇ قىلغان سوزۇڭگە.
ئۇزەڭنى بىلگىن، ئۇزگىنى قويغىن،
سىنىڭ ئەھۋالىڭ بەتەرغۇ مەندىن. — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كىيىن بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇپ، هال-مۇڭدۇشۇپ، پاراڭغا چۈشۈپ كىتىپتۇ.

ئۈشكە:

— مىنىڭ ئىگەم بار، ئۇنىڭ مىنىڭدىن باشقا هىچنەرسىسى يوق، يەيدىغان ئوزۇغىمۇ يوق. پەقەت ئەر-خوتۇن ماڭا زورغا بىر تۇتام قۇرۇق ئوتنى تىپىپ بىرىپ، بىر ئاپقۇر سۈتۈمنى سىغىۋالىدۇ. بالامغا سۈت قالدورمايدۇ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن جان بىقىشىدۇ. مەن بولسام پەقەت جۈمە كۈنىلا ئەركىن دەم ئىلىپ، يۈرىگىمنىڭ چىگىچىنى يىشىپ ئالىمەن، — دەپتۇ.

ئۈشكىدىن كىيىن ساغلىقمۇ بىشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى سوزلەپتۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشمۇ ئۈشكىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئىكەن، ئۇمۇ جۈمە كۈنىلا بىر كۈن دەم ئالىدىكەن.

ئۈشكە بىلەن ساغلىق قوي خوجايىنلىرىنىڭ جەۋرى-زۇلۇملىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەپتۇ. ئاخىرى باشقا بىر جايغا قىچىپ كىتىشنى نىيەت قىلىشىپتۇ.

ئۇستەڭگە باي چەكسىز يايلاق ئىكەن. بۇلار بېرىشى بىلەن ئاياق تەگمىگەن ئوتلارنى يەپ، سۈزۈك سۇلارنى ئىچىپ، قوساقلىرىنى تويغۇزۇپ، چاقچاق قىلىشىپ، ئويناپ-كۈلۈشۈپ بىر چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىشىپتۇ ۋە شۇ چىنارنىڭ تۈۋىدىكى بىر غارنى ماكان قىلىپ يېتىشىپتۇ. سەھەر ۋاقتى بولغاندا، ئۆشكە ئۇيقۇسىدا چۈش كورۈپتۇ، چۈشىگە خوجايىنلىرى كىرىپتۇ، خوجايىن "نەگە يوقال-دىڭ؟ ئەمدى سېنىڭدىن نەچچە كۈنلۈك سۈتنى بىراقلا سېغىۋال-مەن" دەپ ئۇنى چۈشەپ ساققىلى تۇرغانمىش. ئەمچەكلىرىنى تارتسىمۇ بىر كاپپاك سۈتتىن باشقا سۈت چىقمىغانمىش، خوجايىنى غەزەپلىنىپ: "قالغان سۈتلىرىڭنى نىمە قىلدىڭ؟" دەپ قولىغا يوغان شويلىنى ئېلىپ ھەدەپ ئۇرۇشقا باشلىغاندا، ئۆشكە ئاۋازىنىڭ بارىچە "بە-بە-بە" دەپ ۋاقىرىۋېتىپتۇ. ئۆشكىنىڭ ئاۋازىدىن چوچۇپ ئويغانغان ساغلىق قوي بىلەن ئوكۈز "ۋاي نىمە بولدى، نىمە بولدى؟" دەپ قورقۇپ كېتىشىپتۇ. ئۆشكە ئويغىنىپ، كوزىنى ئېچىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ:

— خۇداغا شۈكرى، چۈشۈم ئىكەن...— دەپ چۈشىدە كورگەن-لىرىنى بىر-بىرلەپ سوزلەپ بېرىپتۇ.

كۈندىكىدەك سەھەر ئويغىنىش، بويىنىغا ئاغامچا سېلىش، قىيناش، ئازاپلاش يوق. بۇلار ئەمدى چاپسانلا سەمرىشكە باشلاپتۇ. بولۇپمۇ ئوكۈز ناھايىتى سەمرىپتۇ. ئۇنىڭ سۈۋلىتىنى كورگەن ھەرقانداق ياۋايى ھايۋانمۇ قاچىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئوكۈز ئۆشكە بىلەن ساغلىققا:

— مەن غارنىڭ ئىچىدە ئىسسىققا چىدالمايۋاتىمەن، بۈگۈن چىنارنىڭ تۈۋىدە ياتاي،— دەپتۇ. ئەمما بۇ كېچە سوغ بولۇپ كېتىپ،

ئۇكۆز بىر تىنىپ، ئاغرىق كىشىدەك مۆدۈرۈلۈپ كېتىپ:
— ھە، باللا، ھەپتە ئىشلىدۇق، بۇگۈن بىر ھاردۇق ئېلىپ، يۇت-قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ راھەتلىنەي دەپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ.
ئۇشكە بىلەن ساغلىق ئۇز باشلىرىدىن ئۇتكەنلىرىنى سوزلەپ، شۇ كورۇنگەن تاقىقا كېتىۋاتقانلىغىنى ئېيتىپتۇ.
ئۇكۆز بۇلارنىڭ سوزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن بىر ئۇھ تارتىپ:
— دۇنيادىكى ئېغىرچىلىقتىن تويدۇم. سەھەر تۇرۇپ كەچكىچە ئىشلەيمەن، تىرەجەپ قوش تارتىمەن. كەچقۇرۇنلىغى ھېچ مەجالىم قالمىغاندىلا قوشتىن چىقىمەن، "ئولگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك" دىگەندەك ئۇيگە قايتىشتا قۇرۇق كەتمىسۇن دەپ يەنە بىر مۇنچە يۇكىنى ئۇستۇمگە ئارتىدۇ. ھاسىراپ-ھومۇدەپ ئۇيگە كەلسەم كاشكى تۇزۇگرەك تاماق بولسىچۇ، بىر تۇتام پاخالدىن باشقا ھېچنەرسە يوق. ئەمدى كۇچۇممۇ تۇگىدى، تاقىتىممۇ ئۇزۇلدى. بۇ جەۋرى-جاپادىن قانداق قۇتۇلارمەن دەپ كوپ ۋاقىتلاردىن بېرى ئويلاپ يۇرگەن ئىدىم. ياخشى بولدى، سىلەر بۇ مەسلەھەتنى ئوبدان قىپسىلەر، مەنمۇ سىلەرگە يولداش، سىلەر بىلەن بىللە كېتىمەن، — دەپتۇ.
شۇنداق قىلىپ، بۇلار ئۇچى جەم بولۇشۇپ تاقىقا قاراپ مېڭىپتۇ.
كوپ يول يۇرۇپتۇ، يول يۇرسىمۇ مول يۇرۇپتۇ. ئاخىرى كورۇنگەن تاقىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ.
بۇ تاغ ئۇشكە ئېيتقاندىنمۇ ياخشى، ئازادە جاي ئىكەن، ھاۋاسى تازا، ئوت-چوپى مول، سالقىن شاماللىق. ئېرىق-

رىدى. خۇدا ئۆزى يەتكۈزمىسە، بەندىنىڭ نىمە ئامالى؟ دەپ تۇرغاندا، ئۆشكە، ساغلىق، ئۆكۈزلەر بۇ سورۇنغا كىرىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن تۈلكە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

— بۇ ئولتارغان ھەممىمىزگە يولۋاس ئۆزى باش.
بۇنداق سېمىز بورداق ماللار بىزگە تەييار ئاش.
ئالدىمىزغا ئۆزى كەلدى، قوي بىلەن ئۆشكە،
ئاتمىش پۇتلۇق ئۆكۈز ئۇلجا، تويىمىز گۆشكە. — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ قوي بىلەن ئۆكۈزگە تىترەك ئولۇشۇپ، سۈر بېسىشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئۆشكە ئۆزىنى توختىتىپ، يولۋاسقا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— چارى باغلىق، ئىگىز تاغلىق جايدا قاسساپمەن،
سوزلىرىمگە قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ئەمدى سەن.
ئاتمىش يولۋاس، ئاتمىش بورى ھەم ئاتمىش تۈلكە،
توختام قىلغان دۇكانچىمەن داڭلىق ئۆلكىگە.
خۇدايىمغا شۈكرى قىلاي تاپتىم كانىدىن،
قېنى چىقسۇن باتۇرلىرى، كەچسۇن جانىدىن. — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىر-بىرىسىگە قارىشىپ، ئاستا مارىشىپ، بىر-بىرلەپ تالاغا چىقىپتۇ. ئۇلار ھىلىقى يولۋاس، بورى، تۈلكىلەرنىڭ تېرىلىرىنى كورۇپ ئەرۋايى ئۇركۇپتۇ ۋە ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىپتۇ. يولۋاس پادىشا بولسا، ئوڭكۇرنىڭ ئىچىدە يالغۇز قاپتۇ. ئۇ، قورققانلىقىدىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغان ئىكەن، ئۆكۈز يۈگۈرۈپ كەلگەن بويىچە ئۇنىڭ قوسىقىغا ئۇسسۇپتۇ، ئۆشكە بىلەن ساغلىقمۇ ياردەمگە كېلىپ، يولۋاسنى ئۇسسۇشقا باشلاپتۇ. يولۋاس ئولەر ھالەتكە

ئۇكوۋزنىڭ پۇت - قولى قولۇشۇپ قاپتۇ. ئەتىگەنلىگى يولداشلىرى چىقىپ قىچقارسا ئۇنچىقمىغىدەك، "نىمە بولدىڭىنە بۇ؟" دەپ بېرىپ قارىسا، سوغۇقتا كاسلداپ تىترەپ ياتقىدەك. ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئوت تېپىپ ئۇكوۋزنى ئىسسىتىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇشكە چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئۇ ياق - بۇ ياققا قاراپتۇ، بىر چاغدا ئۇ بىر پەسلىكتىكى ئىس چىقىۋاتقان ئۇڭكۇرنى كورۇپتۇ. ئۇشكە چىناردىن دەررۇ چۇشۇپتۇ، ساغلىق ئىككىسى ئۇكوۋزنى ئاران يولەپ قوپۇرۇپ، ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتسا، بىر يەردە يولۋاس تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئۇشكە تېرىنى ئېلىپ ئۇكوۋزنىڭ ئۇستىگە يېپىپتۇ، يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىر بورى تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئۇنىمۇ ئۇكوۋزنىڭ ئۇستىگە يېپىپتۇ، يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر تۇلكە تېرىسى ئۇچراپتۇ، ئۇنىمۇ ئېلىپ ئۇكوۋزنىڭ ئۇستىگە يېپىپتۇ. ئاخىرى بۇلار ئىس چىققان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ، قارىسا، بۇ جايغا پۇتۇن يىرتقۇچ هايۋانلار يىغىلغان ئىكەن. ئەسلىدە بۇ يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ مەشرەپ قىلىدىغان جايى ئىكەن. ساغلىق بىلەن ئۇكوۋز قورقۇشۇپ كەينىگە قايتماقچى بولۇپتۇ. ئۇشكە ئۇلارنى توختىتىپتۇ ۋە ئالدى بىلەن ئوزى سالام بېرىپ ئۇڭكۇرگە كىرىپتۇ، كەينىدىن ساغلىق بىلەن ئۇكوۋز كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا بورى، يولۋاس، تۇلكە، شىردىن تارتىپ هەممە يىرتقۇچ هايۋانلار ئولتارغان ئىكەن. يولۋاس پادىشا تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپ، تۇلكىنى "بۇگۇن سېنىڭ مەشرەپ قىلىپ بېرىش نوۋىتىڭ تۇرۇپ، نىمىشكە تاماق تېپىپ كەلمىدىڭ؟" دەپ قىستاۋاتقان ئىكەن. تۇلكە:

— هەممە يەرنى ئاختۇرۇپ كەلدىم، هىچقانداق ئوزۇق ئۇچ-

— پالچىنى تۇت! — دېگەن دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن قورقۇشۇپ كەتكەن ۋەھشىي ھايۋانلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ ۋە ئىككىنچى بۇ ئەتراپقا يولۇماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇكۇز، ئۇشكە، ساغلىق قوي بۇ يەردە ئومۇرۋايەت خاتىرجەم ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن.

يېتىپ، ئاخىرى يالۋۇرۇپ:
— جان ئاكىلار، مۇندىن كېيىن سىلەرگە زادى تەگمەيمەن. سىلەر تەرەپكە بىرەر يىرتقۇچ ھاۋاننىمۇ قەدەم تاشلاتمايمەن. مېنى قويۇۋېتىڭلار! — دەپتۇ.

بۆلار يولۋاسنى راسا دۇمبالاپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ۋەدە ئېلىپ ھەيدىۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇلار بۇ جايدىكى ئولجىلارنى ئېلىپ، ئوكۇزگە ئارتىپ ئۆز جايلىرىغا قاراپ كېتىپتۇ.

بايىقى يىرتقۇچ ھايۋانلار بۆلاردىن قېچىپ بېرىپ، بىر يەرگە توپلىشىپتۇ، قورقۇنۇچلىرى بېسىلغاندىن كېيىن، شۇ ئۈچ لوق گوشتىن قاچتۇقمۇ، دەپ قاچقانلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.

ئوشكە بۆلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كورۇپلا، دەررۇ ساغلىق بىلەن ئوكۇزنى چىنارنىڭ ئۇستىگە چىقىرىۋېتىپ، ئوزى بىر پىنھا جايغا موكۇۋاپتۇ ۋە ساغلىق بىلەن ئوكۇزگە:

— ئەگەر ھېلقى يىرتقۇچ ھايۋانلار بىزنى ئىزلەپ كېلىپ تاپالماي شۇ جايدا ئولتۇرۇپ قېلىشسا، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ، ئوزەڭلەرنى چىناردىن تاشلاڭلار، — دەپتۇ.

يىرتقۇچلار بۆلارنى ئىزلەپ كېلىپ تاپالماي، چىنارنىڭ تۈۋىگە يىغىلىپ، تۈلكىگە يالۋۇرۇپتۇ:

— سەن پالچى ئىدىڭ، بىر پال ئاچقىن، ئۇلار نەگە موكتىكىن؟

تۈلكە چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ پال ئاچقىلى تۇرۇپتۇ. باشقىلىرى ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، دەل شۇ چاغدا ئوكۇز بىلەن ساغلىق ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋاقىراپ، چىنارنىڭ ئۈستىدىن ئوزلىرىنى تاشلاپتۇ. شۇ ئاردا نېرىقى تەرەپتىن:

قوزا ـ پاخلان، تىكە ـ تايلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ، قىرىپ، ئاتىنى بالىدىن، بالىنى ئاتىدىن ئايرىپ، تىنچ ـ ئامان كۈن كۆرگىلى قويمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۆرىلەرنى جاڭگىلىمىزدىن يوق قىلمىغىچە ھېچقايسىمىزغا ياخشى كۈن يوق. مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل كۆرسەڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ، قولىمىزغا قورال ـ ياراق ئالايلى، بۆرى دېگەن كاساپەتنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى جەڭ قىلايلى. قېنى، سىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

ھايۋانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ:

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ، ئېقىللىق ئاتۋاي. بۆرىلەرنى يوق قىلمىغىچە ھېچقايسىمىزغا ئامانلىق يوق. شۇنداق قىلىلى، ـ دەپتۇ.

شۇ ئارىدا ئۆچكە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— توختاڭلار جامائەت، توختاڭلار! ئۇرۇش قىلىشىمىز قىلىمىز، ئۇرۇشنى نېمە بىلەن قىلىمىز؟ قورۇق قولىمىز بىلەنمۇ؟ سىلەر بۆرىلەرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى بىلمەمسىلەر؟! ئۇنىڭ چىشىغا ئۇچراپ قالساق دۇنيادا ساق قالامدۇق. خۇدايا تۇۋۋا، دەپ شۇ جىدەلنى قويۇپ، سىڭگەن نېنىمىزنى يەيلى. ناھايىتى يىسە، بىر يىلدا بىر نەچچىمىزنى يەپ كېتەر؟ شۇ بىر نەچچە قوزا ـ تايلاقنى دەپ ئۇرۇش قىلساق، بالاغا قالىمىز، ھەممىمىز ۋەيران بولۇپ تۈگەپ كېتىمىز، ـ دەپتۇ.

ئۆچكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان باشقا ھايۋانلار بىردەم خىيالغا چۆمۈپ، دىلىغۇلدا بولۇپ قاپتۇ. بويىنى ئۇزۇن توگىمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆچكىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك ئاغزىنى ماكىلدىتىپتۇ. بۇ چاغدا ئات يەنە سۆزگە چىقىپ:

— ئۆچكىنىڭ گېپى توغرى ئەمەس. دوستلۇرۇم، بىزدە قورال

# قورقاق

بۇرۇن بۇرۇندىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن، بورى قاراقچىكەن، تۈلكە ماراقچىكەن. توخۇ داڭگالچىكەن، ئۆچكە جاڭگالچىكەن، قىرغاۋۇل جەددىكەن. قۇيرۇغى يەردىكەن. ئۈششاقۇ-چوڭ، پىششىقۇ-توڭ. توشقان بىلەن بىر كام قىرىق ئاتۇ-ئېشەك، ئۆشكە-قوي، بۇغا-مارال، توگە-تايلاق ھەممىسى بولۇپ بۇ جاڭگالدا ياشايدىكەن.

جاڭگالدىكى يۇۋاش ھايۋانلار دەريادىكى قېيىقتەك، سۇدىكى بېلىقتەك ئوينىپ-كۈلۈپ، خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يېقىن ئەتراپتا بىر توپ بورى پەيدا بولۇپ قېلىپ، ھايۋانلارنىڭ ئاقساق-چولاق، قوزا-بوتىلاق، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلىرىنى ئۈرۈپ-سوقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا ھېچبىر ئارام بەرمەپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار كېتىپ، بورىلەرنىڭ ۋەھشىلىكى ھەددىدىن ئېشىپتۇ، ھايۋانلارنىڭ غەم-قايغۇسى چېكىگە يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئات سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ-دە، جاڭگالدا ياشايدىغان جېمىكى ھايۋانلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىنى سوراپ خەت-خەۋەر ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەتتىن خەۋەر تاپقان ئۇششاق-چوڭ چارپاي ھايۋانلار تۇشمۇ-تۇشتىن بىر سورۇنغا يىغىلىپتۇ. شۇ چاغدا ئات يىغىلغانلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇرادەرلەر، بورى دېگەن خۇمپەر جاڭگىلىمىزدىكى باللارنى،

— بورىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە كىم ئەلچى بولۇپ بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېچقايسىسى جاۋاپ بەرمەپتۇ. شۇ چاغدا تاغ تېكىسى قوپۇپ:

— جاڭگىلىمىزنىڭ چېتىدىكى بىر مىچىتتە تۈلكە دەيدىغان بىر مەخلۇق بار، ئۇ خېلىدىن بۇيان تەسۋى تارتىپ، سوپىلىق قىلىۋاتىدۇ، گەپكىمۇ ئۇستا، ئۇزى ھەممىگە يېقىنلىشالايدۇ. ئەشۇ مەخلۇقنى خالىس ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتسەك، — دەپتۇ.

باشقىلار:

— سوھبەتنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرۇشقا قىرغاۋۇلمۇ بىللە بارسۇن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تۈلكە بىلەن قىرغاۋۇل بورىلەرنىڭ ئالدىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىلىپتۇ.

تۈلكە ھارامزادە بۇ تەكلىپنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىپتۇ، قانچە ئويمان — دوڭلەردىن ئۆتۈپ، بورىلەرنىڭ غارىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياۋۇز بورىگە خۇشامەت بىلەن تازىم قىلىپ تۇرۇپ پىچىرلاپتۇ:

— ھورمەتلىك بورى جاناپلىرى، "ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، جارچىغا كورۇم". مەن ئوزلىرىنىڭ خالىس قۇلىمەن. يېقىندىن بۇيان جاڭگالدىكى ھايۋانلار ئۇزلىرىگە قارشى بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، جەڭ قىلماقچى بولغان ئىكەن، پېقىر كەمىنىلىرى ئۇلارنى بۇ يامان نىيىتىدىن قايتۇرۇپ: بورىلەرگە قارشى مۇش كوتەرگەن توغرى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىككى تال خەنجەر چىشىغا ھېچقايسىڭلار تەڭ كېلەلمەيسىلەر. ئۇنىڭدىن كورە بورىلەرنىڭ پادىشاسىغا ئەرز يېزىپ، سۇلھى — توختام قىلغىنىڭلار ياخشى، دەپ مەسلىھەت بەردىم. ھەممىسى مېنىڭ گېپىمنى ماقۇل كورۇپ، بۇ خىزمەتنى ئادا قىلىشقا

يوق دىگىنى نىمىسى. بىز ھەممىمىز ئۇملۇشۇپ بىر تۇغنىڭ ئاستىغا جەم بولساق، قۇرال - ياراق دىگەن ئۆزىمىزدە بار. مانا مەن قاتتىق پۇتۇم بىلەن بورىنىڭ چىشىغا تىپىمەن. ئۇچكە ئاغىنە، سەن بىشىڭدىكى قاتتىق مۈڭگۈزۈڭ بىلەن بورىنىڭ بىقىنىغا ئۈسسۈپ قوسىغىنى تىشىسەن. ئىشەكۋاي، سىنىڭ تۈيىغىڭمۇ مىنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالتىس ھاڭرايسەن، ئاۋازىڭدىن بورىلەر قورقۇپ كىتىدۇ. توگىۋاي دوستۇم، سەنمۇ غەم قىلما، تاپىنىڭنى بىر ئاتساڭ بەش چارەك تاشنى ئاتقاندەك تىگىدۇ، بورى شۇ يەردىلا جان بىرىدۇ. باشقىلىرىڭلارنىڭمۇ ئۆزەڭلارغا لايىق قۇرال - يارىغىڭلار بار. مانا شۇ قۇراللارنى ئەپلەپ ئىشقا سالساق، ئەلۋەتتە بورىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، توپىسىنى ئاسمانغا سورىيالايمىز.

ئاتنىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن توگە "بوف! ..."دەپ سوزگە كىرىشىپتۇ:

— ئۇغۇ شۇنداق، ئاتۋاي. قاراپ باقسام ئۇچكىنىڭ گىپى ئورۇنلۇق. دۈشمەن بىلەن تەڭ بولىمىز، دەپ قان توككىچە سۇلھى قىلىپ، بىللە ئوتكىنىمىز ياخشى. بىزدىن كەتسە ناھايىتى ھەر يىلىغا بىرنەچچىلا كىچىك بالا قۇربان بولار. ئىلاجى بار ئەلچى ئەۋەتىپ، ھۇجۇم قىلماسلىققا توختام تۈزىلى، "بوف!..." دەپ گىپىنى توگىتىپتۇ.

باشقا ھايۋانلارمۇ "توگىنىڭ بويى ئىگىز، ئەقلىمۇ چوڭ"دەپ ئويلىشىپ، بورىلەر بىلەن سۇلھى - توختام تۈزۈشمەكچى بولۇپتۇ، ئاتنىڭ شۇنچە ئىيتقان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماپتۇ. ئارىدىن بىرسى چىقىپ:

بۇ خىزمەتنى ئورۇنلاشقا ئوتتۇرىدا خالىس تۈلكە ۋاستىچى بولسۇن، دېدى، — دەپتۇ.

تۈلكىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ھايۋانلار ئېغىر قايغۇ-مۇسىبەتكە چۈكۈپتۇ. شۇ چاغدا ئات مەيدانغا چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

— قېرىنداشلىرىم، سىلەر مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي، توگىنىڭ پىكرى بىلەن تۈلكىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ دۈشمەن بىلەن سۈلھىلىشىشنى تەلەپ قىلدىڭلار. ئەشۇ ئېغىر شەرت بىلەن ئەھۋالىمىز نېمە بولىدۇ؟ بۇ شەرتلەرگە كۆنۈش نەسلىمىزنى قۇرۇتۇش دېگەن گەپ ئەمەسمۇ؟ قېنى، ئەمدى نېمە دېسىلەر، دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلسا، قارشى تۇرماي قول قوشتۇرۇپ ياتىمىزمۇ؟

بۇ قېتىم توگە بىلەن ئۆچكە ئۆزىنىڭ باشتا خاتا ئويلىغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئاتنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. جاڭگالدىكى ھەممە ھايۋانلار جەم بولۇپ، بۆرىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تەييارلانماقچى بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا توشقان سەكرەپ چىقىپ:

— ئاكىلار، تۇققانلار، مەن بۇ ئىشقا قاتنىشالمايمەن. بۆرىنىڭ چىشى يامان، سىلەرنىڭ قورال-ياراقلىرىڭلار بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ چىشىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مېنىڭ تېرەممۇ نېپىز. ياق، ياق، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشالمايمەن. مەن قورقىمەن، — دەپتۇ.

توشقاننىڭ گېپىگە كىچىككىنە قوزىچاق مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

— سېنىڭ قورال-يارىغىڭ بولمىغان بىلەن ناھايىتى ياخشى يۈگۈرەلەيسەن دوستۇم، سەن بىزگە خەۋەرچى بولۇپ بەرگىن. جاڭگالنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ، بۆرىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان قىسقا ئايىغىڭ بىلەن دىكىلداپ ئۇچقاندەك خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، مانا شۇ سېنىڭ خىزمىتىڭ. بۇ، شەرەپلىك ئىش ئەمەسمۇ،

پېقىر گەمىنىلىرىنى ھۇزۇرلىرىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، ـ دەپتۇ.

بۆرىلەرنىڭ باشلىقى تۈلكىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ:

— سەنمۇ يىرتقۇچلارنىڭ بىر ئەۋلادى تۇرساڭ، قانداق قىلىپ يۇۋاش ھايۋانلارغا ۋەكىل بولۇپ كېلەلەيسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

— يوغسۇ جاناپلىرى، ئىشەنمىسىلە ئەنە دەرەخنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئۇزۇن قۇيرۇق قىرغاۋۇلدىن سوراپ باقسىلا، ـ دەپ قىرغاۋۇلنى شەرەت قىلىپ كورسىتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئاۋازىنى تېخىمۇ بوشراق چىقىرىپ، — خېلى زامانلار بولۇپ قالدى، جاناپلىرى، بېشىمغا سەللە يوگەپ، ھايۋانلارغا يېقىن يەردىكى بىر مەسچىتتە دۇئا ـ تەلەپ قىلىپ، ئىتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتىمەن، بىر كۈندە يۈز مەرتىۋە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشلىرىنى خۇدايىمدىن تىلەيمەن، ـ دەپتۇ.

بۆرىلەر بىلەن ئۇنىڭ باشلىقى تۈلكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، مۇنۇ شەرتلىرىمىزنى تولۇق قوبۇل قىلسۇن: ھەر ئايدا بىزگە 30 توگە، 30 قوي، 30 ئۆشكە، 30 ئات، 30 بۇغا، 30 توشقان... ئىشقىلىپ، جاڭگالدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەرقايسى خىلىدىن ھەر كۈنگە توغرىلاپ ھەق تولىسۇن، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالدىمىزغا ئېلىپ كېلىپ تاپشۇرسۇن. شۇنداق قىلغاندا، بىز ھۇجۇم قىلمايمىز، ئەبەدى خاتىرجەملىك بولىدۇ، بۇ پىكرىمىزنى تولۇق يەتكۈز، ـ دەپتۇ.

تۈلكە ھارامزادە بۇنى راسا پۇرسەت دەپ بىلىپتۇ ـ دە، ئوتتۇرغا بىرنى قوشۇپ، ھايۋانلارغا مۇنداق خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ:

— ھەرقايسى ھايۋانلاردىن ھەر ئېيىغا 31 دىن ھەق تولىسۇن.

كېتىپتۇ. بۇنى كورگەن قىرغاۋۇل ئۇنىڭ نەگە موكىدىغانلىغىنى كورۇۋېلىپ، ھايۋانلارغا خەۋەر قىلايچۇ دەپ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ.

تۇيۇقسىزلا ئاغزى ـ بۇرنى قان بىر ئاقساق بورىنىڭ چاتقالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كورگەن چاتقال ئىچىدىكى ھىلىقى توشقاننىڭ قورققىنىدىن كوزىگە دۇنيا قاراڭغۇ كورۇنۇپتۇ. ياۋۇز بورى چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ:

— ھىم... سەنمۇ مېنىڭ دۇشمىنىم بولسەنغۇ شەيتان. ئەمدى قولغا چۇشتۇڭمۇ؟ بۇگۇن جېمى دەرت ـ ئەلەمىمنى سەندىن ئالمىسام، توختا!... ـ دەپ دېۋەيلەپتۇ.

توشقان شۇ چاغدا كوزلىرىدىن مۇنچاق ـ مۇنچاق ياش توكۇپ:

— تەقسىر، شەپقەتلىك بورى ئاتا، مەن ئۇرۇشقا قاتناشمىدىم. سىلىگە قارشى جەڭ قىلىمىز دېگەن چاغدا "ياق، بورى پاشا ناھايىتى كۇچلۇك. سىلەرنىڭ كۇچۇڭلار يەتمەيدۇ" دېدىم، ماڭا رەھىم قىلسىلا بورى ئاتا، ـ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— رەھىم قىلسىلا؟! كىمگە؟! ئەگەر سەن مەن تەرەپتە بولغان بولساڭ، نېمىشقا ھايۋانلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئالدىن ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ دېمەك، ئەسلىدە سەنمۇ ئەشۇلار تەرەپتە!

— يوغسۇ بورى ئاتا، مەن سىلەر تەرەپتە.

— ئۇنداق بولسا، ـ دەپتۇ بورى، — مەن قىرىق كېچە، قىرىق كۇندۇز جەڭ قىلىپ ھاردىم، ئاچتىم. قېنى يېقىن كەل. مېنىڭ يارىلىرىمنى تېڭىپ، ئوزەڭ ياخشىلاپ كۇتكىن.

توشقان لاغىلداپ ـ تىترەپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي ئاخىر بورىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشقان ئىكەن، ياۋۇز بورى بىر باسماداپ تۇتۇپتۇ ـ دە، ئىككى چايناپ يۇتۇپتۇ.

توشقانجان؟

نوشقان قوزىچاقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كوزىنى راسا بىر ئالاي-تىپتۇ-دە، ئاچچىغى بىلەن بېشىنى سىلكىپ:

— ياق، ياق. مەن بارالمايمەن، بارالمايمەن. خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن دەپ ھەممىنىڭ ئالدىدا بورىنىڭ ئاغزىغا بېرىپ تۇرام-دىمەن؟ باللىرىم بار مېنىڭ، قاتناشمايمەن.—دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

باشقىلار قانچە-قانچە نەسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىمايتۇ. ھېچكىمنىڭ دېگىنىگە كونمەپتۇ. ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭ قورقانچاقلىقىغا نەپرەتلىنىپ زورلىماپتۇ.

بورىلەر كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە زەھەرى تولغان ئۆششۈك ھەرىكە ئوخشاش ۋەھشىلىگى چېكىدىن ئېشىپ، جالگالدىكى ھاي-ۋانلارغا ھۇجۇم باشلاپتۇ. ھايۋانلارمۇ بوش كەلمەپتۇ. قىرىق كېچە-كۈندۈز جەڭ بوپتۇ. جەڭ بولغاندىمۇ شۇنداق قاتتىق جەڭ بوپتىكى، هاي، هاي! "جالاقىقۇ-جۇلۇقىقۇ، ۋالاقىقۇ-ۋۇلۇق، تاراققۇ-تۇرۇققۇ، شاراققۇ-شۇرۇق..." ئۇلگەنلەر ئۇلۇپتۇ، ساق قالغانلار ساق، ئاخىر ھايۋانلار بورىلەرنىڭ بىرىنى قويماي ھەر تەرەپتىن دەسسەپ، يەنچىپ، چىشلەپ، ئۈسسۈپ، چەيلەپ، ئۆشتىدىن-پۇشتىغىچە ئۇلارنى بۇ جاڭگالغا قەدەم باسماس قىلى-ۋېتىپتۇ. توشقانباي بۇ ئاجايىپ باتۇرانە جەڭنى بىر جاڭگاللىقنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ماراپتۇ، مەيداندا ھايۋانلارنىڭ قانغا بويۇلۇپ جەڭ قىلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، كوزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ كېتىپتۇ.

ھايۋانلار غالىپ بوپتۇ، بورىلەر مەغلۇپ بوپتۇ. ئەمما بىر ئاقساق بورى ھايۋانلارنىڭ كوزىنى غەلەت قىلىپ، غىپپىدە جاڭ-گالنىڭ باشقا بىر چېتىگە قېچىپتۇ-دە، چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ

كى، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئېيتقان "ئايرىلغاننى بورى يەر" دېگەن مانا شۇ. بۇ سوز ئۆمۈر بويى ھېچقايسىمىزنىڭ يادىدىن چىقمىسۇن.- دەپتۇ.

ئۇششاق-چوڭ ھايۋانلار قىيغىل-تاغىل، ئىگىز-پەس ئاۋاز چىقىرىپ "بارىكاللا" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئىرقانچە كۆنلەر ئۆتكەندە تۆلكىلەرنىمۇ ئىزە-پىرەن قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇلار ئېپخىمۇ ئۆملۈشۈپ. ئىنچ-ئامان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

بىچارە توشقاننىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەن دەرەخ ئۈچىدىكى قىرغاۋۇل ئۇچۇپ بېرىپ، ھايۋانلارغا خەۋەر قىلماق بوپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋاتقاندا، سەللىسى چوڭگولۇپ ئالاق-جالاق قېچىپ كېتىۋاتقان تۈلكىگە ئۇچراپتۇ.

— ھە، تۈلكىۋاي، سەن نېمىشقا قاچىسەن؟ ھايۋانلار بۆرىگە قارشى جەڭ قىلىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە قورقىنىدىن ئەتراپقا قاراپ:

— ھايۋانلارنىڭ غەزىۋى چېكىگە يەتتى. "يىغىدىن يار بويى قىچ" دېگەنتى ئاڭلىمىغانمىدىڭ. بۇنداق چاغدا قايسى بۆرى، قايسى تۈلكە، ئىلغاپ تۇرمايدۇ. ئۇلارغا ھەممىسى بىر. بەش-ئون كۈن بىرەر ياققا يوشۇرۇنۇپ تۇراي دەيمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

قىرغاۋۇل تۈلكىنىڭ ھىلىسىنى قوسىغىغا پۈكۈپتۇ-دە، "خەپ تېخى، ھايۋانلارغا ئېيتىپ ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم" دەپ جاڭگال تەرىپىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ.

بۇ چاغدا ھايۋانلار چوڭ بىر مەرىكە تۈزەپ، كىم تىرىك، كىم ئۆلۈك، كىم ساق، كىم قانداق؟ سۈرۈشتۈرۈپ، دۈشمەننى يوقاتقانلىقىنىڭ خوشاللىقىدا بىر-بىرىنى تەبرىكلەپ توي قىلىۋاتقان ئىكەن.

قىرغاۋۇلدىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىچارە توشقانغا ئىچ ئاغرىتىپ قاقشىنىپتۇ، تۈلكە ھارامزادىگە نەپرەتلىنىپتۇ.

ئات سىرۋندا تەنتەنە بىلەن سۆزگە چىقىپ:

— ياخشى دوستلىرۇم، مانا كۆردۈڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ ياخشى دۈشمەننى يوق قىلدۇق. قورققان توشقان بولسا، بۆرىنىڭ قولىدا رەھىمسىز ھالاك بولدى. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويايـ-

ئېيىقۋاي، — ئەمدى قوساقنى تازا ئوبدان تويغۇزىدىغان بولدۇم". ئۇ مانا شۇنداق خىيال بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئوچۇق ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۆي ئىچىدە يوغان-يوغان ياغاچ تۇڭلار تۇرغىدەك. ئېيىقۋاي تېخىمۇ خوشال بولۇپ، تۇڭغا ئېڭىشىپ ئىچىدىكى نەرسىنى تېتىپ كورمەكچى بولغانىدا، تۇيۇق-سىز پۇتى بىر نەرسىگە تېگىپ كېتىپ، جاراڭلىغان سادا چىقىپتۇ، بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن ئېيىقۋاي مەڭدەپ كېتىپ تۇڭغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ، قارىسا، تۇڭ ئىچىدە لىقمۇ-لىق سۇ تۇرغىدەك. ئۇ، تۇڭدىن ئاران چىقىپ، سەكرەپ قاچاي دەپ تۇرۇشىغا، تەڭپۇڭلۇغىنى يوقىتىپ، يېنىدىكى ئىككىنچى تۇڭغا يىقىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېيىقۋاي قاتار تىزىلغان تۇڭلاردىن 15 — 20 دەك تۇڭغا بىر قېتىمدىن چۈشۈپ چىقىپتۇ. ئاخىرى مىڭ بالادا تۇڭلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىپتۇ-دە، بەدەنلىرى چوپ-چوپ هول، غال-غال تىترىگەن هالدا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى چاتقالنىڭ تۈۋىدە ئاچ پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، كۈن ئېچىلىپ چۈش بولاي دەپ قالغان ئىكەن. ئېيىقۋاي بەدەنلىرىگە قاراپ هەيران قاپتۇ، چۈنكى تۈكلىرى كۈن نۇرىدا 70 خىل پاقىراپ، تېرىسى غەلىتى بىر تۈسكە كىرىپ قالغان ئىكەن. ئۇ قانچە باش قاتۇرسىمۇ بۇنىڭ سەۋەبىگە يېتەلمەپتۇ. ئەسلىدە هىلىقى ئۆي بىر بوياقچىنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، ئۆزى يىقىلغان تۇڭلار بوياق چىلانغان تۇڭلار ئىكەنلىگى خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئېيىق ئويلاپ-ئويلاپ ئۆزىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ناهايىتى خوشال بوپتۇ ۋە كاللىسىغا بىر هىلە كەپتۇ: "ئەمدى مېنىڭ ئەسلىمنى هېچكىم بىلەلمەيدۇ، جاڭگالغا قايتىپ

# ”تاۋۇس ئەللەيىن“

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا بىر جاڭگالدا تۈرلۈك ھايۋاناتلار، رەڭمۇ-رەڭ، خىلمۇ-خىل قۇشلار ئىناق، خۇشال-خۇرام ياشىشىدىكەن. ئۇلارغا يولۋاس شاھلىق قىلىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ئېيىق جاڭگالدىكى جامائەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ قاپتۇ. ئۇ توپتىن بۆلۈنۈپ، ئۆزى يالغۇز ئوۋلاپ، سەيلە-تاماشا قىلىدىكەن. كۆپ ئۆتمەي بۇ ئېيىق شۇ ئەتراپتىكى كىچىكرەك بىر مەھەللىگە ئۆگىنىپ قاپتۇ، كېچىلىرى بېرىپ كىشىلەرنىڭ قوتانلىرىدىن قوي-قوزا، غاز، ئۆدەكلەرنى ئوغرىلايدىكەن، تاپالمىسا كوچىلاردىكى ئاشقان-تاشقان سۆڭەكلەرنى تېپىپ غاجىلايدىكەن، ئېيىقۋاي بۇ ئىشنى تاپقىنىغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كورەڭلەپ، ئۆزىنى ئەقىللىق، باشقىلارنى دۆت چاغلاپتۇ.

بىر كۈنى كېچىدە ئېيىقۋاي ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە مەھەللىگە كەپتۇ ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ يېگىدەك بىرەر نەرسە تاپالماپتۇ. ئاخىرى مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئۆي ئىگىلىرى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى باشقا سەۋەپمۇ، ئەيتەۋۇر، ئېيىقۋاينىڭ بۇنىڭ بىلەن ئىشى بولماپتۇ. ”نېمىدىگەن ياخشى،- دەپ ئويلاپتۇ

لېكىن بىر نەرسە دېيەلمەپتۇ. يولۋاسمۇ خاپىلىغىنى ئىچىگە يۇتۇپ گەپ قىلماپتۇ. جاڭگال ئەھلى "مېھمان"نىڭ ئاجايىپ رەڭگا-رەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ زادى قايسى جىنسقا مەنسۇپ ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ. ئەتىسى ئاران ئۇنىڭ نامىنى سوراشقا پېتىنىپتۇ.

— نامىم "تاۋۇس ئەللەيىن" بولىدۇ. ئەللەيىنلەر جىنسى ھايۋاناتلار دۇنياسىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەڭ ئالىي جىنستۇر! — دەپتۇ ئېيىق كۆرەڭلەپ.

شۇندىن باشلاپ "تاۋۇس ئەللەيىن" جاڭگالغا خوجايىن بولۇۋاپتۇ. نەتىجىدە جاڭگالنىڭ بۇرۇنقى خاتىرجەملىكى تۈگەپ، پىتنە-پاسات، جېدەل-غوغا ئاۋۇپتۇ، چۈنكى "تاۋۇس ئەللەيىن" جاڭگالدىكىلەرنى دائىم گىژ-گىژگە سالىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ خۇلقى شىر، يىلۋىز باشلىق موتىۋەرلەرگە ياقماپتۇ ۋە دىللىرىدا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك كۈچىيىپتۇ. جاڭگالدىكى باشقا كۆپلىگەن ھايۋاناتلارمۇ "تاۋۇس ئەللەيىن" كەلگەندىن باشلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىناقلىقى يوقالغانلىقى، پىتنە-پاسات كۆپىيىپ، جېدەل-ماجرانىڭ ئاۋۇغانلىقىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، "تاۋۇس ئەللەيىن" ھەممىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى "تاۋۇس ئەللەيىن" ھەددىدىن ئېشىۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ خورلۇقلىرىغا چىدىمىغان مويسىپىتلەردىن بىر قانچىسى شىر، يىلۋىزلارنى ۋەكىل قىلىپ، يولۋاس پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇلار، — ئەسلىدە بىز ناھايىتى ئىناق، تىنچ ياشاپ كەلگەن ئىدۇق. بۇ "تاۋۇس ئەللەيىن" دېگەن نەرسە كېلىپلا، ئىشلار باشقىچە بولۇپ كەتتى، تېچلىق

بارسام، ھەممە ھايۋانلار چوقۇم مەندىن قورقىدۇ. جاڭگالدىكىلەر ئەزەلدىن مېنى كۆزىگە ئىلىشمايتتى، يولۋاس، شىر، يىلۋىز دېگەنلەر مېنى دەپسەندە قىلغان ئىدى. ئەمدى ئۇلارنى راسا قورقىتىپ، ئەخمەق قىلىپ، جاڭگالنى سوراپ يېمەيمەنمۇ". ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىگە قالتىس يېقىپ كېتىپ، ئۆزىگە "تاۋۇس ئەللەيىن" دېگەن نامنى قويۇپ، كورەڭلىگەن ھالدا جاڭگاللىققا جونەپتۇ.

يولۋاس پادىشا، شىر ۋەزىر ۋە باشقا جاڭگال ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئىناق يۇرتلىرىنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلارغا ساقچىلار قويۇشقان ئىكەن. بۇ ساقچىلار ئېيىقۋايىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار بۇنداق 70 خىل رەڭدە پاقىرايدىغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى زادى كۆرمىگەن ئىكەن. ئۇلار دەرھال بۇ ئىشتىن يولۋاس، شىر باشلىق جاڭگال ئەھلىنى خەۋەردار قىپتۇ. جاڭگال ئەھلىنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپتۇ، كوڭۇللىرىگە پاراكەندىچىلىك ھەم ۋەھىمە چۈشۈپتۇ: "بىز بىلمەيدىغان بۇ مەخلۇق يامان نەرسە بولسا كېرەك، ئېھتىيات قىلغان تۈزۈك، ئۇنى ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالايلى" دېيىشىپتۇ. ئاندىن يولۋاس پادىشا ھېلىقى مەخلۇقنى جاڭگالغا مېھماندارلىققا تەكلىپ قىلىشقا باقاۋۇللارنى بۇيرۇپتۇ. باقاۋۇللار دەرھال ئېيىققا بۇ تەكلىپنى يەتكۈزۈپتۇ. ئېيىقۋاي كورەڭلەپ، ئالچاڭلاپ، گويا خوشياقمىغان قىياپەتتە جاڭگاللىققا يول ساپتۇ. ئىككى تەرەپتە تىزىلىپ قارشى ئېلىۋاتقان جاڭگال ئەھلىگە ئۇ كوز قىرىنىمۇ سالماي، غادايغان پېتى ئۇدۇل مېڭىپ، يولۋاس پادىشا ئولتۇرىدىغان تەختكە ئولتۇرۇۋاپتۇ. بۇ ئىشقا شىر، يىلۋىز باشلىق مۇتىۋەرلەر ھەيران بولۇشۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇشۇپتۇ.

كوپچىلىك: "'تاۋۇس ئەللەيىن' دېگەن ئەسلى بىر ئېيىق ئىكەنغۇ!" دەپ، ئۇنىڭ ئالدامچىلىغىدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن ئۇنىڭغا تاشلىنىپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي "تاۋۇس ئەللەيىن"نىڭ رەڭگا - رەڭ تۈكلىرى تامام يۇلۇنۇپ، بەدەنلىرى تىتما - تىتما بولۇپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ.

جاڭگالدىكى بارلىق ھايۋانلار بۇ ئاپەتنى يوقاتقىنىغا ئىنتايىن خوشال بوپتۇ. ئۇلار يېڭىۋاشتىن تىنچ ۋە ئىناق ياشاشقا باشلاپتۇ.

بۇزۇلۇپ، جېدەل-غوغا كۆپەيدى، ئۇ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماي ھەممىنى دەپسەندە قىلدى. ھەممە "تاۋۇس ئەللەيىن"دىن بىزار، لېكىن گەپ قىلالمايۋاتىدۇ. "تاۋۇس ئەللەيىن" دېگەن زادى قانداق نەرسە؟ قايسى نەسلدىن؟ نېمە مۇددىئاسى بار؟ قانداق بىلگىسى بار؟ بىز تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا 70 خىل پاقىرايدىغان رەڭگىدىن قورقۇپ، ئۇنى بېشىمىزغا كۆتىرىۋالدۇق. بۇنىڭغا بىرەر چارە قىلمىساق بولمايدۇ، - دەپتۇ. "تاۋۇس ئەللەيىن"نى جاڭگالغا تەكلىپ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، قانداق چارە قىلىشنى ئويلىنىپ يۈرگەن يولۋاس پادىشاغا بۇ مەسلىھەت ناھايىتى ماقۇل كەپتۇ. ئاخىرى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى. پادىشانىڭ بۇيرۇغى بىلەن پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ، چوڭ مەرىكە ئويۇشتۇرىدىغان، بۇ مەرد-كىدە بارلىق ھايۋاناتلار ئۆز خىلى بويىچە ئايرىلىپ، ئۆزىگە خاس ھۈنەر، ئويۇن كۆرسىتىدىغان، قايسىسى ياخشى ھۈنەر، ئويۇن كۆرسەتسە مۇكاپات ئالىدىغان چارە توختام بوپتۇ.

بۇيرۇق چىقىرىلىپ، پۈتۈن جاڭگال ئەھلى يىغىلىپ، مەرىكە باشلىنىپتۇ. مەرىكە شۇنداق قىزىپ كېتىپتۇكى، بارلىق ھايۋاناتلار ۋە قۇشلار ئۆز خىللىرى قاتارىدا ئۆزىگە خاس ئويۇنلىرىنى ئويناپ، جاڭگالنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شىر، يىلۋىز ھەتتا يولۋاس پادىشامۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆز توپلىرىغا قوشۇلۇپ ئويناپ كېتىپتۇ. "تاۋۇس ئەللەيىن" چوكچىلىق قىلىپ، چاندۇرماي ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئېيىقلار توپى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسە-تىشكە باشلىغاندا "تاۋۇس ئەللەيىن" ئۆزىنى تۇتالماي، دەرھال ئېيىقلار توپىغا قوشۇلۇپ، ھەۋەس بىلەن ئېيىقلارچە ئويناپ كېتىپتۇ.

كەلتۈرىمىز، ـ دەپتۇ.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قىرى كەكلىك ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى باشلىغىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بۇرۇنقىدىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چۈش مەزگىلى بىلەن ھەممە كەكلىكلەر ئۇۋىدىن قايتقاندا، ئارىسىدىن بىرسى ئايرىلىپ قاپتۇ. ئۇ، كۆپ ۋاقىتلاردىن بېرى: "نىمە ئۈچۈن ئاتىمىز بىزنى تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار دەيدۇ، مۇشۇنىڭدا بىر گەپ بار، 'كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر، چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە'، دەپتىكەن، تەۋەككۇل قىلىپ بىر ئۆتۈپ باقمايمۇ" دىگەن ئارزۇنى قىلىدىكەن. بۈگۈن شۇ ئارزۇسى ئۈچۈن راسا ئوبدان بىر پەيت تۇغۇلغانلىقىغا خوشال بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي، قارا تاقىقا قاراپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ...ئاخىرى قارا تاقىقا بېرىپ چۈشۈپتۇ، شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھەممە ياق ياپ ـ يېشىل، سۇ دىگەن شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان. شۇ چاغدا كەكلىك: "ھە، ئاتىمىز بىزدىن بۇ يەرلەرنى قىزغىنىپ، شۇ قىزىل تاشلىق، گىياسىز تاغدىلا ئولتۇرۇپ كەتسۇن، دەپ ئويلاپتىكەن" دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق ئۇچۇپ كېتىپ بارسا، بىر يەردە بىر ئۇچۇم قوناق چېچىلىپ تۇرغان ئىكەن. كەكلىكنىڭ نەپسى تاقىلداپ شۇ قوناققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۈگدەپ قالغان ئوۋچىنىڭ قولىدىكى يىپ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. ئوۋچى شۇنداق بېشىنى كۆتەرسە، بىر كەكلىك قىلتاقتىكى قوناقنى يەۋاتقىدەك. ئوۋچى يىپنى بىر تارتقان ئىكەن، كەكلىكنىڭ ئىككىلا پۇتى قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا ھىلىقى تاغدىكى كەكلىكلەر چۇرىدىشىپ ئولتۇرۇپ،

# كەكلىكلەر

ئۆتكەن زاماندا ئاق تاغنىڭ ئالدىدا، قارا تاغنىڭ كەينىدە بىر توپ كەكلىك بەك ئىناق ياشىغان ئىكەن. ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ قېرى باشلىغىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىكەن.

كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلاردىن ئايلار ئۆتۈپ، قېرى باشلىق بىر كۈنى ھەممە كەكلىكلەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىپتۇ ۋە ئۇلارغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ:

— باللىرىم، بىز بەك ياخشى ياشاپ كەلگەن ئىدۇق، بىر-بىرىمىزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغانىدۇق. مانا كورۇپ تۇرۇپسىلەر، بىزنىڭ ئارىمىزدا تا مۇشۇ كۈنگىچە يا ئۇرۇش-تالاش، يا رەنجىش ئاداۋەت ساقلاش دېگەن نەرسىلەر كورۈلمىدى. ئەمدى مېنىڭ ئىككى پۇتۇم گورگە ساڭگىلاپ قالدى. مۇبادا ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، سىلەرگە ئېيتىپ قويىدىغان ئىككى ۋەسىيىتىم بار:

بىرىنچى، دائىم ئىناق ياشاڭلار، ئۇرۇشماڭلار، باشلىغىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىڭلار.

ئىككىنچى، مۇشۇ كورۇنگەن قارا تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمەڭلار، ئەگەر بەك ئۆتكۈڭلار كېلىپ كەتسە، ھەممەڭلار بىللە ئۆتۈڭلار!

قېرى باشلىقنىڭ سوزىنى ئاڭلىغان كەكلىكلەر:

— خاتىرجەم بولۇڭ. ئاتا، دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىجا

چىقايلى، ــ دەپتۇ.

دىگەندەك ھەممىسى گۈرۈلدەپ كېلىپ قىلتاقتا ئۇزلىرىنى ئۇرۇپتۇ. قىلتاقنى كەكلىكلەر بىلەن بىللىلا چىشلىرىدا چىشلەپ، ئاسمانغا كۆتىرىپ چىقىپ كېتىپتۇ... بۇلارنى كورگەن ئۇۋچىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ... بىر ھازادىن كېيىن كەكلىكلەر ئۇزلىرىنىڭ ماكانلىرىغا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدىكى يىپلارنى چىشلىرى بىلەن قىيىپ ئۈزۈپتۇ ۋە قالغان ئومرىنى ھەممىسى بىرلىكتە خەتەرسىز، ئىناق ئوتكۈزۈپتۇ.

بىر - بىرىنى ساناشقا كىرىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر كەكلىك يوق. ئاخىرى بۇلار شۇ كەكلىكنى ئىزلەش ئۈچۈن يەنە بىر كەكلىكنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇمۇ بۇرۇنقى كەكلىك ئۇچقان يوللاردىن ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ قارىسا، ھېلىقى كەكلىك پوكىنىنى يەرگە يېقىپ ياتقىدەك. ئالدىدا قوناقلار چېچىلىپ تۇرغۇدەك. ھېلىقى ئىزلەپ كەلگەن كەكلىك: "ھە، بۇ قوسۇغىنى كوپ تويغىزىۋېتىپ، ئۇچالماي قاپتۇ - دە" دەپ ئويلاپ، كەكلىكنىڭ قېشىغا چۈشۈپ، تېچلىقمۇ سوراشماي، چېچىلىپ كەتكەن قوناقلارنى تېرىپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كورگەن ئۇۋچى: "ھە، يەنە بىرىنى تۇتىدىغان بولدۇم،" دەپ خوشال بولۇپ، قىلتاقنى بىر تارتىپتىكەن، بۇ كەكلىك- نىڭ پۇتىمۇ قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ... ئۇۋچى ئىككىنى بەرگەن خۇدا ئۇچىنىمۇ بېرەر، دەپ يېپىنى يەنە تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىككى كەكلىك ئوزىنى ئۇ ياق - بۇ ياققا تاشلاپ بېقىپتۇ، قىلتاقتىن ھېچ قۇتۇلالماپتۇ.

كۈن ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئىككىلا كەكلىكتىن خەۋەر ئالالمىغان كەكلىكلەر ئاخىرى بۇلارنى تېپىش كويىغا چۈشۈپتۇ، ئۇلار قېرى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى يادىغا كەلتۈرۈپ. بىرلىكتە ئاسمانغا كوتىرىلىپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ كېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىككىلا كەكلىك دانلاپ تۇرغان.... ئۇلار بىرئاز پەسلەپ ئۇچۇپ كورسە ئەھۋال راست شۇنداق. بۇ بىر توپ كەكلىكلەرنى كورگەن ئۇۋچى قىن - قىنىغا پاتماي يۈرەكلىرى دۈكۈلدەپ كېتىپتۇ. كەكلىكلەرنىڭ باشلىقى شۇ چاغدا:

— بۇلار قىلتاققا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەممىمىز بىر يوللا ئوزىمىزنى قىلتاققا ئاتايلى - دە، ئىككىسىنى قىلتاقلىرى بىلەن كوتىرىپ

# يولۋاس بىلەن توشقان

ئاۋىلنىڭ ئاۋىلىسىدا، زامانىلارنىڭ زامانىسىدا، زامانە زورنىڭ ئىكەن، تاماشا كورنىڭ ئىكەن، يولۋاس سوراقچىكەن، بورى قاراقچىكەن، تۈلكە ياللاقچىكەن.

شۇ زامانىلارنىڭ بىر جاڭگىلىدا يولۋاس پادىشا ئالدىغا ئۇچرىغانلا هايۋان-جانىۋارلارنى يەپ، جاڭگالغا ناهايىتى ئەندىشە سېلىۋەرگەندىن كېيىن، باشقا هايۋان-جانىۋارلار مەسلىهەتكە كېلىپ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ. ۋەكىل توققۇز تازىم بىلەن، مىڭ قىيىن مۇشەققەتتە بولۇنغان مەسلىهەتنى بايان قىپتۇ:

جانابى پادىشاهى ئالەم، بۇرۇن جاناپلىرى ئۇزۇقلىنىش ئۈچۈن، ئوۋ ئوۋلاپ ناهايىتى ئاۋارە بولدىلا. جاناپلىرىنىڭ بۇ ئاۋارىگەرچىلىكلىرىگە جاڭگالدىكى بارلىق هايۋان-جانىۋارلارنىڭ كوزىمىز يېتىپ، مۇندىن كېيىن پادىشا ئۆزىنى ئاۋارە قىلمىسا، بىز ئۆزىمىز نوۋەت بىلەن هوزۇرلىرىغا كېلىپ تاماق بولساق، دىگەن مەسلىهەتكە كېلىپ، ئاخىرىدا، جاناپلىرىنىڭ ئالدىدىن بىر ئوتۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلار مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى.

يولۋاس پادىشا بۇ مەسلىهەتنى ماقۇل كورۇپتۇ: قىلىنغان ۋەدە بويىچە هايۋان-جانىۋارلار هەركۈنى بىردىن كېلىپ يولۋاسقا تاماق بولۇپ تۇرۇپتۇ.

# تۇلكىنىڭ تەقسىماتى

يولۋاس، بورى، تۇلكە ئۇچى كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كىيىكنى تۇتۇپتۇ. ئۇنى قانداق يېيىش ئۇستىدە گەپ بولغاندا يولۋاس بورىگە:

— بۇ ئولجىلارنى سەن تەقسىم قىل! - دەپ بۇيرۇپتۇ.

— ماقۇل، - دەپتۇ بورى، — توشقان كىچىك جانىۋار ئىكەن، ئۇنى ئۇز ھالىغا قاراپ تۇلكە يىسۇن، قىرغاۋۇلنى مەن يەي. جاناپلىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن كىيىكنى يىسىلە!

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىغىدا بەس كىلەلمەي بورىنى بىر ئۇرۇپتىكەن، بورىنىڭ بىر كوزى چاچراپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاندىن يولۋاس تۇلكىگە:

— سەن تەقسىم قىلىپ باققىنا! - دەپتۇ.

— خوپ بولىدۇ، - دەپ تەقسىماتقا كىرىشىپتۇ تۇلكە، — توشقان جاناپلىرىنىڭ ناشتىلىغى بولسۇن، قىرغاۋۇل چۇشلۇكلىرى بولسۇن، كىيىك كەچلىك تاماقلىرى بولسۇن. جاناپلىرىدىن ئاشقىنىنى بىر يەيلى، بولمىسا مەيلى.

تۇلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك يېقىپ كېتىپتۇ-دە، تۇلكىدىن:

— مۇنداق توغرا تەقسىم قىلىشنى سەن نەدىن ئۇگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۇلكە دەررۇلا:

— بورىنىڭ چاچراپ چىققان كوزىدىن ئۇگەندىم، تەقسىر! - دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ـ مانا تەقسىر، مۇشۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. ئەنە تۇردۇ ئۇزى. يېنىدا ھېلىقى توشقانمۇ بار. تېخى ماڭمۇ ئېتىلماقچى بولىۋاتىدۇ، ـ دەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىنى كۆرسىتىپتۇ.

يولۋاس قۇدۇقنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەم يېنىدىكى توشقاننىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ. يولۋاس تەرىنى تۈرۈپ، چىشلىرىنى ھىجايتسا، قۇدۇقتىكى شولىسىمۇ شۇنداق قىلىۋاتقان. بۇ ئەھۋالغا چىدالمىغان يولۋاس ئاچچىقىغا پايلىماي ئۆزىنى بىر ئېتىپتۇ ـ دە، قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، توكۇر توشقاننىڭ تاپقان ئامالى بىلەن جاڭگالدىكى باشقا ھايۋان ـ جانىۋارلارمۇ يولۋاستىن قۇتۇلۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە نۆۋەت بىر توكۇر توشقانغا كەپتۇ. توشقان قانداق قىلىپ بولمىسۇن يولۋاسنى بىر پالاكەتكە ئۇچرىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، كوڭلىگە بىر ئوي پۈكۈپتۇ، يولۋاسنىڭ ئالدىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكسۇرەك كەپتۇ.

يولۋاسنىڭ ناھايىتى ئاچچىغى كېلىپ:

— نىمىشقا ۋاقچە قالدىڭ ئاۋاق؟ — دەپ غەزەپ بىلەن ۋاقىراپتۇ.

— كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ توشقان، — جاناپلىرىنى مۇنچىۋالا كۈتتۈرۈپ قويۇشقا مېنىڭ جېنىم ئون ئەمەس. جاناپلىرى كورۇپ تۇرۇپتىلا، مەن بولسام. راستىلا، بىر ئاۋاق، بىر كۈنلۈك تاماقلىرى ئۈچۈن ئازلىق قىلمەس، شۇ يەرلىرىنى ئويلاپ خىجالەت بولۇپ، ئاخىرى بىر تۇققۇنۇمنى بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتىم، يولدا ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر يولۋاس ئالدىمىزنى توساپ بەك ئاۋارىچىلىققا سالدى. بىز قۇتۇلۇشنىڭ ھېچبىر ئامالىنى قىلالمىدۇق، ئاخىرى، ئۇ يولۋاس مەن بىلەن بىللە كېلىۋاتقان تۇققۇنۇمنى تۇتۇۋالدى. مېنىڭ بىر پۈتۈمنى ناكا قىلدى. مەن مانا مۇشۇ سەۋەپتىن كېچىكتىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزەممۇ مىسلىك بىر خىجالەت.

يولۋاس بۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— كىم ئىكەن ئۇ، مېنىڭ رىسقىمغا چاڭگال سالىدىغان؟! جۈر، مېنى شۇنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپارغىن! — دەپ، ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي، توشقاننى ئالدىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. يولۋاسنىڭ بۇ پەيلى توشقاننىڭ كوڭلىگە پۈككەن مەقسىدىگە بەك ئەپ كەپتۇ — دە، يولۋاسنى ئەگەشتۈرۈپ بىر قۇدۇقنىڭ قېشىغا ئەكەپتۇ.

سوراپتۇ.

— ئەخمەق، — دەپتۇ چاشقان، — دىخان بۇغداينى ھەمىشە ساقلاپ ياتامدۇ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە نويمۇ - نوي يۈرۈپ ياخشى نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرىمەن. خالىسام قىرقىيمەن. خالىسام تېشىمەن. ياز بويى ئېتىزلىقلاردىن ئاشلىق يىغىمەن. قىش بويى ئۇۋىدا يېتىپ يەيمەن. ھازىر مېنىڭ ئامبىرىمدا قانچىلىك ئاشلىقىم بارلىقىنى كۆرگەن بولساڭ، باتۇرلىقىمغا ھەيران قالاتتىڭ.

پاقا چاشقاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ياق چاشقانباي، مەن سەندەك "باتۇر"مۇ ئەمەس، ئۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن. پاشا - چىۋىنلىرىم كىچىك بولسىمۇ، قانائەت قىلىپ، ھالال ئەمگەك بىلەن كۈن كەچۈرگىنىم ياخشى. — دەپ چاككىدە ئاغزىنى ئېچىپتۇ - دە، بىر چىۋىننى تۇتۇپتۇ.

چاشقان تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ئەخمەق، قۇدۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ، ئالەم مۇشۇ، دەيسەن، ھېچ نەرسىنى بىلمەيسەن. ئەگەر مېنىڭ كەينىمگە كىرسەڭ، نى - نى ئايۋان - سارايلارغا باشلاپ بېرىپ، نەچچە يىل يېتىپ يېسەڭ تۈگىمىگىدەك پاشا - چىۋىننىڭ ئۇۋىسىنى كۆرسىتىپ قوييمەن.

ئاقكۆڭۈل، ساددا پاقا چاشقاننىڭ گېپىدىن بېشى ئايلىنىپ: "مەيلى، چاشقان دېگەن كۆپنى كۆرگەن، مانا قارىغاندا جىق نەرسىنى بىلىدىغان نېمىسىغۇ" دەپ ئويلاپتۇ - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق دوست بولۇپتۇ. كېيىنچە چاشقاننى پىر — ئۇستاز تۇتۇپ تەلىم ئالىدىغان بوپتۇ. ئۇلار شۇ خىلدا بىر قانچە ۋاقىت بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، پات - پات مۇڭدىشىپ تۇرۇپتۇ.

# پاقا بىلەن چاشقان

سازلىق كولدە بىر چا پاقا، كول يېنىدىكى ئەسكى تامنىڭ تېگىدە بىر قېرى چاشقان ياشايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە چا پاقا كول بويىغا چىقىپ ئۆزىنى ئاپتاپقا قاخلاپ، پاشا، چىۋىن، كۆمۈتا تۇتۇپ يەپ ئولتۇرسا، بىر قېرى چاشقان كامىرىدىن چىقىپ، ئاستا چا پاقىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم پاقىجان، نىمە قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟

ۋاي چاشقانباي، نىمە قىلىپ يۈرەتتىم، ئاتامنىڭ كەسپىنى قىلىۋاتىمەن، — دەپتۇ پاقا.

چاشقان پاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

— بەللى، راسا ئەخمەق نەرسىسەن-دە، شۇمۇ كەسىپ بولدىمۇ، "توگىنى چوچەكتە سۇغارغاندەك"، شۇنچىلا بويۇڭ بىلەن پاشا، كۆمۈتا تۇتۇپ، قوۋزۇڭ تولغىدەك بىر نىمە كورمەي جاپا تارتقىنىڭ نىمىسى؟ مەندەك قىلساڭ بولماسمىدى؟ مانا قارا، مۇشۇ ئېتىزلار-دىكى جىمى بۇغدايلار مېنىڭكى، — دەپ راسا پىشىپ كېلىۋاتقان بۇغداي ئېتىزلىرىنى كورستىپتۇ.

پاقا چاشقاننىڭ گېپىگە ھەيران قېلىپ:

— گېپىڭنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم، چاشقانباي. بۇ بۇغدايلار دىخاننىڭ ئەمەسمىدى، قانداق قىلىپ مېنىڭ دەيسەن؟ — دەپ

بىر كۈنى چۈشلۈك فىزادىن كېيىن، ھەممە لىنچ ئۇيقىغا كەتكەندە، چاشقان كامىرىدىن چىقىپ كىچىككىنە بىر پارچە ئېتىزدىكى بۇغدايلارغا قاراپ:

—بەللى، زەپ ئوخشاپتىغۇ بۇ ئاشلىقلار، قىش بويى يەيدىغان ئوزۇغۇم مۇشۇ ئاش بىلەن پۈتىدىغان بولدى، — دەپ كوزىگە قان تولۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن دېخاننىڭ باغلاپ قويغان بۇغداي ئەنجۈلىرىگە قاراپ شامالدەك يۈگرەپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئەسكى تامنىڭ ئۈستىدە بىر قاغا ئولتارغان ئىكەن، ئۇقتەك ئۈچۈپ چۈشۈپ چاشقاننى ئالغان پېتى ئاسمانغا كوتۈرۈلۈپتۇ. قاغا يۇقۇرى ئورلىگەنسېرى چاشقاننىڭ پۇتىغا چېگىلگەن يىپنىڭ ئىككىنچى ئۇچىدىكى پاقمۇ كولدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ مۇئەللەق ئېسىلىپ مېڭىپتۇ. قاغا قانچە-قانچە يەرلەردىن ئۇچۇپ، تاغ-ئېدىرلارنى كېزىپ، شەھەرنىڭ ئۈستىدىنمۇ ئوتۇپتۇ. ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغان خەلق بۇ ئاجايىپ ھادىسىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئاسماندا مۇئەللەق ئېسىلىپ قالغان پاقا:

—خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، "قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى" دېگەن مۇشۇ. ئاتا-بوۋامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك گېپىنى قولاققا ئالماي، بىخۇتلۇق قىلىپ، مەككار چاشقان بىلەن ئاپاق-چاپاق دوست بولغاننىڭ جازىسىنى تارتتىم، — دەپ نالە-پەرياد قىلىپ ۋاقىراپتۇ. ئاسمانغا قاراپ تۇرغان خالايىقنىڭ بەزىلىرى:

—پاقىنىڭ گېپى توغرا، ئۇنىڭدا ئەيىب يوق، — دېسە، بەزىلىرى:

—ياق، چاشقاننىڭ يامانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە چاشقان پاقىغا يول كورسىتىپ، ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە، ئامبىرىنىڭ ئاشلىق ساقلىرىغا ئېلىپ كىرىپ يۈرۈپتۇ. كىرمىگەن ئۆيى، ئاتلىمىغان بوسۇغىسى قالماپتۇ. ھەتتا بىر كۈنى پاقىنى چوڭ يولغا باشلاپ چىققان ئىكەن، پاقا مال-ۋارانىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ ئۆلگىلى تاس قاپتۇ.

ئەنە شۇ يۇسۇندا كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. پاقا بىلەن چاشقاننىڭ ئولتۇراق جايلىرى باشقا-باشقا يەردە بولغاچقا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشالمايدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن، بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان چاشقان پاقىغا مۇنداق مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— دوستۇم پاقىجان، مەن سېنى بىردەم كورمىسەم تۇرالمايمەن، سەنمۇ مېنى بىردەم كورمىسەڭ چىدالمايسەن. مەن قۇرۇق يەردە ياشايدىكەنمەن، سەن بولساڭ سۇدا ياشايدىكەنسەن. بەزى كۈنلىرى كورگۈم كېلىپ ئىزلەپ كەلسەم تاپالماي كېتىدىكەنمەن. شۇڭا مەن بىر غالتەك يىپ ئېلىپ كېلەي، بىر ئۇچىنى سەن پۇتۇڭغا باغلىغىن، بىر ئۇچىنى مەن پۇتۇمغا باغلاي. قاچان بىر-بىرىمىزنى كورگىمىز كەلسە، يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تىپىشايلى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ مېنىڭ ساڭا ئۆگىتىدىغان جىق ھۈنەرلىرىم بار تېخى، - دەپتۇ. پاقىمۇ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل كەپتۇ.

چاشقان كامىرىدا يېتىپ: "مېنىڭ پاقا بىلەن دوست بولغىنىم ياخشى بولدى. ۋاقتانى-ۋاق كېلىپ، مېنى ئاشلىق ئوغۇرلايدۇ دەپ تۇتۇۋالغىدەك بولسا، پاقىنى كورسىتىپ قويىمەن-دە، پۇتۇمدىكى يىپنىڭ ئۇچىنى قىرقىۋېتىپ، كامىرىمغا يوشۇرۇنىمەن. يىپ بويلاپ بېرىپ پاقىنى نېمە قىلسا مەيلى" دەپ ئويلىنىپ، ئىچىدىن خوشال بوپتۇ.

## تۈزىتىش

كىرىش سۆزىنىڭ 2 ـ بەت 4 ـ قۇرىدىكى «ئەسەرلە-رىگە خەلق چۆچەكلىرىنى كىرگۈزگەن» دىگەن جۈملە-نى «ئەسەرلىرىدە خەلق چۆچەكلىرىدىن پايدىلانغان» دەپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن دوست بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىمۇ گەپ بار، ـ دەپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈپتۇ. ئاقىۋەت قاغا شەھەرنى ئايلىنىپ ئۇتۇپ، چەترەك بىر جايدا دەرەخقە قونۇپتۇ ـ دە، چاشقانغا تۇتۇش قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا يىپقا ئېسىلىپ، دەرەخ تۈۋىدە ساڭگىلاپ تۇرغان پاقىنى كورگەن دىخان، ئاستا بېرىپ يىپنىڭ ئۇچىدىن پاقىنى ئاجرىتىۋېلىپ، "هەي نادان پاقا" دەپ كول بويىغا قويۇپ بېرىپتۇ.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىۋجيەن


维吾尔民间故事

（维吾尔文）

阿不里米提萨得克编

新疆人民出版社出版

新疆新华书店发行

民族印刷厂排版

新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米32开本 11 1/4印张

79年8月第1版 1980年4月第1次印刷

印数：1—100.000

统一书号：M10098.301 定价：0.64元